# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى
شى ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**新疆文史资料选辑（3）**
维吾尔文
中国人民政治协商会议新疆维吾尔
自治区委员会文史资料研究委员会编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放路306号)
新疆新华书店发行　新疆工学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 9 1/4 印张
1981年 5月第1版　1981年 5月第1次印刷
印数：1——12,000

---

统一书号：　MI1098.82　定价：0.53元
(内部发行)

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

(3)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ سانائەت شۇيۈەنى باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098·82
باھاسى : 0.53 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

# مۇندەرىجە

تەھرىردىن...
«شىنجاڭ پادىشاسى» شېڭ شىسەي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ......... لاۋداۋخېڭ (1)
تۇرسۇن تەرجىمىسى
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭ گېزىتى ......... لى فەنچۈن (38)
ئابدۇقادىر تەرجىمىسى
1932 - 1934 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمە
......... جاڭ باۋشىن (67)
تۇرسۇن تەرجىمىسى
مەنخەنۋاڭ ۋە دوخوفو ......... توگباۋ (87)
ت. سايرامى تەرجىمىسى
تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشى ......... سۇڭشىلىيەن (107)
ت. سايرامى تەرجىمىسى
«تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسى» توغرىسىدا ......... لى فەنچۈن (144)
ت. سايرامى تەرجىمىسى

چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا فىرمىلىرى ...... تۇڭباۋ (150)
ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا ...... خېۋدىر تومۇر (180)
جاڭ پېيۈەننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...... ۋاڭ ئېنرۇڭ (207)
خ. ت. تەرجىمىسى
شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات قىلىنىش يولىغا باشلىنىشى ...... تاۋشىيۇي (231)
ئابلىمىت تەرجىمىسى
1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ۋاقتىدا كۆرگەنلىرىم ...... ليۇشىلۇڭ (251)
ئابلىمىت تەرجىمىسى

# تەھرىردىن

تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدا، 1959 - يىل 4 - ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ئۆتكۈزگەن 60 ياشتىن يۇقىرى ئەزالارنىڭ چاي - زىياپىتىدە، قەدىردان جوۋزۇڭلى مۇنداق دېگەن ئىدى: ۋۇشۇي يىلىدىن بۇيان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ھېساپلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن خاتىرىلەپ ئېلىش كېرەك»، «كېيىنكىلەرگە كونا يىلتىزىنى بىلدۈرۈپ، تارىخ تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيال سۈپىتىدە تەمىنلەش كېرەك».

جوۋزۇڭلىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە، تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1965 - يىلى 3 - ئايدا جوۋزۇڭلى يەنە: «تارىخىي ماتېرىياللار توغرا يۆنىلىشكە ئىگە بولۇشى، راستچىل بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىشى كېرەك»، «ماتېرىياللارنى تارىخ تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى ماتېرىيالى قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

جوۋزۇڭلىنىڭ يوليورۇقى — بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ فاڭجېنى، تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بۇ خىزمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي خاراكتېرلىق كەسپىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى جوۋزۇڭلىنىڭ چاقىرىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا 1961 - يىلى

باھالاندى. 1979 - يىلى «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»نى تەھرىرلەش، نەشىر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشتۇق. بۇ كىتاپ ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە نەزەرىيە خىزمىتى خادىملىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. لېكىن بۇ ماتېرىيال بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى پايدىلىنىشقا بولىدۇ. راستچىل بولسۇن ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردىن، ئايرىملىرىدا ئوچۇق كۆرۈلگەن خاتالىقلار تۈزىتىپ قويۇلغاندىن تاشقىرى، ئىمكان قەدەر ئاپتورنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىندى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى يولداشلار ئوقۇغاندىن كېيىن، قىسمەن ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بولۇپ، بەزى سوئاللارنى قويۇشقا سەۋەبچى بولدۇق.

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ نامىدىنلا مەزمۇنى چىقىپ تۇرىدۇ. يېزىلغىنى ماتېرىيال، ھەرگىز تارىخىي يەكۈن ئەمەس. تارىخ ئىلمى بىر تۈرلۈك پەن بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نۇقتىئى - نەزەرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن مىقداردىكى ئىجابى - سەلبى جەھەتتىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىتا، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىش، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ راستىنى قالدۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن ئوبىكتىپ تارىخىي قانۇنىيەتنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تارىخىي ماتېرىياللار تارىخ ئىلمىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا تارىخ تەتقىق قىلىشتىكى تۈنجى ماتېرىيال. تارىخ بولىدىكەن، مەلۇم تارىخىي ۋەقەلىك، مەلۇم تارىخىي ئەرباپلارنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا بايان قىلىدۇ ياكى ئەسلەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى: تارىخىي فاكىتلار تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش ئارقىلىق تارىخنىڭ ئىچكى ئەھۋالى يېشىپ بېرىلىدۇ. شەخسلەردە چەكلىمە بولغىنى ئۈچۈن شۇنداقلا شۇ شەخسنىڭ ئاساس قىلغان نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغانلىقىنى قوشقاندا، مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقەگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلار ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى ماتېرىياللار، بەزىدە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى، ۋە ئىزدىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر 40 يىلغا يېقىن جەريان ئۆتتى. بۇ تارىخىي دەۋرىدە تارىخىي ئۆزگۈرۈشلەر كەسكىن، كۈرەشلەر چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولدى، ھازىرغا قەدەر بۇ تارىخنى ياخشىراق تەتقىق قىلالمىدۇق. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىسىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بەك ئاز، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانمۇ ماتېرىيال توپلاشقا يېتەرلىك دىققەت قىلىنمىدى: شۇڭلاشقا شىنجاڭدا تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور. بۇ خىزمەتكە قارىتا بىزنىڭ مەقسىدىمىز «قۇتقۇزۇۋېلىش» سەۋىيىسىدە تۇرۇپ بىرىنچى قوللۇق، ئىككىنچى قوللۇق ھەتتا ئۈچىنچى قوللۇق ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن قېزىش ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك توپلاشتىن ئىبارەت.

ئىلىم پەندە چەكلەنگەن رايون بولمايدۇ، تارىخ ئىلمى-

ئىشىنى چەكلەنگەن رايون بولماسلىقى كېرەك. تارىخىي ماتېرىيال-لاردا تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ماقالىلىرى ئالدى بىلەن راستچىل - كونكرېت بولۇشى لازىم. ھەر قانداق تارىخىي ۋەقەلىك ۋە تارىخىي ئەرباپلارنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋې-تىش ۋە كىچىكلىتىۋېتىش توغرا ئەمەس، «شامالغا قاراپ تارىخ-نى ئۆزگەرتىش»كە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلارنىڭ ئۆزگۈ-رۈش سەۋەبىدىن تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بەزەنلىرىنى يۇقۇرىغا كوتۇ-رۈۋېتىش بەزەنلىرىنى قەستەن تۆۋەنلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك.

تارىختىن خەۋىرى بارلاردىن بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەردىن: مەركەزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى قانات ياي-دۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قىزغىنلىق بىلەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشى، يۈرەكامىك يېزىشى، ئىدى-يىنى ئازات قىلىش، ۋە چەكلەنگەن رايونلەرنى بۇزۇپ تاشلى-شىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەۋەتىلگەن ماتېرىياللار راست، كونكرېت، ھەقىقى، ئەمەلى بولسىلا كىپايە قىلىدۇ. تېمىغا چەكلىمە قويمايمىز. تارىخىي ماتېرى-يالىستىك كوز قاراش بويىچە ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش كېرەك.

كەسپى سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىن ماقالىلارنى تاللاش داۋامىدا كەمچىلىك خاتالىقلاردىن خالى بولالمىدۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزۈتۈپ قويۇشىنى سورايمىز. توپلامدىكى ۋەقەلىكتە ئوخشاشماسلىق جايلىرى بولسا خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈشىنى ۋە تولۇقلاپ يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

# «شىنجاڭ پادىشاسى» شىڭ شىسەي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

لاۋداۋخېڭ

شىڭ شىسەي - لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ پومىشچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئاكا- ئۇكا جەمئىي 5 ئوغۇل ئىدى. ئۇ ئۈچىنچى ئوغۇل بولۇپ، بىرىنچى ئىنىسى شىڭ شىيىڭ، ئىككىنچى ئىنىسى شىڭ شىجيې (دېخانچىلىق قىلاتتى)، ئۈچىنچى ئىنىسى، شىڭ شىچى، بۇ ياپونىيىگە بېرىپ جەڭچى- ئوفىتسېر-لار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. 1933 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسى مۇھاپىزەتچى قوشۇنلار تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى بولغان. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان. تۆتىنچى ئىنىسى شىڭ شىجى ياپونىيىگە بارغان بولسىمۇ رەسمى مەكتەپكە كىرمە-گەن. 1935 - يىلى شىڭ شىسەي پۈتۈن ئائىلىسى (4 ئىنىسى، ئاتا - ئانىسى، سىڭلىسى شىڭ شىتوڭلار) بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن.

شىڭ شىسەي، تەخەللۇسى جىنيۇڭ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋ-گۇەن ھەربى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇنى باۋدىڭ قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن دېيدۇ. بۇ (راۋايەت) گوسۇڭلىننىڭ قارمىقىدا لىيەنجاڭ بولغان ۋە گوسۇڭلى-

ىنىڭ قارمىقىدىكى تۆەنجاڭ چېۋزۇگجۇڭگە يېقىپ قالغان. چېۋزۇگ-
جۇڭنىڭ خوتۇنى ئىككىنچى قىزى چېۋيۇيفاڭنى شىڭشىسەيگە
بەرگەن ئىدى. گوسۇڭلىن شىڭشىسەينى تەربىيەلەپ، كېلەچەكتە
چوڭراق ئىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوقۇش راسخودى تو-
لەپ، ياپونىيەگە ئەۋەتىپ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر داشۆيسىگە
كىرگۈزى.

گوسۇڭلىن جاڭزولىنغا قارشى چىقىپ مەغلۇپ بولغاندىن
كېيىن، شىڭشىسەي «ئوقۇش راسخودۇم يوق» دېگەن بانا
بىلەن، گوسۇڭلىندىن يۈز ئۆرۈپ جياڭجيېشىنىڭ ئوقۇش ياردەم
پۇلى بېرىشىگە ئېرىشەۋالدى. چۈنكى شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ ياپون-
يىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىدىن قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر داشۆيسىگە
كىرگەنلەر ئاران 3 كىشى بولۇپ، بىرى ياڭجيې، جياڭجيېشىنىڭ
سەنمۇلار شتاۋىدا خىزمەت ئۆتىگەن؛ بىرى ۋاڭشۇچاڭ، خېبېي
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان؛ ئۈچۈنچىسى شىڭشىسەي
ئىدى. جياڭجيېشىنىڭ بۇلارغا كۆزى چۈشۈپ، ئوقۇش پۇلى
بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بۇنى ئۆزىگە باغلىۋالدى.

1925 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كەيۈەن ناھىيىسىدىن يا-
پونىيەگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلار 10 دىن ئېشىپ قالدى، بۇلار: شۈي لىيەن،
كېيىن ئىسمىنى شۈيبودا قىلىپ ئۆزگەرتىۋالغان، خې يۇجۇ، كېيىن
ئىسمىنى خې گېڭگۇاڭ دەپ ئۆزگەرتىۋالغان، چىڭ چېمىن، كېيىن ئىس-
مىنى چىڭدۇڭبېي دەپ ئۆزگەرتىۋالغان، ۋاڭلىسى كېيىن
ۋاڭ نەيچۇڭ دەپ ئۆزگەرتىۋالغان، سۇڭفۇياۋ ئىسمىنى كېيىن
سۇڭ نيەنسى دەپ ئۆزگەرتىۋالغان، كاڭبىڭلىن كېيىن ئىسمىنى
كاڭمىڭيۈەن دەپ ئۆزگەرتىۋالغان، ۋاڭيەنلىڭ، گوشىياڭ، لاڭداۋ-



خۇڭلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن تاشقىرى ۋاڭلىيەنگۈي (شىڭشىسەينىڭ
رۇخسىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. كېيىن شىڭشىسەينىڭ
ئەشپىيونى بولۇپ كەتتى) بىلەن يەنە بىر كىشى (ئىسمى ئېسىمدىن
كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، شىنجاڭغا كەلمىگەن) قاتارلىقلار بار ئىدى. شىڭ
شىسەي گوسۇڭلىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قەستەن
جاڭشۆلياڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇ جاڭ شۆلياڭنىڭ
ياپونىيىدىكى ياللانما تەشكىلاتى - ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لياۋنىڭ-
لىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تۇڭزە» كلۇبىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن،
ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان كەيۈەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ
يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئۆزى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى
بولىۋالدى، چۈنكى شىڭشىسەينىڭ خوتۇنى بولغانلىقى
ئۈچۈن (چېۋيۇفاڭ ياپونىيە داشۆيسىدە ئوقۇيتتى)
ياپونىيىدە ئازادە بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى بۇ
ئۆي غىزا - تاماق قىلىشتىن تاشقىرى مەجلىسلەرنى ئۆتكۈزۈپ
تۇرۇشقىمۇ ئەپلىك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىڭشىسەي يال-
غاندىن ئىلغار بولىۋېلىپ، ھەدېسىلا «ماركس، ئېنگېلس» دەپ
يۈرەتتى. بۇ گەپلەر ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىۋاتقانلارنىڭ رايىغا راسا
ياققانلىقتىن يەكشەنبە كۈنلىرىدە كۆپچىلىك دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە
يىغىلاتتى. ئۇ، ئۇيۇشما نامىدىن كىتابچىلار بېسىپ، «تۇڭزە» كلۇ-
بىنىڭ ھاشارچى - مەدىكارلارغا تىراللىبۇس بېلىتى ئېلىپ بېرىپ،
ئۆزىگە تارتىش يولىدا قىلغان قەبىھ ئۇسۇللىرىنى پاش قىلىپ،
ئۇلارنى پارچىلاش ئىشىنى قىلاتتى. ئۇ چاغدا ۋاڭ لىيەنگۈي
بىلەن شىڭشىسەيدىن باشقىسىنىڭ ئىدىيىسى سولغا مايىل ئىدى،
بەزىلەر كومپارتىيىنىڭ تاشقى دائىرە تەشكىلاتى - ئىجتىمائى پەن-
لەرنى مۇھاكىمە قىلىش جەمئىيىتىگە قاتناشتى، خې گېڭگۇاڭ، سۇڭ

نيەنسىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىردى.

شىڭشىسەي قوراللىق ئارمىيە مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، نەنجىڭگە جاڭجيېشىنى يوقلاپ باردى. جاڭجيېشى ئۇنى ئۆزىنىڭ سەنمۇ بۆسىغا خىزمەتكە تەيىنلىدى. جاڭجيېشى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى قىلغاندا، شىڭشىسەينى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش قىلىش بولۇمىنىڭ كېجىڭى قىلىپ تەيىنلىدى. نەنجىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. شىڭشىسەي «بىلىمىم يۇقىرى، تارىخىم ئۇزۇن تۇرۇقلۇق ئېتىۋار قىلىنمىدى دەپ» نارازى بولۇپ يۈردى. دەل شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى جىن شۇرېن نەنجىڭگە لۇشاۋزۇنى ھەربى خادىم تاللاشقا ئەۋەتكەن ئىدى. شىڭشىسەي شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كەلدى. شىڭشىسەي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئۇنىڭغا ھەربى ھوقۇق بەرمەكچى بولغاندا جىن شۇرېننىڭ 5-ئىنىسى (ھەربى ئىشلار نازىرى) توسقۇنلۇق قىلىپ: «شىڭشىسەي قابىلىيەتلىك، ئىرادىلىك ئادەم، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلماسلىق بولمايدۇ» دەپ تۇرۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئارانلا سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىنى بېرىپ ياخشى ئىشقا قويمىدى. ماجۇڭيىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن ۋە ئارقىدىنلا قۇمۇلدا ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، لۇشاۋزۇ بىلەن جاڭزىمىڭ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شەرقى شىنجاڭدا باندىت تازىلاش باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇلار: شىڭشىسەي بىز بىلەن بىللە بارسۇن، دەپ تۇرۋالدى. جىن شۇرېن نائىلاج شىڭشىسەينى قوماندان



قىلىپ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىككى قېتىمدىلا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەسلىدىكى سەنمۇلۇق خىزمىتىگە قويۇلدى. شىڭشىسەي سەۋرى-تاقەت بىلەن چىداپ تۇرۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان ھارامزادىلىكى ئىدى. ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ، ھەدەپ ئىچكىرىلەپ گۇچۇڭغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. جىن شۇرېن بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇپ، ئىككى تۈمەن ئەسكەرنى شىڭشىسەينىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ، ماجۇڭيىڭنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. شىڭشىسەي ئەسكەر باشلاپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، جاڭ شېيىڭ، چېن دېلى، جاۋدېشۇ، چېن جۇڭ، لى شاۋتيەن ۋە تاۋمىڭيۇي قاتارلىقلار ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلىپ، جىن شۇرېننى شەھەر سىرتىغا قوغلاپ چىقاردى. جىن شۇرېن خۇگسەنزۇيدە ۋاقىتلىق ماكانلىشىپ ۋە غەربى يولدىكى ئەسكەرلىرىنى يېتەكلەپ كېلىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. شىڭشىسەي يولدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى شەرقى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا جايلاشتى. ئەسلىدە جىن شۇرېن بىلەن ئالاقە باغلاپ سىياسى ئۆزگۈرۈشنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولىۋاتاتتى، بۇ چاغدا غەربى يول ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمى بەك شىددەتلىك بولدى. ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر ئارانلا ئىككى لېيەن بولۇپ كۈچى بەك ئاجىز بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ يۈك-تاقلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. جاڭشېيىڭ، چېن دېلى قاتارلىقلار شىڭشىسەينىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ جىن شۇرېننى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ھەربى

ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . شېڭ شىسەي ھوقۇقنىڭ قولغا كېلىشىدىن ئۈمىت بارلىقىنى سېزىپ ماقۇل كۆردى . لېكىن ئۇ باشلاپ ماڭغان ئىككى تۈمەن ئەسكەر ئۆزىگە ئىشەنچىلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدىكىدەك قوماندانلىق قىلالىشىغا ئانچە ئىشىنەلمەيتتى . بولۇپمۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قاتنىشىش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە ئىككىلىنىپ قالدى . بىراق، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇش ئۇنىڭغا راسا يېقىپ قالغاچقا، يېڭىدىن كەلگەن شەرقىي - شىمال پىدائىيلار قوشۇنىدىن (سۇ بىڭۋېن قوشۇنلىرىغا جىن رۇنچىڭ باشلامچىلىق قىلاتتى) ياردەم سورىدى . لېكىن جىن رۇنچىڭ : «بىز شىنجاڭدا ئۇزۇن تۇرالمايمىز، شىنجاڭدىكى ماجىراغا ئارىلىشالمايمىز» دېدى . شېڭ شىسەي، جىن رۇنچىڭغا ئەسكەرلىرىنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشنى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىنلا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . (جىن رۇنچىڭ ئەسلىدە سۇ بىڭۋېننىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ، 5 يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە باشلامچىلىق قىلاتتى، شېڭ شىسەي ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يوق بەتناملارنى چاپلاپ جىن رۇنچىڭنى تۈرمىگە تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى .) جىن رۇنچىڭ : «ھەممىمىز شەرقىي - شىماللىق يۇرتداشلار ئىكەنمىز، بۇ قېتىم ياردەم قولىمىزنى سۇنساق ھېچگەپ بولماس» دېگەن ئويغا كەلدى - يۇ، لېكىن قولىدا قورالى يوقلۇقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ چاغدا شېڭ شىسەي، «قورالنى ئۆزۈم تەييارلايمەن، سېپىلغا چىقىپ كۆرۈنۈپلا قويۇپ، ئوق چىقارمىسىمۇ ئىش پۈتىدۇ» دېدى . مەسلىھەت پۈتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزى تۇرغان جايغا بېرىپ، ئالدى بىلەن ئىككى تۈمەننىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن مەجلىس ئاچ-



تى ۋە ئۇلارنى دەرھال ھويلىغا قاماپ قويدى. ھويلىنىڭ سىرتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى تىكلەپ قويۇپ سەپكە تىزىلىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن كېيىن ئاللىقاچان تەييار بولۇپ تۇرغان پىدائىيلار قوشۇنى كېلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالدى . شۇنداق قىلىپ قوراللانغان بۇ شەرقىي - شىمال پىدائىيلار قوشۇنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سىرتقا قاراپ ۋاقىراشقا باشلىدى . غەربىي يول ئارمىيىسى سېپىلدىكىلەرنىڭ رۇس ئەسكەرلىرى بولماستىن خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «ھەممىسى ئۆز ئادەممىز ئىكەنغۇ، ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىمىز» دېيىشىپ چېكىندى . جىن شۇرېن غەربىي يول ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي - شىمال پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق نەنجىڭگە قېچىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل پادىشاھى»لىق ھوقۇقىنى ئوڭايلا قولغا كىرگۈزىۋالدى . لېكىن شەرقىي يولدىكىلەر مەدەت سورايتتى . شېڭ شىسەي ئىشلارنى ئانچە - مۇنچە ئورۇنلاشتۇرۇپلا، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە قاراپ مېڭىپ ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن زىمچۈەنزىدە ئۇچراشتى . شۇ كېچىسى يامغۇر يېغىپ قاتتىق سوغاق بولدى . ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى كىيىم - كېچەكلىرى يېنىك بولغاچقا، سوغۇققا چىداشلىق بېرەلمىدى .

شىڭ شىسەينىڭ ئالدىنقى سەپ ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن قوشۇن بولۇپ شەرقى-شىمالدىكى باندىت ليۇكۇۋنيۇي بىلەن ئۇنىڭ ئۇقتىنى ئۇداخۇ باشلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەر بولۇپ ئۇرۇشتا قارام، ھۇجۇم قىلسا توختاتقىلى بولمايدىغان ئەسكەرلەر بولغاچقا بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈردى. بۇ ئەھۋال شىڭشىسەينىڭ «شىنجاڭنىڭ پادىشاسى» بولۇشىغا شەرت يارىتىپ بەردى. ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى تۇرپانغا چېكىنىپ ئۆزىنى رەتكە سالدى ۋە قايتىدىن جەنۇبى يول بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن ھەدەپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. جىن رۇنچىڭ بىلەن ئولكە رەئىسى ليۇۋىنلۇڭنى قولغا ئالدى. ئۆزى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولىۋالدى. جاڭ شىگىنى مائارىپ نازىرى قىلدى. چېن دېلىنى مالىيە نازىرى قوشۇمچە خارجى ئىشلار ئەمەلدارى قىلدى. چېن جوڭ، لى شىياۋتيەن، تاۋ مىڭيۈ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ۋەزىيەت ئازدىراق مۇقىملاشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ يەنە جەنۇپ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىپ، داۋانچىڭدا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپلا شىڭ شىسەينى چېكىندۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلدى ۋە ئۈرۈمچىنى قاتمۇ-قات قورشىۋالدى. بۇ ۋاقىت دەل شەھەردە ئاشلىق، يەم-خەشەك ئۈزۈلۈپ قالغان، سىرتتىن ياردەمچى ئەسكەر كەلمەيۋاتقان چاغ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەۋرىنىپ يىقىلاي دەپ قالغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى سوراشتىن باشقا ئامال قالمىدى. شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تەرجىمانى گۇڭ جىنخەننى باشلاپ



سوۋېت ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئالتايدىكى ئاق ئورۇس ئارمىيىسى نامى بىلەن «ئالتايسكى» دەپ تارباغاتاي ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ شىڭشىسەيگە ياردەم بەردى. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدىغىنىنى بىلىپ، جەنۇبى شىنجاڭغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كەتتى. ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىگە ماخۇشەن باشلامچىلىق قىلىپ خوتەنگە چېكىنىپ بېرىپ ماكانلىشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى.

ماجۇڭيىڭ ياش، غەيرەتلىك، ئىدىيىسى ئىلغار بولغاچقا، ئۇ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ياڭ بوچىڭ، ليۇفۇۋۇلارنى ئىشلەتكەن، ئۇلار كومپارتىيە ئەزالىرى ئىدى. ياڭ بوچىڭ غەربى-شىمالنىڭ ھەربى ئىشلىرىغا مەسئول ئىدى. ئانداق بولسا نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينى تاللىۋېلىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ماجۇڭيىڭنى تاشلىۋەتتى؟ بىرىنچىدىن: ماجۇڭيىڭ سىرتتىن كەلگەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ نەزىرىدە ماجۇڭيىڭ كوچمەنچى قاراقچى، جاڭ جيېشىنىڭ ۋاقىتلىق قۇراشتۇرغان 36-دىۋىزىيىسى دىگەن نام ئاستىدا، جاڭ جيېشى بىلەن مەلۇم ئالاقىدا بولۇپ تۇراتتى؛ ئىككىنچىدىن، شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزىۋالغان بولۇپ ئىناۋەتتى يۇقىرى ئىدى، شۇنداقلا ماركسىزىم لېنىنىزىم نەزىرىيەلىرىدىن گەپ ساتالايتتى. ئادەتتە چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ مەسلىھەتلىشىۋېلىپ ئاندىن ئىش قىلاتتى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، شىڭ شىسەينىڭ

ئوزگۈرۈپ كەتمىشىدىن ئەھمىيەت قىلاتتى. شۇڭا ماجۇڭيىڭنى سوۋېتكە ئاپىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ماخۇشەننى ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەنگە چېكىندۇردى. بۇنىڭدىن مەقسىدى شىڭشىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان چاغلاردا، سوۋېت ئەلچىخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەر مىللەت بولشىۋىكلىرىنى شىنجاڭغا ئېۋەتىپ، شىڭشىسەيگە ياردەملەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. شىڭ شىسەي ماقۇل كورگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كوڭلىدە سوقۇۋاتقان باشقا چوتلىرى بار ئىدى. يەنى ئۆزى بىلەن بىللە ياپونىيەدە ئوقۇغان يۇرتداشلىرىنى ياردەم ئۈچۈن شىنجاڭغا تەكلىپ قىلماقچى ئىدى. ئۇ، بۇ ئادەملەرنى ئىشەنچلىك دەپ تونۇپ شۇ بوداغا خەت يازدى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئۇلارنى تەكلىپ قىلىشنى تاپشۇردى. شۇ بودا خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى 9 كىشىگە ئايرىم ئۇختۇرۇپ قويىدى. (خەگېڭگۋاڭ، سۇڭ نىيەنسى كومۇنىست ئىدى. شۇ بودا، چىڭ دوگبەي، كاڭ مىڭيۈەن، ۋاڭ يەنلىڭ، گو ھېيالىڭ، لاڭ داۋخىڭ، بۇلاردىن تاشقىرى يەنە بېيجىڭ داشۆيسىنى پۈتتۈرگەن كەيپىۋەنلىڭ يۇرتداشلاردىن سۈي گوجىڭ قوشۇلۇپ جەمئىي 10 كىشى، كېيىن بۇلارنى شىنجاڭدىكى پىشقەدەم بيۇروكراتلار مەسخىرە قىلىپ «10 چوڭ دوكتۇر» دەۋالغانلار ئىدى.) ئۇلار «شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئېشىشلا قالماي، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بې-



رىپ بىلىم ئاشۇرۇشى ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالارمىز» دېگەن ئويغا كېلىپ، شىنجاڭغا كېلىشكە ماقۇل بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ تىيەنجىندە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ يۈەنفۇ بىلەن شۇ ھامان ئالاقە باغلىدى ۋە شىڭ شىسەينىڭ تەستىقى بىلەن يول خىراجىتىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ چاغدا سۈي يۈەن – شىنجاڭ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل شىركىتى ئەمدىلا قۇرۇلۇپ قاتناش تېخى باشلانمىغان ئىدى. ئۇلار سۇڭنىيەنسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. (ئۇ خېلۇڭجاڭدا بولۇپ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا تىيەنجىنگە يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى.) شۇڭا مەسلىھەتلىشىپ شۇ بودا، ۋاڭ يەنلىڭ، سوي گوجىڭلار سۇڭ نىيەنسىنى ساقلاپ تۇرۇپ ئۈيىتىپ كەلگەندە بىرلىكتە مېڭىش، قالغان 6 كىشى ياپونىيە ئارقىلىق ۋىلادىۋوستوكقا بېرىپ، سىبىرىيە تۆمۈر يولى بىلەن ئالدىراق شىنجاڭغا بېرىش قارارىغا كېلىشتى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا: 6 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلمەكچى، قاراپ قويساڭلار، دەپ ئۇختۇرۇپ قويغان ئىدى، شۇڭا بۇ 6 ئادەم سوۋېت زېمىنىدىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتۈپ كەلدى، بۇلار ياپونىيەدىن ئۆتكەندە ياپون تىلىنى بىلمەس بولىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتماقچى بولغان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۇ يەردىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. ياپونىيەنىڭ پۇخراچە ياسىنىۋالغان ئىشپىيونلىرى بىر نەچچە كۈن ئارقىسىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ بىكار ئاۋارە بولدى.

بىز 1934 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. يوللارنى ئايلىنىپ ماڭغانلىقىمىز ھەم ئارىلىق يىراق بولغانلىقى، شۇنداقلا چوچەكتە ماشىنا كۈتۈپ يېرىم ئاي تۇرۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن كېيىن قالدۇق. بىزدىن كېيىن يولغا چىققانلار بالدۇر يېتىپ كەلگەن ئىكەن. ھەممىمىز جەم بولغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي بىزگە خىزمەت تەخسىم قىلدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن مەسلىھەتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېتلەر ھوكۇمىتى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى سۆيۈش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش دىگەن 6 بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى. ھەمدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى)نى تەشكىل قىلىپ 6 بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى شىڭ شىسەي سىياسى نازارەت قىلىش باشى ئىدارىسىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. بوگنا (سوۋېت ئىتتىپاقى ئىۋەتكەن ئايال) نى مەسلىھەتچى، ۋاڭلىشياڭ (سوۋېت ئىتتىپاقى ئىۋەتكەن)نى باش كاتىپ، لى فامىلىلىك (ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن) كىشىنى ھەربى ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىقى، چىڭ دۇڭبەينى خارجى بولۇم باشلىقى، ۋاڭ يەنلىنىڭنى سىياسى بولۇم باشلىقى، لاڭ داۋخېڭنى خەلق ئىشلىرى بولۇم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەر قايسى بولۇملەردە بىر - ئىككىدىن جاسۇس بار ئىدى، ئۇلار ھەر كۈنى مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. چىڭ دۇڭبەي بىلەن مەن بۇ ئىشلاردىن بىزار



بولاتتۇق. سۇشياڭدانىڭ ئەنزىسىگە قارىتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ھورۇنلۇشۇپ كەتتۇق. ۋاڭ يەنلىنىڭ شۇ ۋەزىپىسىگە قانائەت قىلىپ تۇردۇۋەدى.

1934 - يىلى 9 - ئايدا (8 - ئايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئىدى.) چىڭ دۇڭبەينى ئۈرۈمچى يەرلىك سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، لاڭ داۋخېڭنى ئۇلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرلىقىغا (شاۋجاڭلىقىغا) يوتكىدى. بۇ چاغدا شۇي بودا شىنجاڭ ئۇلكىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى، گوشىلياڭ دۇبەن مەھكىمىسى ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كاڭ مېڭيۈەن قويۇلغان ئىدى، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان سىياسى باشقارمىغا سۇڭ نىيەنسى باشلىق بولدى. ۋاڭ نەيجوڭ ئۈرۈمچى شەھرىنى قوغدىشقا تەييارلىق كورۇش باشقارمىسىغا باشلىق بولدى. سۈي گوچىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ باشلىقى بولدى. خې گېڭگۇاڭ (شىڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ باشلىقىمىز ھېساپلىناتتى) روسچە قانۇنچىلىق تېخنىكومى (كېيىن شىنجاڭ دارىلفۇنۇن قىلىپ ئوزگەرتىلدى) غا باشلىق، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ ئوزى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ھەر قايسى بولۇملەرنىڭ باشلىقلىقىغا يوقىرىدا ئېيتىلغان 10 كىشى تەيىنلەندى.

سۇشياڭدا بىلەن گاۋشيەبىڭلار شەرقى - شىماللىق بولۇپ، شىنجاڭغا بىزدىن بۇرۇن كەلگەن. ئۇلارنى نەنجىڭ ئەۋەتمىگەن بولسىمۇ، شىڭ شىسەي يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنىڭ

شىنجاڭغا كېلىشىگە ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان، كېيىنكى كۈنلەردە گاۋ شىيەبىڭنىڭ شەرقىي - شىمالغا بېرىپ مۇھىم خىزمەتكە كىرىشىۋالغانلىقى، سۇشىياڭدانىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دەرھال چوڭچىڭگە كېتىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ جاڭ جيېشىي بىلەن مەلۇم جەھەتتە ئالاقىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. گاۋ شىيەبىڭ تەمرات نازارىتىنىڭ نازىرى، سۇشىياڭدا ئولكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇ چاغدا ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇشورىن (شەرقىي - شىمال پىدائىلىرى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. روسچە تىل بىلىدۇ) «بانكىنىڭ تامىقى ياخشى ئىكەن» دەپ ھەمىشە بانكىغا بېرىپ تاماق يەپ سۇشىياڭدا بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇراتتى. سىياسىي نازارەت قىلىش باش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ كورسەتمىسى بويىچە سۇشىياڭدا ئەنزىسى دېگەن نىمىنى پەيدا قىلدى.

بۇنىڭدىن مەخسەت: بىرىنچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزىنىڭ نەنجاڭ ئادەملىرىنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش؛ ئىككىنچى، «كۈنلەر ئوتكەنسىرى سۇشىياڭدا گاۋ شىيەبىڭلار قويىرۇغىمغا يېپىشىۋېلىپ ھاكىمىيىتىمگە خەۋپ تۇغدۇرامدىكىن» دەپ قورقۇش؛ ئۈچۈنچى، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىنى ئوتەۋاتقان شۇي بودا بىلەن گوشىلياڭنى بىرىنچى قول باشلىقلىققا كوتۇرۇپ قويۇش ئىدى. ئۇ، ۋاڭ لىشياڭ بىلەن مەخپىي پىلان تۈزۈپ ئادەم ئەۋەتىپ بانكىغا قۇرال ساتىدۇ. سۇشىياڭدا سېتىۋالغان قۇرالنى بانكا مۇھاپىزەتچىلىرىگە بېرىدۇ. لېكىن ئۇ، بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى شىڭ شىسەيدىن يولىيورۇق سورىمىغان ۋە دوكلات قىلمىغان، ليۇشورىننىڭ ئۆزىدىمۇ يان قۇرال بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى «قۇرال -



لىق توپىلاڭ كوتۇرۇپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئالدى. ۋاڭ جۇيجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇ كېچىسى بىزنى شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىگە چاقىرتتى. مىلتىق سېتىۋالغانلىق ۋەقەسىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ لىشياڭ، شۇي بودا، ۋاڭ يەنلىڭ ۋە لى كېچاڭلارنى بانكىغا بېرىپ سۇشىياڭدانى تۇتۇپ كېلىشكە، ۋاڭ جۇيجاڭ، گوشىلياڭ چېڭ دۇگبەي، لاڭ داۋخېڭلارنى ئاپتوموبىل ئىدارىسىغا بېرىپ، ليۇشورىننى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلاردا قۇرال بولمىغانلىقتىن، مۇھاپىزەتچىلىرىدىن 4 كىشىنى ئاجرىتىپ ھەر گۇرۇپپىغا ئىككىدىن قۇراللىق ئادەم قوشۇپ بەردى. بىزنىڭ گۇرۇپپىمىز ئاپتوموبىل ئىدارىسىغا بارغاندا ليۇ شورىن ئۇخلاپ قالغان ئىكەن، گوشىلياڭ ليۇ شورىننى «مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار» دەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ليۇ شورىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، مۇھاپىزەتچىلەر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ليۇ شورىنغا قۇرال تەڭلەپ: «قولۇڭنى كوتەر!» دەپ ۋاقىردى ۋە دەرھال ئۇنىڭ يان قۇرالىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭغا: «دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قولغا ئېلىندىڭ» دەپ ئېلان قىلدى. بىز دۇبەن ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي بىزنى گۇرۇپپىلارغا بولۇنۇپ سوراق قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىز پەقەت مىلتىق سېتىۋالغان جەريانىنىلا بىلەتتۇق، ليۇ شورىن ھېچ ئىشنى بىلمەيتتى. سوراقتىن نەتىجە چىقمىدى. سۇشىياڭدا بۇ ئىش توغرىسىدا ئالدى بىلەن يولىيورۇق سورىمىغان گۇناسى بارلىقىنىلا ئىقرار قىلىپ، باشقا غەرەزدە بولمىغانلىقىنى ئەيتتى شۇ ۋەقەدىن كېيىن سۇشىياڭدا بىلەن ليۇ شورىن تۈرمىدە كوپ يىل ياتتى.

قايتا سوراقمۇ قىلىنمىدى مەن چېك دۆكبەي بىلەن سوراق قىلىش
خىزمىتىگە قاتناشتىم . سۇ شىياگدا ئەنزىسىگە قارىتا بىزدە نۇرغۇن
گۇمان پەيدا بولىدى بۇ ئىش ئاخىرى بېرىپ ئىشپىيونلۇق
خىزمىتىنى ئىشلىمەسلىك ئىرادىمىزنى چىڭىتتى.

شىڭشىسەي باشتا تىرىشچانلىق بىلەن تىجەشلىك ئىش قىلات-
تى . ئۆزىنىمۇ تۇرمۇشتا ئاددى - سادده تۇتاتتى ئۇ بىزنى ئۆيىگە
تاماققا تەكلىپ قىلغاندىمۇ ئاددەتتىكى تاماقلانى بېرەتتى .
ھەر كۈنى خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن مۇھاپىزەت -
چىلىرىنى باشلاپ، دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى
قورادا ۋاسكېتبول ئوينايتتى . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۇ-
نى تاماشا قىلاتتى ، ئۇمۇ ئۇلارنى قوغلىمايتى ، بەزىدە كوچىلارغا
چىقىپ سەيلە قىلاتتى . مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ كونا بىيو-
رۇكرات ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولات-
تى . سۇشىياگدا ئەنزىسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن ئۇ ۋاسكېت-
بول ئوينىمايدىغان ، كوچىلارغا چىقىپ سەيلە قىلمايدىغان بولۇپ
قالدى . سىرتقا چىققانىدا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كوپلىگەن مۇھا-
پىزەتچىلەرنى ئېلىپ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا باراتتى. يۇقۇرىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى قەستەن قىلىنغان ساختا ھەركەتلەر بولۇپ
« شىنجاڭ پادىشاسى »لىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنلا ئىدى .
ئەمما 6 سىياسەتنى يولغا قويۇش داۋامىدا، پارىخورلۇققا قارشى
تۇرۇش بولسۇن ياكى ئەپيۇننى مەنى قىلىش خىزمىتىدە بولسۇن ،
بۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئىشلىدى . بۇنى ئۇنىڭ بىر نەتىجىسى
دەپ ھىساپلىماي بولمايدۇ . ئۇ ئالدى بىلەن خىيانەتچىلەرنى
تازىلاش ۋە ئەپيۇننى مەنى قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ چىقىپ قەتئىي
ئىجرا قىلىدى . شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىمۇ ئۇنىڭ-



غا ياردەم بولدى . ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمەي ھېچقانداق ئا-
دەم شىنجاڭدىن كېتالمايتتى ياكى شىنجاڭغا كىرالمايتتى ،شە-
رق بىلەن غەرپ يولىدىكى چازىلارنى قاتتىق ساقلىغانلىقتىن
ھېچقانداق كىشى ئۆتەلمەيتتى . شۇڭا خىيانەتچىلەر ئاخىرى قا-
نۇنى چازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى . ئەپيۇن مەنئىي ئۈزۈپ
تاشلانغانلىقتىن ئەپيۇن چېكىدىغان كىشىلەرنىڭ يوقۇلىشىمۇ تەبىئىي
ئىدى . 500 يۈەندىن يوقىرى خىيانەت قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم چا-
زاسى بېرىش دىگەن بەلگۈلىمە بويىچە ، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ
ھاكىمى شۇي ۋېنبىڭنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ھەممە ئادەم قورقۇپ
كېتىپ خىيانەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى . بىر مەز-
گىل چاقماق تېزلىكىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر نەتىجىسىدە خىيا-
نەتچىلىك بىلەن ئەپيۇن چەككۈچىلەرنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كەت-
تى . ئەپيۇننى مەنى قىلىش جەھەتتە ، جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا كوللېكتىۋ ياتاق تەسىس قىلىنىپ ، ئەپيۇن
چېكىشكە ئۆگىنىپ قالغان خىزمەتچىلەرنى شۇ ياتاققا ئەكىلىپ ياتقۇزۇپ ،
ئەپيۇننى تاشلاتقۇزدى ، ھەر كۈنى ۋاقتى - ۋاقتى بىلەن ئەپيۇن
تاشلىتىش دورىسى تارقىتىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن
ئەپيۇن چەككۈچىلەر تېزلا تۈگىدى.

لېكىن پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەپيۇننى مەنى قى-
لىش دەپ ئاغزىدىن چۈشەرمەي سوزلەيدىغان شىڭ شىسەينىڭ
ئۆزى ، ھەدەپ ئەپيۇن چېكىدىغان خىيانەتچىگە ئايلىنىپ قال-
دى ، ساقچى باشقارمىسى مۇسادىرە قىلغان زور مىقداردىكى ئەپى-
يۇن شىڭ شىسەينىڭ چېكىشىگە بېرىلىدىغان بولدى . ئۇ چۈگچىگ-
غا كەتكەندە نەچچە ئون مىڭ سەر ئالتۇننى ئۆزى بىلەن بىرگە
ئېلىپ كەتتى . بۇ ئالتۇنلار خىيانەتتىن كەلمىگەنمىكەن ؟!

شىڭ شىسەي سوۋېتىياگە ئەنزىسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن يېڭى كەلگەنلەر **بىلەن** ئىلگىرى كەلگەن گۇرۇھتىكى ئەربابلار- نىڭ ھەممىسى چۇچۇپ كەتتى. بىز، فۇگۇەنجاڭ (ئادىيۇتانتلار باشلىقى) جاۋجەنفېڭ (شەرقى-شىمالى پىدائىلار قوشۇنى بىلەن بىللە كەلگەن)غا بىزگە ۋاكالىتەن بىرچوڭ زىياپەت تەييارلاپ ئىلگىرى ئېۋەتىلگەن ئەربابلارنىڭ كۆپ قېتىملاپ زىياپەت قىلىپ بىزنى كۈتۈۋالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىشنى ھاۋالە قىلدۇق. باغاق تار- قىتىلغاندىن كېيىن ھېچقانداق كىشى كەلمەسلىككە جۈرئەت قىلال- مىدى. لېكىن ھەممە ئادەم زىياپەتتە كۆڭۈلسىز ئولتۇردى. بۇ، بىرلەشمە كوڭۈل ئېچىش بولسىمۇ كۆڭۈل ئېچىلمىدى. ئۇلار «سوۋېتىياگىدا ئەنزىسى»نى بىزنى پەيدا قىلدى دەپ قاراپ بىز- گە پوپوزا قىلماقچى بولغان ئىدى. (ئەمەلىيەتتە بولسا ۋاڭلى- شياگە قىلىنغان پوپوزا ئىدى) ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىدىكى گۇمانلىنىشلارنى ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي ئۆزى پەيدا قىلغان ئىد- دى. شۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلار مە- سىلەن: چېن دېلى، جاڭ شىڭ، پېڭ لېياڭ (دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي سودباشقارمىسىنىڭ باشلىقى) خۇاڭ جەنجاڭ (دۇبەن مەھ- كىمىسى خوجىلىق باشقارما باشلىقى) شى شىچاڭ (دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى) گۇيفېن (ئۇرۇمچىنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى پىششىقەدەم ئەربابلار ئىدى. يېڭىدىن كەلگەن ئەربابلار دېگىنىمىز پىششىقەدەملەر مەسخىرە قىلىپ سۆزلەيدىغان «10 چوڭ دوكتۇر» ۋە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن ئەل بولۇپ كەل- گەن ياڭ پوچىڭ، ليۇفۇۋۇ، يەنجىيەنۋى قاتارلىقلار ئىدى. شۇنىڭ- دىن كېيىن گاۋشىيەبىڭمۇ خەتەرلىك ھېس قىلىپ،



ئىستىپا سوراپ نەنجىڭگە كېتىۋالدى. شىڭ شىسەيمۇ ئۇنى قويۇ- ۋەتتى. سوۋېتىياگىدا بىلەن گاۋشىيەبىڭنىڭ جاڭ جيېشى خانىدانلى- قى بىلەن مۇناسىۋىتى بار يوقلۇقىغا كەلسەك، بۇنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن.

1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆتكەن 25 نەپەر ھەر مىللەت بولشېۋىكلىرى، مەسىلەن: ۋاڭ شۇچىڭ (ئەسلى ئىسمى يۇشيۇسۇڭ)، ۋاڭ باۋچيەن، ۋەن شيەنتىڭ، جىڭ يىجۈن جى- ياڭ يىۋۋ، ئۇدبىڭ، قادىر ھاجى قاتارلىقلار ئارقىمۇ-ئارقا شىن- جاڭغا يېتىپ كەلدى. لېكىن ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەنسەپ ئورۇنلىرىنى ئىلگىركى ئىككى گورۇھتىكى ئەربابلار ئىگەللەپ بولغانلىقتىن، بۇلارنى تەخسىم قىلىدىغان ئورۇن چىقماي قالدى، پەقەت جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىق ئورنى بوش ئىدى. سوۋېت كون- سۇلخانىسى بىلەن شىڭ شىسەي بۇ ۋەزىپىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىسىمۇ يەنە ئوتتۇنۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن خەجۈەن مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما باش كاتىپلىقىنى ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ باشلىقلى- قىنى ۋاڭ شۇچىڭغا ئوتتۇنۇپ بەردى. شىڭ شىسەي ۋاڭ شۇچىڭنى ئۆزىگە تارتىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭنى بەرمەكچى بولدى. ۋاڭ باۋچەننى گوچۇڭ ناھىيىسىگە شەنجاڭ، كېيىن قەشقەرنىڭ ۋالىيسى قىلدى. ۋۇدېيمىڭنى ترانسپورت باشقارمىسىغا (سىنترا-

لىي گاراژ ) مۇئاۋىن باشلىق قىلدى . ۋاڭ يىڭۇنى جامائەت
خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ( ئىلگىرى سىياسى نازارەت قىلىش باشى
ئىدارىسى ئىدى )غا باشلىق قىلدى . چىن يىجۇننى خوتەنگە ۋالى
قىلدى ، ۋەن شىيەنتىڭ ، ۋاڭ باۋچەننىڭ ئورنىغا قەشقەرگە ۋالى
بولدى ، قادىر هاجى قەشقەر ج . خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇلار ،
يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى شىڭ شىسەي بىزنى چاقىرىپ: « سوۋېت ئىتتىپا-
قىدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىقنى چوقۇم ياخشىلاش
كېرەك ، كىمكى ياخشى ئىتتىپاقلىشالمايدىكەن شۇ كىشى
ئىنتايىن زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ » دەپ سوزلىدى.
بىز ئۇنىڭ ئەمرىنى بىجاكەلتۈرۈشىمىز تەبىئى ئىدى .

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ 25 كىشىدىن تاشقىرى يەنە ھەربى مەسلىھەت-
چى ، مالىيە مەسلىھەتچىسى قاتارلىقلارنى ئېۋەتىپ شىڭ شىسەيگە يار-
دەملەشتى . لېكىن بۇ 25 كىشى مۇھىم ئورۇنلارغا ئېرىشەلمىگەن-
لىكتىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ھەمىشە شىڭ شىسەيىنى
ئىزدىراق چارە تېپىشقا سۈيلەپ تۇرغاچقا ، شىڭ شىسەي بىزنى
چەت ناھىيە ، ۋىلايەتلەرگە بېرىپ ئىشلەشكە يوتكىدى . خې
گېڭگۇاڭنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
قوشۇمچە شۇبە گېزىتخانە باشلىقى قىلدى . لاڭ داۋخېڭنى قەش-
قەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە شوبە
گېزىتخانە باشلىقى قىلدى . جۇچۇنخۇينى ئالتاي ۋىلايەتلىك ما-
ئارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە شوبە گېزىتخانە باشلىقى
قىلدى . سۇۋىنلىننى ئىلى شوبە گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى قىلدى .
جاۋشىڭشېڭنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
قىلدى . ( جۇچۇنخۇي ، سۇۋىنلىن ، جاۋشىڭشېلار شەرقى - شىمال-
لىق بولۇپ مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇم بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. بۇلار



گونا گورۇھتىكىلەر: « 10 چوڭ دوكتۇر » دەپ مەسخىرە قىلىنغانلار
ئىچىدىكى كىشىلەر ئىدى ) بۇ چاغدا شۇي بودا گۇاڭ جېنخەننىڭ
ئورنىغا قەشقەرنىڭ ۋالىسى بولغان ئىدى . ( گۇاڭ جېنخەن شەرقى
شىمال پىدائىلىرى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ، رۇسچە بىلىدىغان
كىشى بولغاچقا شىڭ شىسەيگە تەرجىمان بولغان . كېيىن « شىن-
جاڭ گېزىتخانىسى » دەپ ئۆزگەرتىلگەن « تىيانشان گېزىتخانىسى »
غا باشلىق بولغان . شىڭ شىسەيىنىڭ مەخپى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان-
لىقى ئۈچۈن بىرىنچى تۈركۈمدە قەستەن تۇتۇپ سولاپ ، كې-
يىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ) يەنە «ناھىيە ھاكىمىيىتى ئاساسى» دىگەن
بانا بىلەن كاڭ مىڭيۇەننى ماناس ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ ئېۋەتتى.
سۇڭ نىيەنسىنى شىخو ناھىيىسىگە ھاكىم قىلدى ، لېكىن سوۋېت
ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى ، شىڭ
شىسەيىنى بىزنىڭ تەسىرىمىزگە ئۇچراتماسلىق ، قۇرۇق سوز تار-
قىتىپ بىزنى قولغا ئالدۇرۇپ شىڭ شىسەيىنى قۇرۇق جازىغا ئايى-
لاندۇرۇپ ھوقۇقنى 25 كىشىگە تۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، بىزدەك يا-
پۇنىيىدە ئوقۇغانلارنى « ياپۇنىيەنىڭ جاسۇسى » دەپ بوھتان
قىلدى . كېيىن شىڭ شىسەي مەلۇم ئىھتىياجى نەزەردە تۇتۇپ
بىزنىمۇ ئىلگىرى - كېيىن قولغا ئالدى .

چېن دىلى روسچە بىلىسىمۇ شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ،
تەرجىمانلىقتا ئازچە ئىشلەتمىدى . گۇاڭ جېنخەن مەخپى ئالاقە ئى-
شلىرىغا ئارىلاشقان بولسىمۇ ئۇنىمۇ مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر تۈزۈشكە
ۋە مۇھىم مەخپى ئىشلارنىڭ تەرجىمانلىقىغا قاتناشتۇر-
مىدى . سوۋېت كونسۇلخانىسىدا خەنزۇچە بىلىدىغان كاتىپ بار
ئىدى ، يەنە ۋاڭ لىشياڭمۇ ئىشەنچلىك تەرجىمان ئىدى ( ۋاڭ -
لىشياڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇنى سودىگەرلەر تونۇ-

ۋالغان، ئۇنىڭ بويى پاكار، ئورە تۇرغاندىمۇ ئولتۇرغانلار بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇنداق ئالاھىدە ئالامەتلىرى بولغاچقا باشقىلار بىر قاراپلا تونۇۋالاتتى، چۈنكى سودىگەرلەر تاشقى مۇڭغۇلغا سودىگەرچىلىك قىلىپ بارغاندا ئۇنى كۆرگەن ئىكەن. ئۇ، ئۇچاغدا تاشقى مۇڭغۇلدا ئاگېنتلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى: «سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى مۇڭغۇلدىن يۆتكەپ كەلدى» دېيىشەتتى).

شېڭ شىسەي ئايروپىلان، زەمبىرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى قەرز تۆلەشكە قىستىدى ۋە ئۇنىڭغا ئامال كۆرسىتىپ: «ئەگەر جەمئىيەتتىكى مەشھۇر ئەربابلارنى (بايلارنى) قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلساڭ قەرزىڭنى تۆلەپ بولغاندىن تاشقىرى، ئېشىپ قالغىنىنى ئىشلىتىپمۇ تۈگىتەلمەيسەن» دېدى. (ھەقىقەتەن مۇشۇنداق سۆز بولغان، ھۈسەيىنباينى قولغا ئالغاندا ئۇنىڭ ئۆيىدىن 27 كېرىستىن ئۇگىغا قاچىلانغان ئالتۇن مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى). دەل مۇشۇنداق پەيتتە، شېڭ شىسەي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى يولداشلارنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى.

شېڭ شىسەي: «كونا گورۇھتىكى ئەربابلار ھامان ھايدىلىدۇ. يېڭىلارنى سولاش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇنلاشقان بولىمەن، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر ئەربابلارنى (بايلارنى) تۈرمىگە تاشلىسام نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئىگە بولىدىكەنمەن، ئۇلارنى (بىزنى دېمەكچى) سولاپ قويسام، ۋاڭ شۇچىڭ قاتارلىق 25 كىشىنىڭ ھەممىسى: «تروتسكىچى ئىكەن، ئۇلار شىنجاڭدا ياخشى ئىتتىپاقلىشالمىدى» دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوغلى-



ۋەتسەم، شۇ يىل بىلەن سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ 25 ئادەم بىلەن مېنى قۇرۇق جازا قىلىپ قويۇش سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرالايمەنغۇ» دېگەن كويدا بولدى. ئۇ يەنە: «بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەردىن سولايدىغاننى سولاپ، ھايدايدىغاننى ھايداپ چىقىرىۋەتسەم، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكىلەر ماڭا يان تىرەك بولىدىغۇ، مېنىڭ پادىشالىق ئورنۇمغا ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەدەپ قولغا ئېلىش يولىغا چۈشتى، قەلەم ئەھلىلىرىدىن ئومۇمەن ھەممە ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى، ئەلەم ئەھلىلىرىدىن تۆۋەنچىگىدىن يۇقىرىلارنى، ۋاڭگۈلۈڭ، لامالارنى، كاپىتالىستلارنى، پومېششىكلارنى ھەدەپ قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ بىرىمۇ ئەمىن تاپالمىدى. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە قولغا ئېلىنغانلار تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. ئۈرۈمچىدىكى ئىلگىرى ياسالغان دوبەن مەھكىمىسى ئىچىدىكى ئالاھىدە تۈرمە بىلەن غەربىي دەۋازا ئىچىدىكى كونا تۈرمىلەرگە ئادەم سىغمىغاچقا، ھەتتا مەنجۇراڭ ئوردىسى، لىيۇۋېنلوڭنىڭ ئوردىسى، ساقچى باشقارمىسى (ئىلگىرى ج خ ئىدارىسى دېيىلەتتى) نىڭ ماشىنا قويىدىغان ئۆيلىرى بىلەن ۋاڭ يەمياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى قورۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرمە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1936 - ۋە 1937 - يىللىرى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئارتقۇزۇپ قويۇشقا ئاز قالغان 2 قېتىملىق تەھدىتكە يەنى بىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان دېۋىزىيە باشلىقى مەخمۇت مۇھىتىنىڭ يەنە بىرى ماخۇشەننىڭ قوراللىق تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ ئىككى قوراللىق تەھدىتنى ئەنگلىيىنىڭ ھوتاۋسىن كونسۇلى پىلانلىغان ئىدى.

بۇ كونسۇل ھەربىي كىشى بولۇپ ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ئارمى-

يەسىدىن ئېۋەتىلگەن ئىدى. 1936 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ نەنجىڭدىكى ئەلچىخانىسى شىنجاڭغا بىر مۇئاۋىن كونسۇل ئېۋەتتى، بۇ ئەبلەخ ناھايىتى كۆرەڭلەيدىغان ئادەم بولۇپ جۇڭگولۇق ئاشپەزلەرنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى، كېلىپلا ھەدەپ زىياپەتلەر بەردى. قەشقەرنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ۋە قەشقەرنىڭ گارنىزون قوماندانى باشچىلىقىدىكى ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى كوللىكتىۋ مېھمان قىلدى، كېيىن كاتتىۋاشلارنى بىر - بىرلەپ مېھمان قىلىپ ئۆزىنىڭ پارچىلاش، ئارىغا سوغاقچىلىق سېلىش نەيرەڭىنى ھەدەپ ئىشقا سالدى. دېگەندەك: دىۋىزىيە باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى ئۆزىگە يۆلەنچۈك بارلىقىنى بىلىپ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن شىڭ شىسەيگە قارشى چىقىشنى پىلانلىدى. ئۇ ئابدىغوپۇر دامۇللانى ئاممىنى قوزغۇتۇشقا بۇيرىدى. ئابدىغوپۇر دامۇللا ئۇنىمىدى مەھمۇت مۇھىتى غەزىۋىنى باسالماي ئابدىغوپۇر دامۇللانى ئۆلتۈرىۋەتتى. مەھمۇت مۇھىتى قارمىقىدا جەمئى 4 تۈمەن ئەسكەر بولۇپ، پەقەتلا 1 - تۈمەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى تىڭشايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى ئامەتنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بىر تۈركۈم يېقىن ئادەملىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قاچتى. شىڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىدىن خېلى بالدۇرلا ئېھتىيات قىلىپ ئۇنىڭ تۇەنجاڭلىرىنى تەربىيىلەش نامى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىۋېلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنى قارشى تۇرالمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، 1937 - يىلى خوتەنگە بېرىپ ماخۇشەننى قۇتراتتى. ماخۇشەن چىم ياقىنان يېرىدىن قوزغۇلۇپ چىقىپ ئەسكەرلىرىنى ئىككى يولغا ئايرىپ، بىر قىسمىنى كۆچارغا، بىر قىسمىنى قەشقەرگە ھۇجۇم



قىلىشقا ئېۋەتتى. كۆچارغا بارغان ئەسكەرلىرى شىڭ شىسەينىڭ ئىككى تۈمەن ئەسكىرى بىلەن ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كەلدى. قەشقەر تەرەپتە ماشىڭگۈي لۈيجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئالدى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئايرودرومنى ئىگەللەپ ئاندىن كونىشەھەر ناھىيىسىنى بېسىۋالدى. ئۇ چاغدا قەشقەر گارنىزون ئىشتاۋىنىڭ ئايرودرومنى ساقلاشقا قويغان بىر لىيەن ئەسكىرى بىلەن شەھەر قوغدايدىغان بىر جۇڭدۈي ئەسكىرى بولۇپ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، يېڭىشەھەر ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەر 3 ئايدىن ئارتۇق مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزدى، ماشىڭگۈي تەسلىم بولدى ۋە يېڭىشەھەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ماخۇشەن قەشقەردىكىلەرنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى كۆچاردىمۇ ئىلگىرلىيەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى باشلاپ ھىندىستانغا قاچتى. شىڭ شىسەيگە قارشى بۇ ئىككى قېتىملىق ۋەقە، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا مەخپى ئېلىشقانلىقىنى ئوچۇق كۆرسۈتۈپ بەردى. ئەنگلىيە مەغلۇپ بولدى. شىڭ شىسەينىڭ پادىشالىق تەختى ساقلاپ قېلىندى

شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي يەنە قولغا ئېلىشىنى باشلىۋەتتى، مەن 1937 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىگە مائارىپ نازارىتىنىڭ تەھرىر - تەرجىمە ھەيئىتىگە (باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىك كىتاپلىرىنى تۈزۈپ تەرجىمە قىلاتتى) باشلىق بولۇپ يۆتكەلدىم. مەن قەشقەرنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى كوزدىن كۆچۈرۈشكە

بارغان مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتىم، داۋانچىڭغا يېتىپ كەلگەندە ماشىنىمىزنى سىياقچى ئىدارىسىنىڭ ھويلىسىغا ئەكىلىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ ماڭا بەرگەن يان قۇرالى بىلەن مەخپىي تېلېگرام نومۇر دەپتىرىنى ئېلىۋالدى. خۇشۇكاڭنى قولغا ئېلىپ، مېنى مېڭىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەتىسى شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا: «ئۇلارنى (ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنى دېمەكچى) قولغا ئالغانلىقىمنى بىلمىدىغانسەن ؟! ئۇلار سېنىڭ دوستۇڭ شۇنىڭدەك مېنىڭمۇ دوستۇم ئىدى، ئۇلارنىڭ بىر ئاز چاتىقى چىقىپ قالدى. لېكىن سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغىنى ئۈچۈن چۈچۈپ كەتمە، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى ياخشى ئىشلەۋەرسەڭ بولىدۇ» دېدى. ئۇ گوشلىياڭغىمۇ شۇنداق دېگەن ئىكەن. تۈرمىنىڭ تەييار بولمىغانلىقى، تۇتقۇن قىلىسىمۇ سولايدىغان يەرنىڭ يوقلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ قەستەنگە سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەن سېنى تۇتقۇن قىلماقچى ئەمەسمەن ... دېدى. مۇنداق يالغان گەپ قىلىش

ھەقىقەتەن چوڭ ئەرباپلار ئىشلىتىدىغان نەيرەڭ — دە! شېڭ شىسەي ساختىپەزلىكتە ئىنچىكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئاردىن 3،2 كۈن ئۆتۈپلا مەن بىلەن گوشلىياڭ ئىككىمىزنى قولغا ئالدى. ۋاڭ يەنسى

لىڭدىن باشقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندۇق. ۋاڭ يەنلىڭ ئىلگىرى خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە شېڭ شىسەينىڭ قېيناتىسىدىن سى ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى چيۇزوگجۇن تەرىپ دىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. ۋاڭ بىلەن چۇجاڭ كېلىشەلمەيتتى شۇنداق قىلىپ بۇ پىشقەدەم بيۇروكراتلارنىڭ ھەممىسى بىر يولدىلا يوقۇتۇلدى.



«ئىشىنى يەۋېلىپ قازىنىنى چاقتى» دېگەندەك، ئادەمنى ولتۇرۇپ ئاغزىنى تۇۋاقلاش، شېڭ شىسەينىڭ ئادەت قىلىۋالغان ۇسۇلى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ پادىشاسى» لىق ئورنىنى ساخلاشقا ياردىمى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. ومۇنىزىم بولامدۇ، سەنمىنجۇيى بولامدۇ ۋاقتى كەلسە ىشىنەتتى شۇنداقلا ھېچقايسىسىغىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇ «باشقىلار ماڭا ۇرال بولۇپ بېرىشىلا كېرەك» دەپ ھېسابلايتتى، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلىرىنى سۈيى - ئىستېمال قىلىش يولى بىەن ئۆزىگە يانتاياق قىلىش نىيىتىدە، بىزنى قولغا ئېلىش، 25 كىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەيدىۋېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ھەتتا ئۆزسىڭلىسىنىڭ ئېرى ۋاڭ شۇچىڭنىمۇ قوغلىۋەتتى. شېڭ شىتۇڭ ۋاڭ بىلەن بىللە سوۋېتكە كېتىشكە ئۇنىمىغان بولسىمۇ شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئاخىرى شېڭ شىتوڭ بەربىر بارمىدى. دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ بورنىداش سىڭلىسىنى شۇنداق قىلغان يەردە باشقىلار ئۈستىدە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق.

بىرىنچى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا تۇتقۇن قىلىنغانلاردىن 300دىن كۆپ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كونا بيۇروكراتلارنىڭ ھەممە ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدىكى بىچارىلارغا ئايلاندى.

مۇنچىۋالا ئادەمنى قىرىۋېتىش - سىرىنى بىلىدىغانلارنى كوز بىناتىدىن يوقۇتۇپ بىر ئورۇلۇپلا جاڭ جيېشى تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشقا ئۇگايلىق تۇغدۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «جۇڭگو كومپارتىيىسى جاڭ جيېشىنى يېڭەلمەيدۇ، موسكۋا قاتمۇ - قات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا 1942 - يىلى ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن

كەلگەن يولداشلارنى ئۇتقۇن قىلىشنى پىلانلىغان. لېكىن چۈچكۈنلەشكەن ئىدۇق. دۈبەن قايسى يولدا ماڭسا بىزمۇ دۈبەنگە ئەگىشىپ مېڭىۋې-
بىرمەھەل ئۇنىڭغا ئادەم ئېۋەتىپ بېرەلمىدى. قولىلايدىغان ئادەمىڭىز.» دېدى. شىڭ شىسەي: «ئۇنداق بولسا ياخشى،
بولمىسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، بىزنى تۇرمىدىن ۋاقتىنچە چىقىرىپ، شۇنداق بولسۇن، مەن سىلەرنى قويۇپ بېرەي لېكىن گوش-
ئۆزىنى قوغدىتىپ، گومىنداڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىمياڭ، لاڭ داۋخېڭلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسمىنى ئۆزگەرت-
قايتىدىن يىغىشتۇرماقچى بولدى. بىزنى (ۋاڭ يەنلىڭ، سۈي گوسۇن، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزگەرتكەن ئىسىملارنى يېزىپ
چىققىدىن باشقىلارنى) تەپتىش باشقارمىسىغا تۇپلاپ جىنايەتچىماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېدى. شۇنداق قىلىپ بىز تەپتىش باش-
چاكار قىلىپ ئىشلىتىپ، ساقچىلار ئۈچۈن ساۋات چىقىرىش دەرس-قارىمىسىغا قايتىپ كېلىپ كۈتۈپ تۇردۇق (تەپتىش باشقارمىسى ئە-
لىگى تۈزۈش خىزمىتىگە سالدى. بىر كۈنى بىر كىچىك ماشىنىغا سالىدە ساقچى باشقارمىسىنىڭ ھەرقايسى ئىدارىلىرىنىڭ خىزمىتىنى
بىزنى ئولتارغۇزۇپ كوزىمىزنى تېڭىپ دۈبەن مەھكىمىسىگە كوزدىن كوچۇرۇپ تۇرىدىغان ئاپارات ئىدى. لېكىن شىڭ شىسەينىڭ
ئېلىپ بېرىپ شىڭ شىسەي بىلەن كورۇشتۇردى. ئۇنىڭ بىلەن ئىش تەپتىش باشقارمىسى ئاساسەن ئىشپىيونلۇق خىزمىتىنى باشقۇراتتى.
خانىدا كورۇشتۇق، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇ: «سىلەرنى خۇيزۇلاردىن ليۇبىڭدې مەزكور باشقارمىسىنىڭ جۇرىنى ئىدى)
مەن سولاپ قويىمۇدۇم سوۋېت ئىتتىپاقى مېنى تولا قىستىغاشقا، بۇ چاغدا سوۋېتسىياگىدامۇ، مۇشۇ تەپتىش باشقارمىسىدا جىنايەتچى چا-
ئامالسىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم» دېدى. ئۇنىڭ دەۋاتقان كار بولۇپ تۇرمىغا ئېلىنغانلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ئېلىپ كەلگەن
سوزى ھەقىقى پاكىت بولسىمۇ، ئۆزىنى مۇنداق ئاقلاشتا يەنە باكىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تارقىتىپ بېرىش
شقا غەرىزى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىزمىتىنى ئىشلەيدىكەن. سوۋېتسىياگىدانى ئولتۇرمىگەنلىگىدىن ئۇنىڭ
بولغان نەپرىتىمىزنى قوزغاش ئارقىلىق ئوزى بىلەن بىرلىكتە گوخېلى بۇرۇنلا جاڭجيېشى نىڭ ئايىغىغا باش قويۇش غەرىزى بار-
مىنداڭ تەرىپىگە ئوتكۇزۇپ كېتىش ئىدى. شۇڭا ئۇ يەنەئىلغىنى كورگىلى بولىدۇ.
ھازىر مېنىڭ سىياسىتىم ئوزگەردى. سەنمىنجۇيى (3 مىللى ئىسمىمىزنى ئوزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي بىز-
مەسىلەك) كە ئىشىنەي دەۋاتىمەن. مۇبادا سىلەر ماڭا ئەگىشىپنى تۇرمىدىن بوشۇتۇپ موگۇغۇل-قازاق مەكتىۋىگە
گومىنداڭغا كىرىسەڭلەر سىلەرنى قويىۋېتىمەن، ھەركىمنىڭ كوناكوچۇرۇپ ئاپىرىپ (مەكتەپتە قىشلىق تەتىل ۋاقتى ئىكەن) قويى-
خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرىمەن، ئەگەر ئۇنىۋمىساڭلار ئۇ چاغدا. بىز خىزمەت كۈتۈپ تۇردۇق. مېنى شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا
سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى مۇئاۋىن باشى تەھرىر قىلىپ ئېۋەتتى. باشى تەھرىرلى سۈپىتى (جۇڭ-
بولمايدۇ» دېدى. گو كومپارتىيىسىدىن ئىدى) مېنى «شىنجاڭدىكى بىر كۈن» نى تەھ-
بىز قانداق جاۋاپ قايتۇرۇشىمىزنى بىلمەي بىر-بىرىمىزگەرىر قىلىشقا تەيىن قىلدى. ئۆزۈن ئوتمەي، شىڭ شىسەي ئۇلارنى
قارىشىۋالدۇق. بىردەمدىن كېيىن شۇيبۇدا: «بىزدۈبەننى دەپ كەلا «يەنئەنگە ئوزۇتۇپ قويىمىز» دەپ ئۇختۇرۇشى قىلدى. ئۇلار بۇ-

گەپكە ئىشىنىپ بەك خوشال بولۇشتى. ئىككىنچى كۈنى بىر قارا ماشىنا ئۇلارنى ئالغىلى كەلدى. مەن گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭ جۇنكوي (شىڭ شىسەينىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئىشپىيونى بولۇپ ئۇنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىدىغان مەخسۇس تېلېفونى بار ئىدى) بىلەن ئۇزۇتۇپ باردۇق، كىم بىلسۇن، بۇ قارا ماشىنا ئۇلارنى ئۇدۇل تۈرمىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇڭ نيەنسى گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولدى، مەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ھەم قوشۇمچە تەھرىر بولۇم باشلىقى بولدۇم. لېكىن يېنىمىزدا جاسۇس سۇڭ جۇنكوي، تاشقىرىدا پوستتا تۇرۇپ ماراپ تۇرىدىغان ئىشپىيونلار بار ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا شىڭ شىسەي نەدىمۇ «بىزنى راستىن قوغدىۋەتتى» دېگىلى بولسۇن!

ئىسىم ئۆزگەرتىشنىڭ سەۋەبى: شىڭ شىسەي يازغان 6 بۈيۈك سىياسەت توغرىسىدىكى دەرسلىكتە مۇشۇ ئىسىمدىكىلەر تۈپەيلىك كوتۇرۇپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان دەپ يېزىلغانلىقتىن «ھازىر بۇ ئادەملەرنىڭ قوبۇپ بېرىلمىگەنلىكىنى» ئىسپاتلاش ئۈچۈن «ئىسىم ئۆزگەرتىڭلار!» دېگەن ئىدى.

مەن ئىككىنچى قېتىم تۈرمىگە كىردىم. ئاڭلىشىمچە بىزنىڭ ئىسمىمىز جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسىملىك دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلمىگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن شىڭ شىسەينىڭ بىزنى يەنە تۇتقۇن قىلىش پىلانى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كەلگەندە شىڭ شىسەي مىنى «قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن بىر باشماقالا يازغىن، مۇجمەلراق بولسۇن، جاڭ جيېشىنى بەك ئاشكارا ماختاپمۇ كەتمىگىن!» دەپ يوليورۇق بەردى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا ئەۋەتتۇق. ئۇ تېلېفوندا: «باشماقالىنىڭ يېزىلىشى بولماپتۇ، جاڭ جيېشى توغرىسىدا يېزىلغان سۆزلەر مۇقامىغا يەتمەپتۇ» دېدى. زەدىيە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامالسىزلىقتا يېزىپ جاڭ جيېشىنى تازا ماختىدىم. بۇنى يەنە ئۇنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا ئەۋەتكەندە ئۇ: «بوپتۇ، بېسىلسۇن!» دەپتۇ. ئەۋۋەل «مۇجمەلراق يېزىلسۇن» دېدى ئۇنىڭ دېگىنىدەك يېزىلسا يەنە ئۇنىڭغا ياقمىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا يەنە خام خىيال ۋە ئەندىشىنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇراتتى. جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش مۇ ئۇنىڭ بىردەملىك پىلانى ئىدى. 1942-يىلى 10-ئايدا ئۇ، ئۆزى بەلگىلەپ كۆرسەتكەن ھەر قايسى ئىدارىلارنىڭ كاتىۋاشلىرىنى باشلاپ تەخمىنەن 100 چە ئادەم كوللېكتىپ قەسەم بېرىپ گومىنداڭغا كىردى. قەسەم بېرىشكە لياڭ خەنساۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ 100 نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسىنى شىڭ شىسەي ئۆزى كۆرسەتكەن لياڭ خەنساۋ بىلەن جۇ شياۋلياڭ گومىنداڭغا ئەزا بولۇشقا تونۇشتۇرغان ئىدى. شىڭ شىسەي سۇڭ نيەنسى بىلەن خې گېڭگۇاڭنى ئۆلكىلىك داڭبۇنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ۋەكىلى قىلدى.

1943-يىلى 1-ئايدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلدى. گومىنداڭچىلارمۇ ئارقىمۇئارقا يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. دېگەندەك 1944-يىلى 4-ئايدا ئۇ يەنە كونا مۇقامىغا تولاپ چىقتى «سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ مىنىڭ ھاكىمىيىتىمنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىدە بولدى» دېگەن گەپلەرنى تاپتى ۋە «خې گېڭگۇاڭ باشچىلىقىدا بەزى كىشىلەر شىڭ شىسەيگە قارشى تەشكىلات قۇردى» دەپ ھەممىمىزنى قولغا ئالدى ۋە زەھەرلىك قولىنى ئىشقا سېلىپ تەن جازاسى

ئارقىلىق ئىقرار بولۇشقا قىستىدى. شۇ يىلى 8- ئايغا كەلگەندە ئۇ، گومىنداڭچىلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭجېشىنىڭ غەزىۋى قوزغۇلۇپ ئۇنى چۆچەككە كېلىپ دىخان-چىلىق- ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇشقا قىستىدى. چۈنكى لومەنچىكتە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بار بولغاچقا نائىلاج بالا چاقىلىرىنى ئېلىپ چۆچەككە كەتتى.

شىڭشىسەي ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيتتى. يەنى ئۆزىنىڭ مەخپى ئىشلىرىغا قاتناشقان يادرولۇق كىشىلىرىگىمۇ مەسلەن: چيۇزۇڭجۇن، ۋاڭخۇڭزاۋ(شىڭشىسەينىڭ باجىسى ھەمدە دۇبەن مەھ-كىمىسىنىڭ سەنمۇلار باشلىقى بولغان) لى يىڭچى(شەرقى - شىمال پىدايىلار قوشۇنىدىن، ساقچى باشقارمىسى ھەم ئىشپىيونلارنىڭ باش-لىقى ئىدى) لى پولىن (شەرقى - شىمال پىدايىلار قوشۇنىدىن بو-لۇپ لى روننىڭ بېقىۋالغان بالىسى، سوت قىلىش ھەيئىتىنىڭ باش-لىقى بولغان، كېيىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان،) پىڭجيۇەن (شىڭشىسەينىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى) جيۇيۇيشيۇڭ (شىڭشىسەينىڭ قېينى ئىنىسى، دۇبەن مەھ-كىمىسى سىياسىي تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) شىڭشىجى (شىڭ-شىسەينىڭ 4- ئىنىسى، جۇڭگىياڭ تەلىم-تەربىيە ئۇمىگى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىلىم مۇدىرى) قاتارلىقلارغا شىڭشىسەي ئەلۋەتتە ئىشىنىدۇ دېيىشكە بولاتتى لېكىن ئۇنداق بولمىدى. دەل ئۇلاردىن پايدىلاندى، ئاشنى يەۋېلىپ قازاننى چاقىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن ؟!

شىڭشىسەينىڭ قول ئاستىدىكى پىشقەدەملەردىن، ئۇنىڭغا ئەڭ سادىق بولغان لىيۇجىڭشىن (شىڭشىسەينىڭ قول ئاستىدىكى دىۋىزىيە باشلىقى)مۇ ئاخىرى قاماققا ئېلىندى. شۇڭا شىڭشىسەينى ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيتتى دېگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممى-



سى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پادىشالىق ئورنىنى قوغدايدىغان قۇرالى بولۇپ بەردى، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇ، ئىك-كى يۈزلىمىچىلىكتە، ھارامزادىلىكتە، قۇۋلۇق شۇملۇقتا چېكىگە يەت-كەن مۇتەھەم ئىدى!

ئەگەر شىڭ شىسەي دېگەن شەخسكە ھۆكۈم نامە يېزىشقا توغرا كەلسە :«ئىككى يۈزلىمىچى، قارانىيەت، خەۋپلىك، باغرى تاش، گۇمانخور»دەپ يېزىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بولاتتى.

يەن ياۋنەننىڭ ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرگەنلىكى، جىندىلى قا-تارلىقلارنىڭ جىڭشۇرېننى قوغلىۋەتكەنلىكى شىنجاڭ تارىخىدا ئۇ-نىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ ئۇنى گۇمانخور قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈزلىمىچى، ساختىپەز، تاشيۈرەكلىك قىلدى. بۇ، ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئىدى.

شىڭشىسەينىڭ فۇگۇەنجاڭى جاۋجەنفېڭ : «ئىلاجى بار ئادەمنى كۆپ تۇتماسلىق» دېگەن تەكلىپنى بەرگەن-لىكى ئۈچۈن شىڭشىسەي ئۇنى ساختىچى باشقارمىسىغا يۆتكىۋەتتى ، كېيىنرەك خىزمەت قابىلىيىتى ئاجىز دەپ تارباغاتايغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ جاۋجيەنفېڭغا قىلغان ئاجايىپ كەكچىلىكى ئىدى .

ئۆزىنىڭ 3 - ئىنىسى شىڭشىچىغا كەلسەك ئۇ شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشىغا قارشى چىققانلىقى، يېقىنلارنى تۇتقۇن قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ:« مۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنىڭ پۇت-قولىمىزنى كېسىۋەتكەنلىك بولىدۇ.» دەپ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن شىڭشىسەي ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرىۋېتىپ 3 - ئىنىسىنىڭ خوتۇنىغا سوۋېت ھەربى مەسلىھەتچىسى بىلەن جىنسى ئالاقە قى-

لىپ ئۆزىنىڭ ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن بوھتاننى چاپلىدى. ھەممە ئۆزىنىڭ كىچىك قېيىنسىڭلىسىنىمۇ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بىلەن ساختا مۇئامىلىدە بولغانلىقى ئېنىقلاندى» دەپ تۈرمىگە تاشلىدى. (جيۇزۇگېجۇنىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن جيۇيۇيغاڭ ئەسلىدە كېلىشەلمەيتتى) كېيىن مۇنداق بىر سۆز-چۆچەك تارقالدى: «شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئاق قىزىل قالپاقلىرىنى دۇنياغا توشقۇزۇۋەتتى، ئەكسىچە يېشىل قالپاقنى ئۆزى كىيىۋالدى». ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئاشخانىغا كىرىپ سەي يېمەكچى بولغاندا ئاشپەز ئۇنى گوللاپ: «ئۇنىڭدا زەھەر بار» دەپ قويىدۇ. ئۇ بالا قايتىپ چىقىپ شېڭ شىسەيگە: «ئاشخانىدا زەھەر بار ئىكەن» دەيدۇ. شېڭ شىسەي چۆچۈپ كېتىپ ئاشپەزنى: «زەھەرنى تاپشۇر!» دەپ قىستايدۇ. ئەمما ئاشخانىدا زەھەرنىڭ يوقلىقى ئېنىق ئىدى. ئاشخانا باشقۇرىدىغان تاغىسىدىن سورىغاندا ئۇمۇ گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھەيران قالدى، شېڭ شىسەي غەزىۋىنى باسالماي تاغىسىنى ياتقۇزۇپ كالتەكلەيدۇ.

كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى شېڭ شىخۇا قاتارلىقلارنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇ پاكىت شېڭ شىسەينىڭ ئەسلى زاتى ئىككى يۈزلىمىچى سۈيىقەستچى، خەۋپلىك، تاشيۈرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ قان قەرزى ھەددى-ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئەھۋال ئۇنى ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى خەت-ئالاقىلەرنى تەستىقلىتىشقا كەلگەندە، پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كېلىپ: «رۇخسەتمۇ؟» دەپ ۋاقىرايتتى. شېڭ شىسەي ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىش جوزىسىغا كېلىپ



ئۆلتۈرۈۋېلىپ تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئاندىن «كىر!» دەپ جاۋاپ بېرەتتى. مۇھاپىزەتچى كىرىپ ئالاقىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭماي بىر قەدەم-بىر قەدەم كەينىگە چېكىنەتتى، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئاندىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتەتتى. شېڭ شىسەي ئاندىن كېيىن تاپانچىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئالاقىلارنى كۆرۈشكە باشلايتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى-ئۆزى قامال قىلىۋالدى. شۇڭا ئۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋىسىنى ئەپيون چېكىش ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ يۈرەتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنى قوللايدىغانلارنى ھازىرلاپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا گومىنداڭچىلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغانلىقىدىن ئۇنىڭ «شىنجاڭ پادىشاسى»لىق ئورنىنىڭ يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا يەنە بىلجىرلاۋېرىشكە باشقىچە ئامال قالماي، قالايماقان ئىش قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى سوۋېتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى دېيىشكە بولمايدۇ بەلكى ئۇنىڭدا شۇنداق خام خىيالنىڭ بولىشىمۇ-مۇمكىن. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنداق مۇمكىن بولماي قالدى. گەرچە ئۇ ئۆزىنى شۇنچە ئاقىل دەپ ھېسابلىغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاقىللىقىنىڭ ئەكسىچە ئېقىلسىزلىق قىلدى. «باشقىلارغا زىيان سالمەن» دەپ ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولدى. ئۇنى ئاقىل دېگەندىن كۆرە ناھايىتى دوت، ئەخمەق دېيىش كېرەك.

چۆلچىڭغا ميڭىش ئالدىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرىغا ئىككىنچى تۈرمىگە ئوت قويۇۋېتىپ، مەخپىي ئىشلارنى بىلىدىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش يولى بىلەن ئىزىنى يوقۇتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن ئىدى. بۇنى شۇي شياڭدا سېزىپ قالىدۇدە بىر ئامال قىلىپ لومەنچىڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە

خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ مەسئولى لى مۇ دىگەن ئادەم تېلىفون ئارقىلىق شېڭشىسەيگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: «ئەگەر سەن ئىككىنچى تۈرمىگە ئوت قويىدىغان بولساڭ، بۇ ئوتتا ئۆزەڭ كۆيۈپ تۈگەيسەن!» دەيدۇ. شېڭشىسەي شۇنىڭ بىلەن ئىككى-نچى تۈرمىنى كۆيدۈرۈۋېتىش پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىك-كى يۈزلىمىچى، خەتەرلىك باغرى تاش ئىكەنلىگىنىڭ ئەڭ تى-پىك ئىسپادىسى ئىدى. بۇ چاغلاردا چېيۇزۇگجۇننىڭ پۈتۈن ئائى-لىسى ئاللىقاچان لەنجۇغا كۆچۈپ بېرىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى پىدائىيلار قوشۇنىدىن لەنجۇغا بارغانلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. دېمەك ئۇلار، شېڭشىسەي ئۈچۈن جېنىدىن جۇدا بولدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭمۇ ئۆزگۈناسى بولغانلىغى ئۈچۈن تارتىشقا تېگىشلىك جازاسى ئىدى.

بىز ئۇنىڭغا: «جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بىرلەشسەڭ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىۋېلىشىنى توسىغىلى، جۇڭچىڭغا كېتىشكە مەجبۇر قىلىنىشتىن قۇتۇلغىلى ۋە خەلققە چوڭ خىز-مەت كۆرسەتكىلى بولىدۇ» دەپ كۆپ قېتىم مەسلىھەت بەرگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ پومىششىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان شېڭشىسەي مۇنداق قىلىشنى خالىمىدى.

جاڭجىيىشى: «شېڭ شىسەي شىنجاڭنى ئىككى قوللاپ مەر-كەزگە سوغا قىلىپ دۆلەت تۇپرىغىنى قوغداشتا توھپە قوشتى» دېدى. ئۇ، شېڭشىسەي بەرگەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئاقلىماي تۇراليسۇن! دۆلەت تۇپرىغىنى قوغ-دىغانلىغى ئەمەلىيەت، لېكىن بۇ ھەرگىز «شىنجاڭ پادىشاسى»نىڭ توھ-پىسى بولماستىن پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىگە مەنسۇپ. چۈنكى، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى يولداشلار شىنجاڭدا جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلدى،



شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىختىسادى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا بولمىغان بول-سا، شېڭشىسەي پادىشا بولۇشقا رازى بولۇپ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن بولاتتى. مەن ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى جاۋدەن قاتارلىقلار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغان ئىدىم. ئۇلار «شېڭشىسەينىڭ شىنجاڭغا كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى خاتىرىسى»نى تۈزۈپ چىققان ئىدى. شۇڭا شېڭشىسەينىڭ شىن-جاڭغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەنلىكتىن باشقا توھپىسى يوق. ناۋادا توھپە دېيىشكە توغرا كەلسە «شىنجاڭ پادىشاسى»لىق ئورنىنى تاشلاپ بەرگەنلىگىنى دېسەك بولىدۇ.

# گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردىكى «شىنجاڭ» گېزىتى

لى فەنچۈن

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەسلى نامى، «تىيانشان گېزىتى» بولۇپ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە نەشر قىلىنغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلغاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى چوڭكوۋرۇكتە. شېڭ شىسەي «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇش»نى كوككە كوتەرگەن مەزگىللەردە بۇ گېزىت پۈتۈن ئاخباراتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تا س س» ۋە يەنئەن «شىنخۇاشې»دىن قوبۇل قىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ فاكچىنى: شېڭ شىسەينىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغاندىن تاشقىرى شۇ ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم- لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ شىنجاڭ خەلقىگە ماركسىزم - لېنىنىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى بىردىن- بىر تەشۋىقات قورالى ئىدى.

1942 - يىلى 4 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئاتالمىش «خەلقارا
توپىلاڭ كوتۈرۈش ئەنزە» سىنى پەيدا قىلىپ ئۆزىنىڭ 3 - ئە



نىسى شېڭ شىسەينى يوشۇرۇن ئولتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، مۇتەخەسسىس ۋە سودا خادىملىرىنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىنى قولغا ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ ئۆزىنى جياڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى، ئولكىلىك گومىنداڭ فىرقىسى قۇرۇلۇپ زور تۈركۈمدىكى مەمۇرى، مائارىپ، سەھىيە خادىملىرىنى يوتكەپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەمۇرى، مەدەنى - مائارىپ، تەلىم- تەربىيە تارماقلىرىنى تەدرىجى كونترول قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا باشقا بىر تارىخى باسقۇچقا كىردى.

«شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ ئۇنىڭ بارلىق خىراجىتى شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت مالىيىسىدىن بېرىلەتتى لېكىن رىداكسىيەسىنى شېڭ شىسەي ئوزى بىۋاستە كونترول قىلاتتى. گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھوكۇمەت، ئارمىيە، مەدەنىيەت، تەشۋىقات، مائارىپ قاتارلىق تارماقلىرىنى تەدرىجى كونترول قىلىش شۇنىڭدەك شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولغاچقا شۇ ۋاقىتلاردىكى بىردىن- بىر تەشۋىقات ئورگىنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئىنتايىن كوڭۇل بولدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شېڭ شىسەي «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
دوست بولۇپ» ئوتكەن ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور تۈر-

كۈمدىكى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئىلغار ئىدىيە تەسىرلىرىگە ئىگە بولغان ئىدى. گومىنداڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىلغار ئىدىيە تەسىرلىرىنى يوقۇتۇش ۋە ئۆزىنىڭ سىياسەت يونۇلۇشلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا توغرى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «شىنجاڭ گېزىتى»نى تىزگىنلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل قويدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلكىلىك فىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن «شىنجاڭ گېزىتى»نى تىزگىنلەش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، 1943- يىلى يازدا، گومىنداڭ مەركىزى كومىتېتى فەنگوڭبىنى ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى»ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىيەلىدى.

1943 - يىلى 6 - ئايدا، گومىنداڭ مەركىزى سىياسىي مەكتىۋىنىڭ تەكلىۋى بويىچە پەنگوڭبى مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئاخباراتچىلىق كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرىغا «شىنجاڭ مەسىلىسى» ھەققىدە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ئۇ ۋاقىتتا مەن مەركىزى سىياسىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم ئوقۇش پۈتكەندە شىنجاڭغا كېلىپ ئاخباراتچىلىق خىزمىتى قىلىش ئارزۇيۇم بولغاچقا شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئىنتايىن قىزىقاتتىم. مەن پەنگوڭبى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ ماڭا شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن كونكرېت ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ، ئۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرى ئاستىدا بىر مۇنچىلىغان ياشلار ئومۇمەن قىزىللىشىپ كەتكەن



ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا قارا نىيەتتە بولۇپ كەلمەكتە. شىڭشىسەي بولسا تۇراقسىزلىق قىلماقتا، ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭغا بېرىپ قالساڭلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپلا قالماستىن بەلكى شىڭشىسەينىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىرىشىشىڭلار كېرەك. كۆرەش مۇرەككەپ، ئەگرى تۇقاي ۋە جاپالىق بولىدۇ. ھەم سالماق، ھەم قاتتىق، ھەم ئېھتىياتچان ھەم قەتئىي بولۇش لازىم». پەنگوڭبىنىڭ سۆزلىرى شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ مەركىزىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى، شۇنىڭدەك «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ گومىنداڭ كونتروللىقىغا ئۆتكەندىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى كۆرسۇتەتتى.

## 2

گومىنداڭ 1943 - يىلى 1 - ئايدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدا ئۆلكىلىك فىرقە قۇرۇشقا باشلىدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرلىرىدىمۇ شىنجاڭدا ئاتالمىش ئۆلكىلىك گومىنداڭ فىرقىسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىش مەقسىتىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە كۆز - كۆز قىلىپلا قۇرۇپ قويغان ئىدى.

گومىنداڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەتنى رەسمىي تارتىۋېلىشتىن

بۇرۇن يېڭى قۇرۇلغان ئولكىلىك پىرقە ئەمەلىيەتتە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان قۇماندانلىق شتابى. شۇنداقلا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ چوڭ لاگېرى ئىدى. يۇقۇرىدا شىڭشىسەينىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولغان» مەزگىللەردە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرى «تا.س.س» ۋە «شىنخۇاشې» دىن قوبۇل قىلىناتتى دېگەن ئىدۇق، شىڭشىسەي جياڭجيېشىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرى «جۇڭيانگشې» دىن ئېلىنىدىغان بولدى. ئولكىلىك پىرقىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىچكى ئولكىلەردە ئاللىقاچان بازاردىن قالغان ئۈچ مىللى مەسلەك (سەنمىنجۇيى)گە ئائىت ماقالىلارنى يېڭى مال سۈپىتىدە بازارغا سېلىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ ئولكىلىك پىرقە «يېڭى شىنجاڭ»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشىر قىلدى. «سەنمىنجۇيى»، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى»، «دۆلەت قۇرۇش لايىھەسى»، «دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى» قاتارلىق كىتاپلارنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشىرلىرىنى كۆپ مىقداردا بېسىپ تارقاتتى. بۇ كىتاپلارنى نەشىر قىلىش خىزمىتىنى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى ئىمزىچىل ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

1943 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، لۇيىچى (دېچاڭ) لى فەنچۈەن، لىيۈۋەنجىڭ، چېن ۋەنشاڭ (شىيى) قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن بەتكە مەسئۇل بولدى. سوڭنەنسى ئۇ چاغلاردا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ



باشلىقى ھەم قوشۇمچە گومىنداڭ شىنجاڭ ئولكىلىك پىرقىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى مەركىزى تەلىم- تەربىيە ئومىكىدە تەربىيىلەنگەن سوڭنەنسى قانداقلا بولمىسۇن گومىنداڭغا مايىل ئىدى (سوڭ نيەنسى ئۆز ۋاقتىدا شىڭشىسەينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ياپونىيىدە ئوقۇغان، شىنجاڭدىكى «ئون دوكتور»نىڭ بىرى ئىدى.) 1944 - يىلى 4 - ئايدا شىڭشىسەي ئۇنى گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ ئۇيۇشتۇردى دەپ قولغا ئالغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن گومىنداڭ ئۇنى چوڭچىڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ مەركىزى تەشۋىقات بولۇمىدە خىزمەتكە تەيىنلىگەن. شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لاڭداۋخېڭ، ياپونىيىدە ئوقۇغان. «ئون چوڭ دوكتور»نىڭ بىرى (ئەسلىدە تەھرىر بولۇمىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، ئادەتتىكى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىنغان) يەنە بىرسى سوڭچۈنكۈي كەسىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. شۇ ۋاقىتتا «شىنجاڭ گېزىتى» جياڭجيېشى ھاكىمىيىتىنىڭ گېزىتچىلىك ساھەسى بويىچە ئالاھىدە گېزىتلەردىن ھېساپلىناتتى:

1 - «شىنجاڭ گېزىتى» ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە 4 خىل يېزىقتا نەشىر قىلىناتتى، خەنزۇچە گېزىت كۈنلۈك بولۇپ تىرازى 10 مىڭ؛ ئۇيغۇرچە گېزىت ئىككى كۈندە بىر سان تىرازى 5 مىڭ؛ قازاقچە گېزىت 3 كۈندە بىر سان تىرازى مىڭ؛ رۇسچە گېزىت ھەپتىدە بىر بەت 200 نۇسخا چىقاتتى.

ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە يېزىقتىكى گېزىتلەرنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىناتتى. ھەر قايسى گېزىتنىڭ تەھرىر بولۇمى تەرجىمان ۋە تەھرىرلەردىن تەركىپ تاپ-

قان ئىدى. 1943 - يىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پولات قادىر، رۇسچە تەھرىر بۆلۈم باشلىقى يۈي جياگېڭ ئىدى، قازاقچە تەھرىر بۆلۈم باشلىقى ئىسمىدىن چىقىپ قاپتۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا، شۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە كۆپ خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدىغان بىردىن-بىر گېزىت ئىدى.

2 - شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش شارائىتى قولايسىز بولغاچقا شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇش غەرىزىدە ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت مەركەزلىرىدە 6 شۆبە گېزىت ئىدارىسى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى بىلەن قەشقەر شۆبە گېزىت ئىدارىلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭراق ئىدى. ئالتاي شۆبە گېزىت ئىدارىسى خەنزۇچە، قازاقچە گېزىتنى شىپۇگراپتا باساتتى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن شۆبە گېزىت ئىدارىلىرى خەنزۇچىنى ماي باسمىدا باسقاندىن تاشقىرى ئۇيغۇرچە گېزىتلەرنى مىخ مەتبەدە باساتتى.

ھەر قايسى شۆبە گېزىت ئىدارىلىرىنىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرىنى چۇڭچىڭنىڭ مەركىزىي رادىيو ئىستانسىسىدىن ياكى ھىندىستان يېڭى دېھلى ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئاڭلىتىدىغان خەۋەرلىرىدىن ئالاتتى. يېڭى دېھلى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ توك كۈچى كۈچلۈك ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا يېقىن بولغانلىقتىن، خەۋەرلەرنى بىر قەدەر ئېنىق ئالغىلى بولاتتى.

3 - «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۈسكۈنىلىرى شۇ چاغدا جياڭ جېشى ئىدارە قىلىۋاتقان رايونلار بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۆزىگە خاس ئاخبارات بۆلۈمى، رادىيو ئىستانسىسى مۇ-



كەممەل تېلېگرامما تەرجىمانلىرى بولۇپ، ھەركۈنى «جۇڭياڭشې»نىڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. مۇنداق ئۈسكۈنىلەرنىڭ بولۇشىغا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەب بولغان ئىدى. چۈنكى شۇ چاغلاردا جياڭ جېشى كونترول قىلىۋاتقان ھەر قايسى ئۆلكە مەركەزلىرىنىڭ تولىسىدا بىر نەچچە گېزىتخانىلار بولۇپ ھەممىسىدە مەركىزىي شۆبە «ئاخبارات ئىشخانىلىرى» بار ئىدى، بۇ ئىشخانىلار ھەر قايسى گېزىتخانىلارنى يېڭى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەيتتى، ئەمما ئۈرۈمچىدە بىرلا گېزىتخانا بولغاچقا ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش ئاخبارات ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇشقا توغرى كەلگەن.

شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىمۇ مۇكەممەل ئىدى. ئىككى چوڭ باسما ماشىنىسى ھەر خىل نۇسخىدىكى ھەرپ قېلىپلىرى، نابۇرخانىلىرى، پۈتۈن يۈرۈشلۈك فوتو ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى. شىنجاڭ گېزىتخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاق قەغەز ئىشلىتەتتى.

شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مول بولۇشىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور مىقداردا باسما مېيى، قەغەز، قوغۇشۇن سېتىۋالغان. پەقەت باسما مېيىنىلا ئالساق ئون يىل ئىشلىتىشكە يېتەتتى، قوغۇشۇن ماتېرىياللىرى يېتەرلىك بولۇپ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى 1943 - يىلى شىنجاڭ تەمىرات نازارىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان گۇڭگۇرت كىسلاتاسى كارخانىسىنىمۇ تەمىنلىگەن ئىدى. بىردىن-بىر كەمچىلىكى گېزىتنىڭ تىرازى ئاز بولغانلىقىدا. قەغەزگە نۇسخا چۈشۈرۈش (زىنشىڭ) ئۈسكۈنىلىرى يوق بولۇپ،

قوغۇشۇن ھەربىتە بىۋاستە بېسىلىدىغان بولغاچقا ھەربىلەر ئاسان ئۇپراپ، خەت ئوچۇق چىقمايتتى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى گومىنداڭ دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەمەس. ئۇ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساكوڭلياۋ ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ئىچكىرىدىن بەزى تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئارقىلىق «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى شۇنداق زور كۆلەمدە قۇرۇلۇپ تا ئازادلىققا قەدەر داۋام قىلىپ كەلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دەۋردە ھېچ قانداق كېڭەيتىلمىگەن ۋە تولۇقلانمىغان. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، سابىق باش مۇھەررىر لى شاگيو، كېيىنكى ۋاقىتتىكى گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ كۇڭتيەن، چىڭ شاۋشيەن، جاڭ جىپېي قاتارلىقلار ئاخباراتچىلىق كەسپىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر بولغاچقا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ جاھازلىرى ئازايغانكى كۆپەيمىگەن.

4 - «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئۆلكە بويىچە مۇكەممەل خەۋەرلىشىش تورلىرىغا ئىگە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جياڭجېشى كونتروللىقىدىكى رايونلارنىڭ ھەر قانداق گېزىت ئىدارىلىرىدا مۇنداق مۇكەممەل خەۋەرلىشىش تورلىرى يوق ئىدى. بۇنداق خەۋەرلىشىش تورلىرى شىڭ شىسەينىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۈرۈمچى، ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردە



مۇخبىرلىق گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنغان، بۇ گۇرۇپپىلارغا مۇئاۋىن شەنجاڭ ياكى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى مەسئۇل بولۇپ، ئۆز ئىدارىسىنىڭ ياكى ئۆز ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋاختى ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى» يېڭى خەۋەرلەرگە باي بولۇپ گېزىتنىڭ پۈتۈن بىر بېتىنى خەۋەرلەرگە ئاجرىتاتتى. مۇنداق ياخشى ئەھۋال شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەنگە قەدەر داۋام قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە مۇخبىرلارنى تەشكىللەش خىزمىتى ئىشلەنگەن بولسىمۇ ئەمما بۇرۇنقى ئەھۋالغا يېتەلمىدى.

5 - «شىنجاڭ گېزىتى» قوشۇمچە ئەدەبىيات بېتىنىڭ پائالىيەتلىرىدە جياڭجېشى كونتروللىقىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ گېزىتلىرى يېتىشەلمەيتتى. قوشۇمچە ئەدەبىيات بېتى ئومۇمەن شۇ چاغدا شىنجاڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ قالغان. چۈنكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا تېخى بىرەر ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتى ۋە بىرەر ئەدەبىيات ژۇرنىلىمۇ بولغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېزىشى، ئىجادىيەت مەشق قىلىش باغچىسى بولۇپ قالغان. يېزىقچىلىق مەنبەسى مول ۋە جانلىق ئىدى، 1945 - يىلىدىن كېيىن بۇ ئەھۋال تەدرىجى يوسۇندا توۋەنلەشتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىي ماقالىلارنىڭ مايىللىقىدىن ئېيتقاندا مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ چاغدىكى ياشلارنىڭ تېڭىرقاش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى شۇنىڭدەك مەيدە بۇرژۇئازىيە ياشلىرىنىڭ سىياسى مۇھەببىتى ۋە قايغۇ - ھەسرەت ھەم غەزەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىنتايىن ساغلام بولمىغان كەيپىياتلار بىلەن تولغان ئىدى.

## 3

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر كۈچلۈك تەشۋىقات ئورگىنى بولغانلىقتىن، شىڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر كۈنلۈك گېزىتنى تەپسىلىي كۆرەتتى. شىڭ شىسەي جىياڭ جيېشىگە تەسلىم بولىۋاتقان، گومىنداڭ تەرەپتىن ھەدەپ ئۆز يېنىغا تارتىلىۋاتقان چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقەنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالاتتى. گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ مەسلىكى ۋە سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىنىدىغان ماقالىلارنى ئارقا - ئارقىدىن گېزىتكە باستۇراتتى. ھەمدە گومىنداڭ خادىملىرى خەۋەر قىلغان يېڭى ئاخباراتلارغا ئىنتايىن ئېھتىياتلىق بىلەن قارايتتى. بۇنىڭدا سەل پەل ناتوۋاپىق يېرى چىقىپ قالسا دەرھال ئېيىپلايتتى، مەسىلەن: سۇڭمېيلىڭ ئۇرۇمچىگە كەلگەندە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاياللارغا قوللىنىدىغان «ئۇ»دېگەن ھەرپنىڭ ئورنىغا ئەرلەرگە قوللىنىدىغان «ئۇ» ھەرپىنى ئىشلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كارىرىكتورغا ئېغىر جازا بەرگەن. گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خارجى ئىشلار خادىمى ۋۇزېشىياڭ ئۇرۇمچىگە كەلگەندە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇنىڭ سۈرىتىنى باسقان، بەت ياسىغۇچى ۋە باسما ئىشچىلىرى ئۇنىڭ كۆينىكىنىڭ ياقىسىغا ئازىراق داغ كەلتۈرۈپ قويغانلىقتىن شۇ كۈنكى گېزىتنى پۈتۈنلەي قايتا باستۇرغان.

شىڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى» دە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خاتالىق دەپ ئېيىپلاۋەرگەنلىكتىن، «شىنجاڭ گېزىتى»



ئىدارىسى تەھرىر ۋە كارىرىكتورلارغا ئىمزا قويدۇرۇش، ئارگىنال سالاشتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشقا مەجبۇر بولغان. شىڭ شىسەي يەنە باش ماقالىلارغىمۇ دىققەت قىلاتتى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە باشماقالا يېزىش ھەيئىتى يوق ئىدى. باشماقالىلارنى ھەر قايسى بەتنىڭ تەھرىرلىرى ۋە باش مۇھەررىرلەر نۆۋەت بىلەن يازاتتى. تېمىسىنى ماقالا يازغۇچى ئۆزى تاللايتتى، ماقالا يېزىلىپ باش مۇھەررىر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئېلان قىلىناتتى. مۇھىم باش ماقالىلارنى تېلېفون ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە ئوقۇپ بېرىپ ئاڭلىتاتتى. شىڭ شىسەيدە ئەگەر باش ماقالىغا ئوخشىمىغان پىكىر بولسا ئۆز ۋاقتىدا تېلېفون ئارقىلىق تۈزۈتۈش بېرەتتى.

«شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولغاچقا ئۇنىڭ كادىرلىرى ۋە فاڭجېنى قاتارلىق تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيەت ئۆزگۈرۈشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1944 - يىلى باھاردا شىڭ شىسەي جىياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاپ گومىنداڭ كۈچلىرىنى چەتكە قېقىش غەرىزىدە، ئۇرۇمچىدە جىياڭ جيېشى پەرەست دەپ قارالغان سۇڭنىيەنسى، لاڭداۋخېڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى 4 - ئايدا بىر كۈندىلا قولغا ئېلىپ، سۇڭ جۇنكۇيىنى گېزىت ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا شىڭ شىسەي يەنە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىنى ۋە يەرلىك خادىملاردىن نەچچە يۈز كىشىنى قولغا ئالدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇھەررىرلىرى لى شاگيۇ مۇئاۋىن باشلىق سۇڭ جۇنكۇيلەرمۇ ئىلگىرى - ئاخىر قولغا ئېلىنىپ، خوجۇلۇق بولۇم باشلىقى سۇڭ يۈيشەن شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىن قىلىندى. سۇڭ يۈيشەن مۇھەررىرلىك

جىنەھەتتە ساۋاتسىز، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە ئىقتىدارسىز ۋە قابىلىيەتسىز بولغاچقا، شۇ بىر باسقۇچتا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ھەركىم ئۆز ئالدىغا مەشغۇل بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئاخبارات تەھرىرلىك، بېسىش، تارقىتىشنىڭ ھەممىسىدە بۆلۈملەر ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈردى. سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقانلاشقان مەزگىل ئىچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى شۇنداق بولۇپلا قالماستىن باشقا ئىدارە تارماقلاردىمۇ باشلىق، مۇئاۋىنلار قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرگەن ھەتتا بەزى ئىدارىلارنىڭ ئىشى توختاپ قالغان ئىدى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ كەلدى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى تېجۈكۈنتيەننى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىش بىلەنلا، شىنجاڭدا «3 ۋىلايەت» ئىنقىلابى پارتلىدى. شىنجاڭدىكى ھەربىي، سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەممىسى «3 ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىلغان بولۇپ، گومىنداڭ شىنجاڭ خەلقىنى غەپلەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن پارلاق خەۋەرلەرنى بېرەلەك قامال قىلغانلىقتىن «شىنجاڭ گېزىتى»دە «3 ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ئائىت خەۋەرلەرمۇ ئوچۇق ئېلان قىلىنمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەزگىل ئىچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ فاكچىنى قانداقتۇ «پارتىيە مەسلىكى»نى تەرغىب قىلىدىغان قۇرۇق گەپلەردىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن يەنە تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە: (1) گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ «تەسەللىي بېرىش سىياسىتى» بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ ھەر مىللەت ئىچىدىكى قالاق ئۇنسۇرلارنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى يۈزىگە تارتىپ پايدىلىنىش ھەرىكەتلىرى كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى (2) ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قوزغۇتۇلغان ھەرخىل مەدھىيە ئوقۇش قاتارلىق رەزىل ئويۇنلار تەشۋىق قىلىندى. گېزىتتە، ئېچىلغان مەجلىس، سوغا تەقدىم قىلىش، مېھمان چاقىرىش خەۋەرلىرى يېزىلىپ ئېيتقاندا شۇچاغدىكى بەزى ئىجتىمائىي ئەرباپلار مەسخىرە قىلغاندەك قانداقتۇر «ئىلاھىي قانۇن»، «دۆلەت قانۇنى»، ئادىمىگەرچىلىك، چاي، گەزلىمە، پۇل بىلەن «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاكچىنى» يەنە قانداقتۇر «لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكى» «سوغا تەقدىم قىلىش ئۆمىكى» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلان قىلىناتتى. گېزىتكە ئېلانلار بالانى ھەنجاڭنىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشىغاندىن كېيىنكى «مەدھىيە» بېغىشلىمىسى، ھەتتا فېئودال سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «خىزمەت كۆرسەتكەنلىك نامايەندىسى»، «ئون مىڭلىغان پۇخرالارنىڭ ھامىي كۆڭلىگى» قاتارلىق تارىختىن نەرسىلەر بېسىلىپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى.

1945 - يىلى باھاردا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى جەڭشياۋشەن، جوكۈنتيەننىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. جەڭشياۋشەن ئۆز ۋاقتىدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بولغاچقا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە ۋۇ جۇڭشىننىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلاتتى.

گومىنداڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نى ھەدەپ كونترول قىلىش خىيالىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە بەزى ئىلغار كۈچلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، گومىنداڭنى ئەنسىرىتىپ غەم - غۇسسىگە چۆشۈرۈپ قويغان ئىدى. جەڭشياۋشەننىڭ پىلانلىشى بويىچە ئىلغار كۈچلەرنى

ئاجىزلىتىش مەقسىتىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن فىرقىغا ئەزا قو
بۇل قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. جىڭ شىياۋشەننىڭ بېسىمى
ئاستىدا گەرچە بەزى ئىشچى- خىزمەتچىلەر گومىنداڭغا مەجبۇرى
ئەزا قىلىنغان بولسىمۇ، يۈيجياگىز، چېڭدې قاتارلىق بەزى
ئىشچىلار ئەزا بولۇشنى رەت قىلدى ھەتتا ئىلتىماس يېزىشقا بېرىلگەن
قەغەزلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى. دېمەك جىڭ شىياۋشەن
گەرچە شەكلەن بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى فىرقىگە كىرىشكە
مەجبۇر قىلالىغان بولسىمۇ ئەمما ئىلغار كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرال
مىدى. ئىلغار كۈچلەر شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدا داۋاملىق ساق
لىنىپ قېلىۋەردى!

1945 - يىلى 11 - ئايدا جىڭ شىياۋشەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باشلىق بولۇپ يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدىرى جاڭ جىڭپېي باشلىق بولۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنلىرى دەل «3 ۋىلايەت» مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرىغان، ئاقسۇ، قاغىلىق قاتارلىق جايلار «3 ۋىلايەت» مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئامالسىز قالغانلىقتىن جياڭ جېشى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ «3 ۋىلايەت» ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئادەتتىن تاشقىرى چۈشكۈنلۈك پەيدا بولدى. مۇنداق ۋەزىيەت «شىنجاڭ گېزىتى» دىمۇ ئەكس ئەتكەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغدا جەمئىيەتتە بەزى ساغلام بولمىغان ئەھۋاللارمۇ ئەكس ئەتتى. مەسىلەن: گومىنداڭنىڭ زور تۈركۈمدىكى ياش ھەربىي ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇرۇشى بولمىغان بۇنداق تىنچلىق شارائىت ئىچىدە ئۆي



تۆكۈن قىلىنىش ئىشلىرى مەنىسىز قىزىپ كەتتى. ئۆي ئېلانلىرى گېزىتتە ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۆينى تەبرىك- لەيدىغان ئېلانلارمۇ بىر مەھەل ئەۋج ئالدى. بۇنداق ئېلانلار دەسلەپتە پەقەت تەبرىك سۆزلىرىدىن ئىبارەت بولغان بولسا كېيىنكى چاغلاردا ئەڭ پەسكەشلىك دەرىجىگە يېتىپ، قاندىقتۇ «قازانغا چۈشكەن گۈرۈچ خام قالمايدۇ، يوتقانغا كىرگەن قىز ساق قال- مايدۇ» دېگەندەك ئىبارىلەرمۇ بېسىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھەتتا ئاتالمىش 5 - كورپۇس باشلىقى ماچېڭ شياڭ ئۆي قىلغاندا ئۇنىڭ ئۆي ئېلانى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ پۈتۈن بىر بېتىنى ئىگەللىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللار شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھۆكۈمە- ران تەبىقىنىڭ چىرىكلەشكەن ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قال- ماستىن بەلكى گېزىتلەرنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم خەۋەر- لىرىنى باسىدىغان باغاققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال شۇ چاغدا گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى باشقا- رايونلارنىڭ گېزىتلىرىدە ئادەتتە كۆرۈلمىگەن ئىدى.

## 4

جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن «شىن- جاڭ گېزىتى» ئەمەلىيەتتە جاڭ جىجۇڭنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆت- تى. شۇ چاغدا، لەنجۇدا چىقىدىغان مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەر- رىرى خۇاڭ جېنشيا «شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلدى. جاڭ جىجۇڭ بۇ ماقالى- نى ناھايىتى ياقتۇرۇپ خۇاڭ جېنشيانى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭ

گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭ زىگېڭنى مائاۋىن باشلىق-
لىققا، ما سىبەيىنى مۇھەررىرلىككە تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ
«شىنجاڭ گېزىتى»دە يېڭى ۋەزىيەت باشلاندى.

بۇ مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ-
نىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيە ئەھۋالى ئۈستىدە ئىزدى-
نىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. تۇۋاڭ چىڭشيا، ما سىبەي
قاتارلىقلار بىر قىسىم كىشىلەر ئارقىلىق بىر مۇنچە ماقالىلارنى
مەسىلەن: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»، «گېڭ گوڭ-
نى تەتقىق قىلىش» ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى جۇغراپىيىسى توغ-
رىسىدىكى ماقالىلارنى يازغۇزدى. بۇ ماقالىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى
بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەردە شىنجاڭنى تەتقىق قىلىش ھەۋىسى
قوزغالدى ۋە بۇ بىر كەيپىياتقا ئايلاندى. مۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى
«شىنجاڭ گېزىتى»دە شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ئىلىم-پەن ساھە-
سىدە كورۈلمىگەن ئىدى. بۇخىل كەيپىيات شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ
سىياسى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگۈرۈشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. گومىنداڭ
شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىل-
گىرى شىنجاڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئانچە كوپ چۈشەنچىسى بول-
مىغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، بىر يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەل-
تۈرۈش ئۈچۈن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتا ھەممە جەھەتتىن مەلۇم
بىر يېڭى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم» دەپ ھېساپلىدى. شۇ
سەۋەپتىن «شىنجاڭ گېزىتى» يۇقۇرىدىكىدەك تەتقىق قىلىش ۋەزىيە-
تىنى ئوز ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىككىنچى بىر نۇقتىدىن قارى-
غاندا گومىنداڭنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى،
سىياسى فاكتىنى جەھەتتە: تىنىچلىق، گۈللىنىش ۋە چىرىكلىش-
شكە قارشى تۇرۇش ئۈستىدە ھەدەپ سېتىشقا باشلىدى. شۇنداق



قىلىپ بۇ مەزگىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئىلگىرىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇ-
تۇرغاندا بىر قەدەر يېڭىلىق مەيدانغا چىققاندەك بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاڭ جىجۇڭمۇ «3 ۋىلايەت» بىلەن
سوھبەت ئېلىپ بېرىشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن،
«شىنجاڭ گېزىتى»دە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش پاكىتىنى
ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتلىرىنى
تۈگەتتى، يۇقۇرىدىكى پاكىتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك
بىرقانچە تەدبىرلەرنىمۇ كوردى. مەسىلەن:

بىرىنچى، 1946 - يىلىنىڭ باشلىرى لۇيچى باش مۇ-
ھەررىرلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى» چوڭچەكىدە
چىقىدىغان «داگۇڭباۋ گېزىتى»نىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
گە ماتەم» سەرلەۋھىلىك باش ماقالىسىنى ئەينەن كوچۈرۈپ
باسقانلىقتىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
ماتەم دېگەنلىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماتەم دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ
لۇيچىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

ئىككىنچى: 1946 - يىلى كۈزدە تەھرىرلەردىن چىڭ-
لى ئىلىدا يۈز بەرگەن سىياسى ئۆزگىرىش ھەققىدىكى يې-
ڭى خەۋەر ماقالىسىغا «بۇ يوپۇرۇققا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى
بولسۇن» دەپ ماۋزۇ قويغانلىقتىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۇنىمۇ
ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

ئۈچۈنچى: تەھرىرلەردىن ۋاڭ جەنخۇڭمۇ ماقالىلارنى بىر تەھ-
رىر قىلىشتا يۇقۇرقى پاكىتقا خىلاپ ئىش قىلغانلىقتىن جازالان-
دى. 1946 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭ بىلەن «3 ۋىلايەت»
ۋەكىللىرى «بىتىم» ئىمزالاپ بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇردى. جاڭ-
جىجۇڭ ئەپەندى بىر تەرەپتىن ھەر مىللەتنىڭ تىنچ يول بىلەن

بىرلىككە كېلىشنى تەكىتلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن «3 زىياندااشى»ناڭ ئۆلكىسىگە رەئىس سايلاش مەسىلىسىدە كۈرەش بولدى.
نى يەنى خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىكنى يوقۇتۇش ھەزلىياڭ كوچىلىرىدا ئىنقىلاپچىلار بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ئوت-
نى تەكىتلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باشى ماقالىلىرىدا بۇ فاكتورىسىدا توقۇنۇشلار داۋاملىق يۈز بەردى.
جىن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئەمما تېز بولۇشى «3 زىياندااشى»نى بۇ مەزگىلدە خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» «3 ۋىلايەت»
يوقۇتۇش ئىشى شىنجاڭدا غىل - پال قىلىپلا ئوتۇپ كەتتى - خاھ غالجىرلارچە قارشى تۇرۇش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ
لاسى. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايى ەركەتلەر تۆۋەندىكىچە:
سى جايلىرىدا ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدىكى
كورەش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ سىياسى ۋەزىيەت باشقا بىر 3
يېڭى باسقۇچقا كىردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ
قىيا پەتىدىمۇ ئۆزگۈرۈش بولدى: تېچلىق بېتىم ئىمزالانغاندىن
كېيىن «3 ۋىلايەت» ۋەكىللىرىنىڭ تەلەۋى بويىچە ئۇيغۇرچە
«شىنجاڭ گېزىتى»نى ئايرىپ، ئايرىم قۇرۇش «شىنجاڭ گېزىتى»
نىڭ بارلىق ئۇسكۇنىلىرىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن تەڭ بولۇشەك
چى بولدى. بولۇشۇشتە تالاش - تارتىش ئىنتايىن كەسكىن بول-
دى. دەل شۇ ۋاقىتتا 1946 - يىلى قىشلىقى «شىنجاڭ گېزىتى»
ئىدارىسىدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، نابۇرشىكلار ئىشخانى
سى بىلەن باسماخانا ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىككىگە ئايرىلدى، خەنزۇچىسى گومىن
داڭنىڭ قولىدا، ئۇيغۇرچە، قازاقچىسى «3 ۋىلايەت»نىڭ قولىد
بولۇپ، روسچە گېزىت توختاپ قالدى. بۇ ئەھۋال تاكى ئازات
لىققا قەدەر داۋام قىلدى. «3 ۋىلايەت» ئىنقىلاۋى دولقۇنىنىڭ
ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش
بارغانسېرى كۈچەيدى. 1947 - يىلى «25 - فېۋرال» ۋەقەسى يۈز
بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن 7 - ئايدا ئولكۈلۈك سەنىيەخۇيدا شىن



1 - باشى ماقالىلاردىن ۋە باشقا ماقالا شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ
ا بىر 3 ۋىلايەت»كە قارشى مۇھاكىمە - مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ؛ مەسىلەن:
»نىڭ دۇنيادا ئالا توپۇلاڭنى بېسىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم تىپى» قاتارلىق
ۋزۇدىكى ماقالىلار ئارقىلىق ئىنقىلاۋى ھەركەتلەرنى قاتتىق باستۇرۇش
ورۇلىگىنى تەكىتلىدى. بۇ ماقالىلارنى كۆپۈنچە گېزىت ئىدارىسىنىڭ
ۇئاۋدىن باشلىغى قوشۇمچە باشى مۇھەررىرى لىيۇ باگىيۇەن بىلەن ما-
ۇسرىيال بولۇم مۇدىرى گۇڭ جۈپىمىن لەر يازاتتى.
2 - ئاتالمىش مۇشتىرىلەردىن كەلگەن خەت - چەكلەر شەكلىدىن پايدى-
سنىپ «3 ۋىلايەت»كە قارشى كەيپىيات قوزغىدى، بەزى چاغلاردا ھەتتا
ويغۇرچە ئىسىمنى سۈيى ئىستىمال قىلىپ، يالغاندىن ئۇيغۇرلار ياز-
ان ماقالا دەپ كورسۇتۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزدى.
ەسىلەن: لى فەنچۈن ئۆزىگە «تۇرسۇن» دېگەن تەخەللۇسنى
ىشلىتىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «3 ۋىلايەت»كە قارشى تۇرۇشقا
ۇشكۇرتكەن ئىدى.
3 - ئۇيغۇرچە گېزىت بولۇنۇپ چىققاندىن كېيىن «شىنجاڭ
ېزىتى» ئىدارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن تەھرىر ۋە ئىشچىلار
الىمغان ئىدى. ئەمما گومىنداڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەك-
سىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى بېسىپ تارقىتىش ئۇچۇن بىر
ۇركۇم خەنزۇ ئىشچىلىرىنى ئۇيغۇرچە يېزىق ئوگۇتۇپ تەربىيىلىدى.

ئۇلكۆلۈك كېڭەشى يىغىن ئاچقان مەزگىللەردە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىشلىمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئايال ئىشپىيون چېن لىن
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپى لىيۇ مىڭچۈننىڭ يول[illegible]اتىرىيال بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ ئايال ھەركەتتە لىيۇXXغا
رىغى بىلەن زور مىقتاردىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىل[illegible]اسلىشاتتى . ۋە گو شىڭجېننىڭ خوتۇنى جىڭ XX بىلەن يېقىن
ۋەتنى بىسىپ كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىدا تارقاتتى. [illegible]ولغانلىقتىن ئۇ ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى كېڭەيتەلەيتتى.

4 - «3 ۋىلايەت»كە قارشى بەزەن ماقالىلارنى، ھەتتا لىيۇ مىڭ[illegible] 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئۇيغۇرلاردىن بىر ئىنقىلاۋى يىگىت
چۈن ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ماقالىلارنى «شىنجاڭ گېزىتى»[illegible]ەنلىيالىڭ كوچىسىدا سەنچىڭتۇەن (سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى)
دە باش ماقالە ياكى ئوبزور شەكلىدە ئېلان قىلدى. [illegible]ىڭ بىرخىزمەتچىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان

5 - مۇندىن باشقا يەنە بەزى سىياسى كورەشلەرگە ماسلىشىپ [illegible]ولتۇرۇشلۇق نەنخۋايۇەنگە قېچىپ كىرىپ مۇكۇۋالغاندىن كېيىن،
ۋىلايەت»كە قارشى زور مىقتاردىكى يېڭى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى[illegible]ۇئاۋىن باشى مۇھەررىرلى فەنچۈن «نەنخۋايۇەننى تەكشۈرۈش» سەرلەۋ-
شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدا قىسمەن ئىشلىغان ئىشچىلار بارئىدى[illegible]ەلىك ئوبزور يېزىپ، ئەكسىيەتچى ھەربى ۋە ساقچى ئورگانلىرىنىڭ
ئۇلار 1946 - يىلى بىر قېتىملىق ئىش تاشلاپ گېزىتنى 3كۈن[illegible] نەنخۋايۇەننى ئاختۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى.
توختاتتى، بۇ «شىنجاڭ گېزىتى» تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق[illegible] ماقالىغا قارىتا ئەخمەتجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان بىر پار-
ئىش تاشلاش ئىدى. 1946 - يىلى 10 - ئايدا گو شىڭجېن[illegible] ئوچۇق خېتى ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلدى. بۇ خەت-
(غەربى شىمال ھەربى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى[illegible]ىڭ ئومۇمى مەزمۇنى: سىزنىڭ گېزىتىڭىزدە مەن ئولتۇرۇشلۇق
خۇاڭ جېنشاننىڭ ئورنىغا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى[illegible]نى ئاختۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپتۇ، مەن ئاختۇرۇشقۇچىلارنى
بولغاندىن كېيىن، باسما زاۋۇتىنى ياخشى ئىدارە قىلالماق[illegible]ارشى ئالىمەن، دېيىلگەن. بۇئەھۋالغا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى
بولدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. [illegible]اتتىق خاپا بولۇپ لى فەنچۈنگە خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشى
مىنداڭ دائىرىلىرى زاۋۇتتا كونترول قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەي[illegible]تىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى.
زورۇر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن گو شىڭجېن شىنجاڭ قىسىملىرى باش[illegible] «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 3 ۋىلايەتكە ئەسەبىلىك بىلەن قارشى
ئۇماندانلىق شىتابى (زۇڭسىلىڭبۇ) 2 - باشقارمىسىنىڭ (ئىشپىيونلار[illegible]ۇرۇش ھەركەتلىرى 1947 - يىلنىڭ بېشىدا باشلىنىپ 1947 -
باشقارمىسى) باشلىقى شى ۋەنشۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ[illegible] يازغىچە تېخىمۇ جىددىيلەشتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا «3ۋى-
ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭشىنتۇڭ ( ھەربى سىستېم[illegible]لايەت» خەلق ئاممىسى «تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭى»
ئىشپىيونى لىيۇXXنى شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتى[illegible]نى قوزغىدى، بۇ قوزغىلاڭ گومىنداڭنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغ-
نىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ، ئىشچىلار ئۈستىدىن نازارەت[illegible] قۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن «3ۋىلايەت» ھۆكۈمەت خا-
لىشى، كۆزىتىش ۋە ئىلغار ھەركەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى[illegible] ئۇرۇمچىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئىلىغا قايتىپ

كەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گومىنداڭ 7 ۋىلايەت دائىرىسىدە ئاشى ماقالا ۋە تەھرىرلىك فاكىجىنىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈس-
مىش «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» ھەركىتى ئېلىپ باردە مەسلىھەتلىشەتتى ۋاھالەنكى بۇ مەسلىھەتلەر تېخنىكا خا-
شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلاردىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىمۇ ئىلمىگە قايىتكىتىرلىق ئىشلار ئۈستىدىلا بولۇپ، بەتنى قانداق رەتلەش،
كىتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇندىن باشلاپ «7 ۋىلايەت» بىلەن «3ۋۇتىنى تەرتىپكە سېلىش، ئاخبارات ئىشلىرىنى كۆچەيتىش، باش
لايەت» ئوتتۇرىسىدىكى جىددى كورەشلەر تاكى ئازاتلىققىچە قالا يېزىش ........ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىشلار
قەدەر پەسەيگەندەك بولدى. شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئىلگىرلىشىگە نىسبەتەن ھېچ قانداق رول
يىنيالمىدى.

## 5

1948 - يىلىنىڭ دەسلىۋىدە، ۋاڭ سىچىڭ شىنجاڭ گېزىت ئى-
ردىسىغا باشلىق بولدى. مۇئاۋىنى ليۇ باگيۇەن شىنجاڭ خەۋەر-

1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا «شىنجاڭ گېزىتى» ھەر خىل ۋى گېزىتىگە باشلىق بولۇپ يوتكەلدى، ليۇ باگيۇەنگە يېقىن
تىرديال قىيىنچىلىقلىرىغا دۇچ كەلدى، ھەتتا ئاق قەغەزمۇ كەمچەھەرلەردىن گۇڭ جۇيمەن، ياڭ زوڭجۇلارمۇ
بولۇپ، رەڭلىك قەغەز ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى، ئىچكى شىنجاڭ خەۋەرلىرى گېزىتىگە يوتكەلدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا
سىمدا ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىناقلىق بولمىدى. بۇ قىيىنچىلىك چۈەنچۇ گېزىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە باش
دۇچ كەلگەن گوشىگجىين خىزمەتتىن چېكىندى. غەربى - شىمال ھەررىر بولدى، لى شۈيمىن گېزىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
مۇرى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى ليۇ مىڭچۈن بىر تەرەپتىن ئوقلىغىدا ۋە قوشۇمچە باش جەڭلىلىقتا تۇرۇۋەردى. يەنە بىر تە-
شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىغا قوشۇمچە باشلىق بولدى، يەنە ەپتىن لەنجۇدىن يوتكۇلۇپ كەلگەن ۋۇسۇڭ، ياڭ بەيدا قاتار-
تەرەپتىن غەربى - شىمال مەدەنىيەت جەمىيىتى باش گەنسىسى ۋاقلار تەھرىرلىككە ئورۇنلاشتى. ۋاڭ سىچىڭ گېزىتچىلىك ئىشلە-
سىچىڭنى گېزىتخانىغا باشلىق بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ليۇ مىدا بىر ئاز تەجرىبىلىك بولغاچقا ئۇ كېلىش بىلەنلا «شىنجاڭ
چۈن گېزىت ئىدارىسىغا قوشۇمچە باشلىق بولغان مەزگىلدە، شبېزىتى»نىڭ قىياپىتىدە دەرھال ئوزگۇرۇش بولدى. ۋاڭ سىچىڭ
جاڭ گېزىت ئىدارىسىنى تەرتىپكە سالماقچى بولۇپ شىياۋېيىخەەنجۇدىن قېلىپ (نۇسخە) ئىشچىلىرىنى تېپىپ كېلىپ، قە-
تەن ۋېيشى، جازىگېي، يۈي يىخىڭ، ياڭ يۈگېي، لى فەنچۈن، تاەز قېلىپ (نۇسخە) ئىشلىتىشنى يولغا قويدى. ياڭ بەيدا قو-
تيەنبەي قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچى بولۇشقا ئالاھىدە تەكلىۇمچە بەتنى تەھرىر قىلىشتا بۇرژۇئا چوڭ گېزىتلىرىدىكى قو-
قىلدى. بۇلار ھەر ئاخشىمى شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىغا توپلىۇمچە بەت ئىستىلىنى قوللۇنۇپ بۇرۇنقى ئەپلەپ - سەپلەپ
نىشاتتى. بەزى چاغلاردا ئۇلار ليۇ مىڭچۈننىڭ ئۆيىگە توپلۇنۇۇراشتۇرۇشتەك ئۇسۇللارنى ئۆزگەتتى، بەت يۈزىدىمۇ
ەرخىل خەت نۇسخىلىرى كۆپەيدى. بەت شەكىللىرى بىر قەدەر

يېڭىلانىدى، بۇ مەزگىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ قىياپە
ھەقىقەتەن يېڭى بىر تۈسكە كىرىپ، دەرۋەقە بۇرژۇئا چوڭ گېزىتئاستا
لىرىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. لېكىن بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ «ۋ
قىتلىق تېچ» بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن
جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى لەنجۇغا كېتىپ قالدى، ئەسلىدىكى چا
ماق تېزلىكىدە باشلانغان «3 زىيانداشنى يوقىتىش» ھەركى
ھەل - يال قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ جېيشى ئۈزلۈكسىز ئىچكى
ئۇرۇش قوزغىدى. مال باھاسى ئۆرلىدى، خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى
ۋە ئائىلىلار بىر تەرەپتىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنىڭ دەردىنى تار
سا يەنە بىر تەرەپتىن ۋەزىيەتتىن ئىچى پۇشۇپ ھەدەپ ھاۋايى
ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ خىيانەتچىلىك، چېكەرمەنلىك، قىمارۋازلىق
ئەۋج ئالدى. ئەمەلدار سورۇنلىرىدا ھايانكەشلىك، نەپسانىيەتچىلىك
لىك، ساختىپەزلىك ئەھۋاللىرىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇنداق ئىدىيە
كەيپىياتلار شىنجاڭ گېزىتىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇردى. ئىجتىمائى
زۇلۇمنى ئەزەلدىن پاش قىلالمايدىغان «شىنجاڭ گېزىتى»گە
چاغدا زۇلۇمنى پاش قىلىدىغان خەۋەرلەرمۇ ئۈزلۈكسىز چىقى
تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن بەزى كىشىلەرنىڭ چاكىنا ئەسەرلى
رىمۇ بېسىلدى، جەمئىيەتنىڭ ناچار قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈر
دىغان سېرىق خەۋەرلەر ھەتتا قانداقتۇ «تۈلكىي پەرىزات» قاتا
لىق ئەسەرلەرمۇ پۈتۈن بىر بەتنى ئىگەللىدى. شۇنىڭ بىلە
شىنجاڭ گېزىتىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى ئاستا - ئاستا تۆۋەنلە
شىپ، بارغانسېرى بۇرژۇئازىيە قىزىقىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى

1949 - يىلى ۋاڭ سىچىڭ ئۈرۈمچىدىن كەتتى. تەن ۋېيشى
گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى، ئىچكى جەھەتتە زور ئۆ



گۈرۈش بولمىدى. بىر مەھەل جانلىنىپ كەتكەن ۋەزىيەتمۇ ئاستا-
ئاستا چۆشكۈنلەشتى.

1949 - يىلىنىڭ بېشىدىن ئازاتلىققا قەدەر، خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسى جەنۇبىي جۇڭگوغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. شىئەن، لەن-
جۇ، ئارقا - ئارقىدىن ئازات بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئېغىر دەرىجىدە ئالاق - زادىلىق، تېڭىر-
قاش، بۇرۇختۇملۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ كەيپىيات «شىن-
جاڭ گېزىتى»دىمۇ ئەكس ئەتتى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا ما بۇفاڭ غەربىي - شىمالدىكى ئەمەلدارلار-
نى ئىشقا سېلىپ، گەنسۇنىڭ شەرقىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى-
نىڭ شىئەنگە كىرىشىنى توسۇپ پۈتۈن غەربىي - شىمال رايونىنى
ما بۇفاڭ جەمەتىنىڭ دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە بولدى. شۇ
چاغدا ما چېڭشياڭ ئۈرۈمچىدە «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى»نى چىقى-
رىپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ھەدەپ تەشۋىقات ئېلىپ
بېرىپ ما بۇفاڭ جەمەتىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۆككە كۆتەردى ۋە
بىر مەھەل ناھايىتى غالجىرلىشىپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا شىن-
جاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ يولىيو-
نىسى ئارقىلىق تېچ يول بىلەن ئازات بولۇش ئۈستىدە پىكىر-
لىشىۋاتاتتى، شۇ سەۋەپتىن «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن «يېڭى
شىنجاڭ گېزىتى» ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىككى سىياسىي لۇشەنگە ۋەكىل-
لىك قىلىدىغان كۆرەش باشلىنىپ كەتتى. بىراق كۆرەشنىڭ شەك-
جەھەتتە «شىنجاڭ گېزىتى» يېپىق شەكىلدە ئازدۇر- كۆپتۇر
ئۆچلۇق تەشەببۇسلىرىنى ئىپادىلەيتتى، 1949- يىلى شىنجاڭ ئازات

بولدى، شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ گومىنداڭ هۆكۈمرانلىقىغا قۇرال بولۇپ ئىشلەش ۋەزىپىسىگە خاتىمە بېرىلدى. دىمەك ئۇنىڭ نەشىر قىلىنىش جەريانى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئۆزگۈرۈش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قوشۇمچە :

شىنجاڭنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ئەلۋەتتە مۇھىمى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گومىنداڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۈستىدە توختالغاندا گومىنداڭ مەركىزىي ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى شوبىسىنىڭ ئەھۋالىنى قوشۇمچە ئورنىغا قويۇپ ئۆتۈشنىمۇ زورورىيىتى بار. چۈنكى بۇ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق خىزمىتىنى كونترول قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپى.

مەركىزىي ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شوبىسى 1943 - يىلى 9 ئايدا قۇرۇلغان. شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقى چېن ۋەنلى، تەھرىرى شىن زۇگىلىن بولۇپ يەنە 3 نەپەر رادىستلىرى بار ئىدى. مەركىزى ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شوبىسى شىياۋشېزىدىكى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان ئۇنىڭ 200 ۋالىق بىر ئاپپاراتى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى خەۋەرلىرىنى توپلاپ مەركىزىي ئاگېنتلىقنى تەمىنلەيتتى. توپلىغان خەۋەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ماقالە ئورنىدا ئىشلەتسە بىر قىسمىنى گومىنداڭ مەركىزىي ئىچكى قىسمىدا پايدىلىنىش خەۋىرى سۈپىتىدە ئىشلىتەتتى، ئۆز يېرىدە بېسىپ خەۋەر تارقاتمايتتى.

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا چېن ۋەنلى كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا مۇنداق بىر خىل سۆزلەر تارقالغان



ئىدى : ئەيتىشلارغا قارىغاندا چېن ۋەنلى شىڭ شىسەينىڭ بەزى مەخپىي ماتېرىياللىرىنى گومىنداڭ مەركىزىگە بەرگەنلىكىدىن شىڭ شىسەي خەۋەر تاپقان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن چېن ۋەنلى كېسەل بولغاندا شىڭ شىسەي داۋالاش ئۈچۈن دوختۇر ئەۋەتىپ ئاتاقتا غەمخورلۇق ئەملىيەتتە زەھەرلىك ئوكۇل سالغانلىقتىن گەپ قىلالماس بولۇپ قېلىپ، ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۆلگەن ئىكەن. چېن ۋەنلىدىن كېيىن جۇڭياڭ ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شوبىسىگە باۋ ۋېيخەن مۇدىر بولدى، ياڭ يۈگېي تەھرىر ۋە قوشۇمچە مۇخبىر ئىدى. باۋ ۋېيخەن ئانچە ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. سىرتتىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياڭ يۈگېي باشقۇراتتى.

1945 - يىلى 9 - ئايدا باۋ ۋېيخەن ئىچكىرىگە قايتقاندا ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ يۈگېي مۇدىر بولدى. بۇ چاغدا مەزكۇر شوبە ئاگېنتلىقىنىڭ خىزمىتىدە زادى ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. مەزكۇر ئاگېنتلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىستانسىسى بولغانلىقى ھەمدە ماقالىلارنى تەكشۈرۈش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزى ئاگېنتلىق بىلەن ئوخشىمىغان مۇناسىۋەت قىلالايتتى. 1944 - يىلى 8 - ئايدا شىڭ شىسەي گومىنداڭچىلارنى ھەدەپ قولغا ئالغان ۋاقىتتا ئاخباراتنى قامال قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۈرۈمچى شوبە ئاگېنتلىقىنى قامال قىلالمىدى. شۇ سەۋەپتىن شىڭ شىسەينىڭ شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بۇ ئاگېنتلىق چوڭچىڭگە مەلۇم قىلىپ تۇردى. 1947 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى شىنجاڭنىڭ ئاخبارات خىزمىتىنى كېڭەيتمەكچى بولۇپ، ئۈرۈمچى ئاگېنتلىقىغا ئاخبارات ماقالىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىلا بەربات بولۇپ كەتتى.

1948 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
چاقىرغانىدا ھەرقايسى جايلاردىن ۋەكىل سايلاندى. مەركىزى
باش ئاگىنتلىقى ھەر قايسى جايلاردىكى شۇبىلىرىگە سايلامنى
تىزگىنلىۋالغان قاراپچەردىلەرنى پاش قىلىشقا يوليورۇق بەردى
شىنجاڭدا ۋەكىل سايلىمى پۈتۈنلەي تىزگىنلەنگەن ھەتتا ئىچكى
قىسىمدا بېكىتىلگەن ئىدى. ياڭ يۈگېي باش ئاگىنتلىقنىڭ يول
يورۇقىغا ئاساسەن، غەربى شىمال مەھكىمىسىنى قىستاپ ئۆزىنىڭ
ۋەكىللىككە سايلىنىشىنى، ساختىسايلامنى پاش قىلماسلىقنىڭ شەرتى
قىلدى، نەتىجىدە ياڭ يۈگېي شىنجاڭ دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەك
لى ھەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياڭ يۈگېيدىن كېيىن شاۋشاۋتىيە
ئۇرۇمچى شۆبە ئاگىنتلىقىنىڭ مۇدىرى بولدى، ئۇ خىزمەت قىلغا
مەزگىلدە ليۇ مىڭچۈن بىلەن كوپقېتىم توقۇنۇشۇپ قالغان، شى
جاڭ دائىرىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان بېرىش
كېلىش مۇناسىۋەتلىرىگە مەسىلەن: جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىي
شىركىتىنىڭ توختام مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا شۇنىڭدەك سوۋېت ئى
تىپاقىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۈسكىنىلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۈرۈمچىدىكى
تېلفون قۇرۇلمىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشتىن - ئاياق دۈشمەن
لىك پوزىتسىيىدە بولۇپ، «مۇستەقىل ئاخباراتچىلىق ئاپپاراتى
بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ
مۇناسىۋىتى ناھايىتى ناچارلاشتى. ماجىڭشياڭ «يېڭى شىنجاڭ
گېزىتى» نەشىر قىلغاندىن كېيىن شياۋشاۋتىيەن «يېڭى شىنجاڭ
گېزىتى»گە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىچكىرىكى چەھەتتە يار
دەملەشتى، تاكى شىنجاڭ ئازات بولغاندىلا بۇ ئىشلارغا خاتىمە
بېرىلدى، شياۋشاۋتىيەن ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرۇۋال
غانلىقتىن خەلق ھوكۇمىتى ئالى جازا ھوكۇم قىلىپ باستۇردى

(1963 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)



# 1932 - 1934 - يىللىرى، جەنۇبى شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمە

— جاڭ باۋشىن سۆزلەپ بەرگەن، يەن زۇخۇەن خاتىرىلىگەن. —

1931 - يىلى قۇمۇل توقۇلۇدا تۇرۇۋاتقان جاڭ
ئىسسىمىلىك ① بىر باشلىق ئۇيغۇر قىزنى زورلۇق بىلەن
نىكاھىغا ئېلىۋالغان؛ كېيىن ئۆلكە تەرەپ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ۋاڭىغا تەۋە يەر - زېمىن ② لەرنى شۇچاغدىكى يەرلىك ئەمەلدار-
لارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزگەرتىۋالغان ئاتالمىش
يەر - زېمىنلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشى ناموۋا-
پىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت باشلىقلىرىدىن غوجا-
نىياز ھاجى ③ يولۋاس ، مەھمۇت مۇھىتى ⑤ قاتارلىقلارنىڭ
باشلامچىلىقىدا شۇچاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قۇشۇم-
چە چىگرا مۇداپىئە دۇبەنى جىن شۇرېننىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قار-
شى ئاممىۋي قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شۇيىلىنىڭ ئاخى
رىدا جىن شۇرېن قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە باشلىقى ئېيىڭ
غا تېلىگىرام ئەۋەتىپ، ئۇنى دەرھال ئۈرۈمچىگە
يۆتكەپ كېلىش بىلەن ⑥ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا
ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ 4- ئىن
نىسى جىن شۇجۇنى دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ

ئۇستۇرۇپ قەشقەرغە ئىيلىق نىڭ ئورنىغا ئۆتەتتى. مەن
جىن شۇجېن بىلەن بىرگە قەشقەرغە بېرىپ توپچى قىسىملەر لىيەنىنىڭ
لىيەنجاڭى بولدۇم. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن
ھەم ئاڭلىغان قالايمىقانچىلىقلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ
ئۆتىمەن:

ئولكە ئارمىيىسى قومۇلنىڭ غەربىدە بولغان دەسلەپكى جەڭ-
دە غەلىبىگە ئېرىشەلمەي قەشقەردىن ئولكە ئارمىيىسىنىڭ دىۋى-
زىيە باشلىقى ئىيىڭنى يوتكىگەن بولسىمۇ ئۇ، ئۈرۈمچىگە كى-
لىپلا كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئاندىن جىن شۇرېن ئىلى بوز-
يەر ئوزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭپېيۈەن ⑦ بىلەن، دۇبەن مەھ-
كىمىسىنىڭ سەنمۇسى شىڭشىسەيىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قومۇلغا
ياردەمگە ئەۋەتىپ، خوجانىياز ھاجى قاتارلىقلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى
بىلەن ماجۇڭيىڭ⑧ نىڭ خۇيزۇ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. خوجانى-
يازھاجى تاغلىق رايونلارغا كىرىۋالدى ماجۇڭيىڭ سۇجۇ (جيۇچۈەن)گە
چېكىنىپ كەتتى.

1932 - يىلى كەچ كۈزدە ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرىدىن
ماشىمىڭ قاتارلىقلار جىيايۈگۈەندىن چىقىپ
ئارقا يوللار بىلەن كىلىپ پىچانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە تۇرپان
بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تەرەپلىرىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ
خۇيزۇلارنى توپلاپ ئۈرۈمچىگە 40 يول كىلىدىغان
چىغ دەڭدە تۇرۇشلۇق ئولكە ئەسكەرلىرىگە كىچىسى ئۇشتۇمتۇت
ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىن ماشىمىڭ يەنە قاراشەھەرگە بېرىپ ش
جايدىكى دۇكاندار خۇيزۇلاردىن مارېڭ قاتارلىقلارنى قوتۇرتۇپ
قاراشەھەرنىڭ دوتېيى نيۇشى⑨ بىلەن لۈيجاڭ جەنشىكۈي ⑩
قاتارلىق نۇرغۇن ئادەمنى قىرىۋەتتى. مارېڭغا كۇچارغا ھۇجۇ



قىلىش تۇغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھارۋىكەشلەرنىڭ شاگىيۇسى
تۆمۈر ئېلى (ئۇيغۇر) نىڭ باشلامچىلىقىدا كۇچار ناھىيىسىنى ئىشغال
قىلدى. ھەمدە كۇچار ناھىيىسىنىڭ سابىق ئامبىلى (ھاكىمى) يۈي-
لىياڭنى سەنمۇ قىلىۋالدى⑪ مارېڭ بىلەن تۆمۈر ئېلى
ئۇچرىشىپ بىرلەشكەندىن كېيىن كوپچۈلۈكنى باشلاپ باي ناھىيە-
سىگە ھۇجۇم قىلىپ ئاقسۇنى ئالدىرتىپ قويدى. جىن شۇجېن بۇنىڭ-
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تۆۋەنجاڭ ياڭچىڭمەننى
ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاقسۇدا توسۇپ زەر
بە بېرىشكە ئەۋەتتى.

شۇ يىلى قىشتا، ئاقسۇنىڭ تۆۋەنجاڭى لۇفارۇڭ (خېجۇلۇق)
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ باي ناھىي-
سىگە 120 يول ئارىلىقتىكى جوغا ئەتراپىغا كەلگەندە، مارېڭ
قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە لۇفارۇڭ-
نىڭ ئەسكەرلىرى تولۇق يوقىتىلدى. ياڭ چىڭمىننىڭ قوشۇنلىرى
ياقا ئېرىق⑫ دىگەن جاينىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە تىرە - پە -
رەڭ قىلىندى ياڭ چىڭمىن ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قېچىپ
بېرىۋېلىپ، دىۋىزىيە باشلىقى جىن شۇجېندىن ياردەم سورىدى.
بىر تەرەپتىن ئوزىنىڭ مەغلۇبىيەت ئەھۋالىنى ئاقسۇ دوتېيى شۇي-
چيەن⑬ گە مەخپى خەۋەر قىلدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ
كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئۈچۈن،
ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى سىرتقا ئۇقتۇرماسلىق قارارىغا كەل-
دى. ئىككىنچى يىلى (1933 - يىلى) دېخانلار كالىندارى بويىن-
چە 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا شۇي چيەن بىلەن ئاقسۇ ئامبىلى
يۈەن شۇتوڭنىڭ تەتەيىلىرى چاغانلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ،⑭

مەپىسىدە ئولتۇرۇپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ قەستەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك كورۇنۇپ شەھەردىن خۇيبىيانە چىقىشىپ، مارالۋىشىغا قېچىپ كەتتى، كۈنى ئاخشامدا ياڭچىڭخىن مىنىڭ قېيناتام دۆلەتئاچقانخەيتە ملك سارايىغا كىلىپ بىر ۋاقىتلىق تاماق بېرىشنى ئۆتۈندى، قېيناتام ئۇنى غىزالاندۇرغاندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ تېرە پىرەك بولۇپ كەتكەن قال-دۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاقسۇ يېڭى شەھەر، كوناشەھەردىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى بىلەن كارى بولماي تۆيدۇرماستىن غەربىكە قاراپ قېچىپ كەتتى.

كۈچار قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ئاقسۇدا دۆلەتخەيتىمنىڭ سودىگەرلەر تۆەنىنىڭ باشلىقى بولۇپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىكى بارەملىشىپ شەھەرنى قوغداشقا تەييارلاندى. بۇچاغدا ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-ئاخىر قېچىپ كىتىپ، شەھەر خەلقى سەركىسى يوق پادىغا ئوخشاش سەراسىمىدا قېلىپ ھەممىسى كىلىپ سودىگەرلەر تۆەنىنىڭ باشلىقى دۆلەتخەيتىمگە خەۋپتىن قۇتۇلۇش چارىسىنى سوراشقا باشلىدى. دۆلەتخەيتىمنىڭ ھە-مە تەرەپكە قاتىراپ بېقىپ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بۇۋاقىتتا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سابىق ئامبىلى لىيۇسىڭمىن تېخى يېڭى شەھەردىن قېچىپ چىقمىغان ئىدى. ⑮ بۇنى ئاقسۇغا ۋاقىت-لىق ئامبال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنى باشقۇرىدىغان ئادەم پەيدا بولدى، ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر ۋەكىل ئەۋەتىپ نۇرغۇن مىقداردا، قوي، شېكەر قاتارلىق ماللارنى سوغا قىلىپ ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 110 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جام دىگەن يەرگە ئاپىرىپ مارىڭ بىلەن تۆمۈر ئىبلى قاتارلىق كىشىلەرنى قارشى



ئالدى. مارىڭ خۇيزۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە كىردى، يەرلىك ھۆكۈمەت تەمىنات بىلەن تەمىنلىگەنلىك-تىن باشقىچە كۆتۈلمىگەن ۋەقە تۇغۇلمىدى. تۆمۈر ئىبلى ئەسكەر-لىرىنى باشلاپ ئاقسۇ كونا شەھەرگە كىردى، بۇ چاغدا ئاقسۇ كوناشەھەردىكى باي خەنزۇ سودىگەرلەر ئاقسۇ يېڭى شەھەر ناھىيىسىگە قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى، كېيىن ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىدىن كېچەلمەي ئارقىمۇ-ئارقا كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتىپ كىلىشتى، لېكىن تۆمۈر ئىبلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي قىرىۋ-ۋەتتى. كوناشەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارلىقى 10 نەچچە كلومېتىر بولسىمۇ لېكىن كىشىلەرنىڭ بىشىغا كەلگەن كۈلپەت ئوخشاش بولمىدى. ياڭچىڭخىن ئاقسۇدىن مارالۋىشىغا قېچىپ بارغاندا، قەش-قەردىكى جىن شۇجۇ تېلېگىرام ئارقىلىق ئالدىنقى سەپنى چىڭ ساقلاشنى، چېكىنمەسلىك توغرىسىدا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى.

قەشقەرنىڭ دۇبۇنىيە باشلىقى جىن شۇجۇ، ئەپيۇن چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان، قارتا بىلەن قىمار ئويناشنى ياخشى كورىدى-غان توخۇ يۈرەك، ئۆزئالدىغا پىكىر قىلالمايدىغان ئادەم بولۇپ ھەربى ئىشلاردىن تېخىمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ھەر-كۈنى ھەرقايسى جايلاردىن، كوپۇنچىسى ھەربى جەھەتتىكى مەغ-لۇبىيەت خەۋەرلىرى تېلېگىرام ئارقىلىق كىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىر تېلېگىرامنى ئوقۇپ بولۇپلا يىرتىپ تاشلايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر پارچە تېلېگىرامنى يىرتىۋىتىپ غەزەپ بىلەن يەرگە تاش-لىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ تېلېگىرامنىڭ كورىدىغان يېرى باردەك ئويلىدىمۇ يەنە ئالىمەن دەپ ئېڭىشىپ بىلى چىم بولۇپ قاتتىق ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ خۇتۇنى سانجىق تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ

دەپ ئۇنىڭغا چىن‌شىياڭ دېگەن دورىدىن بىر ئىستاكان ئىچكۈز ۋېتىدۇ، چىن‌شۇجېن چىن‌شىياڭ شورپىسىنى ئىچىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ قالىدۇ. سىرتتا: زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋاپتۇ دېگەن سۆز-چۆكلەر تارقالغان ئىدى.

چىن‌شۇجېن ئۆلگەندىن كېيىن، دېۋزىيە نىڭ باشى سەنمۇجاڭى ليۇدېلىڭ (گەنسۇ تۇڭشۇيلىق) دېۋزىيە باشلى لىقىغا كۆرسۈتۈلدى. ليۇدېلىڭ دېۋزىيە باشلىقى بولغاندىن كېيىن لى دېڭ-ۋۇك (خېجۇلۇق) نى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ، ئا لىق ئەسكەرلەر بىلەن توپچى قىسىملارنى باشلاپ مارالۋېشىن شەرقىدىكى تۇمشۇق دېگەن يەرگە بېرىپ مۇداپىئە قىلىشقا ئ ۋەتتى. ياڭچىڭمىن ئۆلتۈرۈشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەملىنى ت ۋەتلىتىپ ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىس قويۇلدى. ليۇدېلىڭ تۇمشۇقتا بېرىپ ئەسكەرلەرنىڭ جايلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇھاپىزەت ق شۇنلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ تەڭ توغراقتا كەلگەندە يوش رۇنۇپ ياتقان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش دۇچ كەلدى. ليۇدېلىڭ قاتارلىقلاردا قورال بولسىمۇ، لېكىن چاغدىكى ئالاقىزادىلىكتە ئامىسىنىڭ تايىق-توقما لىرىغا تاقابىل تۇرالماي ھەممىسى ھالاك بولدى.

قاراشەھەر بىلەن ئاقسۇغىچە بولغان ئارلىق قولدىن كە كەندىن كېيىن، يول بويىدىكى سىم تارتىپ تارتىلغان ئىستولبىلا نىڭ ھەممىسى كېسىپ تاشلاندى. قەشقەردە ئەسلىدە سىمسىز تې گراف ئىستانسىسى بولسىمۇ، ماشىنا زاپچاسلىرىدا كاشىلا چىققا لىقتىن كارغا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇ سىدا تېلېفون-تېلېگراف ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. جىن شۇجېن ئو



ندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ دوتيىي ماشياۋۇ⑯ نىڭ ئۈرۈمچىدە- كى چىن‌شۇرېنغا يوللايدىغان تېلېگراممىدا دوكلادى سوۋېت ئىتت- چاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق يوللۇنۇپ تۇر- ب. چىن‌شۇرېننىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئار- لىق كەلدى. چىن‌شۇرېن ماشياۋۇنى چېگرا مۇداپىئە سېلىنغى سپ تەيىنلىدى. 1924 - يىلى ماشياۋۇ ئوچتۇرپان ناھىيىسىگە بال بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ياڭزېڭشىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە شقەرغە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ماتىتەي (تىدۇ، مافۇشىڭ) نى قوتۇپ تۇرغۇن مىقداردىكى قورال- ياراقنا ئىگە بولغان ۋە ئۇ- نىڭ كوپ قىسمىنى ئىشلەتمىگەن ئىدى. شۇڭا ماشياۋۇ ھەم يىزۋاتقا تەۋە سوغۇنچازا خادىمى چىڭدېشىڭ قىرغىز چارۋى- لىرىدىن تەخمىنەن مىڭغا يېقىن ئەسكەر ئېلىپ قورالاندۇرۇپ ڭدېشىڭنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەردىن ئوچتۇرپان، ئاقسۇغا ردىغان كىچىك يوللارنى ساقلاشقا باشلايدۇ. ئاقسۇ قولدىن تكەندىن كېيىن چىڭدېشىڭنىڭ قول ئاستىدىكى تەرجىمان ئوسمان رغىز) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەسكەرگە ئېلىنغان قىرغىزلار توپىلاڭ تۇردى. چىڭدېشىڭنى خەنجەر بىلەن ئولتۇرۇپ، ئوزى ئامىمنى باشلاپ، شياۋۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي، قەشقەر كونا شەھەرگە ردى. بۇ ۋاقىتتا يەركەندە تۇرۇشلۇق سۇڭ × × تۇەنجاڭمۇ شياۋۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي تۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇ مەز- لدە، ماشىمىڭ، ماجەنساڭنى قوماندان قىلىپ ئاقسۇدىن تومۇر لى، مارۇڭ قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ تۇمشۇقتا ئېۋە- دۇ. لىدېڭ-ۋۇك دۈشمەننى سەل چاغلاپ، بۇ ئالۋاستىلار ر ھۇجۇمغا چىدىيالمايدۇ، دەپ ھېچقانداق تەييارلىقكورمەستىنلا ۋەككۇل قىلىپ ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. ماجەنساڭ قارشى تەرەپنىڭ

جەڭ سادالىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىگە تارقىلىپ يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، لى دېگىرۇڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى راسا يېقىنلىشىپ كەلگەندە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەسكەرلەر 3 تەرەپتىن تەڭلا ئېتىلىپ چىقىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. لى دېگىرۇڭ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈۋالىدۇ. قالدۇق ئەسكەرلەر قېچىپ مارالۋېشىغا كېلىۋالىدۇ. سەنتۇ شىجۇخەن ياڭچىڭشىڭغا قالدۇق ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، مارالۋېشىدىن چوڭ يول بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ؛ ئۆزى توپچى قىسىملارنى باشلاپ غەربىي جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ يەركەنگە بېرىپ، يەركەندە تۇرۇشلۇق سۇڭ تۆەنجاڭ بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ھەمكارلاشماقچى بولىدۇ. ياڭچىڭشىڭنىڭ ئەسكەرلىرى پەيزىۋاتقا 100 يول كېلىدىغان يېڭى ئاۋات دېگەن جايغا كەلگەندە، بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، ياڭچىڭشىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ماجەنساڭ ئورۇنسىز ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جېنى ساقلىنىپ قالدى. بىزنىڭ توپچى قىسىملىرىمىز شىجۇخەن بىلەن بىرلىكتە مارالۋېشىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ يول ئالدى. ۋۇتەي ئەتراپى قومۇشلۇق، پاتقاق، سازلىق ئىكەن، يول باشلىغۇچى شۇ يەر بىلەن مېڭىپ ھارۋىلىرىمىز پېتىپ ئادەملىرىمىز ماڭالماي قالدى مۇشۇنداق پەيتتە ماجەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىشىپ كېلىپ قوراللىرىمىزنى تامامەن ئېلىۋالدى. بىزنى قايتىدىن مارالۋېشىغا ياندۇرۇپ كېلىپ باشقا ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىپ قوشۇۋەتتى.



بۇ چاغدا ماشياۋۇ بىلەن ماجەنساڭلار بىرلىشىۋالدى. ئۇنىڭ شەرتلىرى: ① ماشياۋۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە سىلىڭى ۋە دوتەيلىك نامىنى ساقلاپ قېلىش؛ ② يەركەندىكى سۇڭ تۆەنجاڭنىڭ پولكى ۋە چىن، لى فامىلىلىك يېڭجاڭلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇش؛ ③ خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇيغۇرچە كىيىم كىيىشتىن ئىبارەت بولدى. يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئاساسەن، سۇڭ تۆەنجاڭ بىلەن چىن، لى ئىككى يېڭجاڭ ئۆزىگە تەۋە ھەممە ئەسكەرلىرىنى ھەم ھەر قايسى جايلاردىن يەركەنگە قېچىپ بېرىۋالغان خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن خەنزۇ سودىگەرلەر ۋە ئائىلە تەۋەلىرى بولۇپ جەمئىي مىڭدىن ئارتۇق (بىر رىۋايەتتە 10 مىڭ) ئادەملەرنى باشلاپ 1933 - يىلى ئەتىيازدا، يەركەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار يەركەنگە 200 يول كېلىدىغان ھىمىتنىڭ سېپىغا كەلگەندە، شۇ جايدىكى ئامما تەرەپتىن ھەممىسى چوماقتا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ماجەنساڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ۋە بىزدىكى قېپقالغان قالدۇق ئەسكەرلەرنى ھەمدە پانا ئىزلەپ قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلارنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە يېتىپ كىردى. تۆمۈر ئېلى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار قوشۇنى قەشقەر كونا شەھەرگە كىردى. ئوسمان باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار قوشۇنىمۇ قەشقەر كونا شەھەرگە كىردى. شۇ يىلى يازدا قىرغىز ئەسكەرلىرى شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەدەپ بۇلاڭچىلىق باشلىدى. ماشياۋۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى، خەنزۇ ئەمەلدارلار، خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى، قاچالماي كونا شەھەردە

قالغان خەنزۇلاردىن كۇچارنىڭ سابىق ئامبىلى يۇيلياڭ، ئاقسۇنىڭ ئامباللىغىنى تاشلاپ چىققان يۈەنشۇتۇڭ ۋە ئۇلاردىن باشقا تۇرغۇنلىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھەم شەھەر ئاھالىسى قىرىپ تاشلاندى. ماجەنساڭ شىيىڭچاڭ بىلەن مېنى شەھەرگە كىرىپ تەرتىپ ساقلاشقا ئەۋەتتى. بىز ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن چەك قىلدۇق. مېنىڭ ئوڭ پۇتۇمغا ئوق تەگدى، شىيىڭچاڭنىڭمۇ پۇتىغا ئوق تەگدى. بىز چېكىنىپ يېڭىشەھەرگە بېرىۋالدۇق. شىيىڭچاڭنىڭ جاراھىتى ساقايماي ئاخىرى ئۆلدى. مەن خېلى ئۇزۇن يېتىپ تۇرغۇن داۋالىنىش ئارقىلىق ئاخىرى ماڭالايدىغان بولدۇم. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر يۈيۈەنبىڭ (يۇنۇس بەگ) كونا شەھەردە دۇتەي بولدى. خۇيزۇلاردىن سۇجىنشۇ مۇئاۋىن دوتەي بولدى. (يۇنۇس بەگ بىلەن سۇجىنشۇنى تۆمۈر ئېلى تەيىنلىگەن بولۇپ «غەربىي رايونلارنى باشقۇرۇش تارىخى»دا بۇلارنىڭ سۈرىتى بار) مۇئاۋىن دوتەي سۇجىنشۇ دايىم يېڭىشەھەرگە كېلىپ دوكلات بېرىپ ۋەزىيە تاپشۇرۇۋېلىپ تۇراتتى.

شۇ يىلى كۈز پەسلىدە، تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان قىرغىز ھوقۇق تالىشىپ، بىر-بىرىگە يول قويۇشمىدى، ئاخىرى بىر-بىرىگە قوراللىق ئوت ئېچىشتى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن تۆمۈر ئېلى ئۆزىنىڭ ۋەكىلىنى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالى دەرۋازىسىدىن مەخپى كىرگۈزۈپ، ماشياۋۋۇ بىلەن ماجەنساڭنىڭ ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلدى؛ ئوسماننۇ ئۆز ۋەكىلىنى خۇپىيانە شەرقى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بىز ھەممىسىگە ماقۇل بولدۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان شەھەر سىرتىدا



بىر-بىرىگە ئوق چىقىرىشقا باشلىدى، ماجەنساڭ ئەسكەر تارتىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ناھايىتى ئاستا ماڭدى، غەرىزى: كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغان، كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىغىنى كۈتۈپ تۇرۇش، ھەم ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ ھالسىزلانغاندىن كېيىن ئۇستۈنلىككە ئېرىشكەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىر تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق بولغاندا ئاجىزلار مەغلۇپ بولىدۇ، غالىپلارمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭا بىز ئازىراق يول مېڭىپ بىر مەھەل دەم ئالاتتۇق، ئىلگىرىلەشكە ئالدىرىمىدۇق. ئاخىرى ئوسمان بەرداشلىق بېرەلمەي، بارا- بارا چېكىنىپ كونىشەھەرنىڭ لەڭگەر ئەتراپىغا كەتتى. تۆمۈر ئېلى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، بىزدەل شۇ چاغدا يېتىپ باردۇق. ئۇ، ماشىنىدىن چۈشۈپ بىزنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىگىمىزنى ئەيىپلاشقا باشلىۋىدى، بىز تەرەپ بىرپاي ئوق بىلەنلا ئېتىپ ئولتۇرۇپ قويدۇق. ئوسمان قىرغىز دەرھال بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مەغلۇبىيەتتىن غالىبلىققا ئۆتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەخمۇت مۇھىتىلەر ماجۇڭيىڭ بىلەن چىقىشالماي، ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، تۇرپاندىن ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ ماڭدى. تۆمۈر ئېلى ئۆلگەندىن كېيىن مەخمۇت مۇھىتى قەشقەر كونا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ماجەنساڭ خۇيزۇ، خەنزۇ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، شەھەر سىرتىغا خەندەك كولاپ مۇداپىئەدە تۇردى.

شەھەردە سودىگەرلەر تۈەنى قۇرۇلدى. ئۇلار قاچقان ئەمەلدارلار بىلەن شۇ جايدىكى ئولتۇرۇشلۇق خىزمەتچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كېچە-كۈندۈزلەپ سېپىلغا قاراۋۇللۇق قىلدى. يېڭى-

شەھەر بىلەن كونا شەھەرنىڭ ئارىلىقى 10 نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. كونىشەھەردىن دايىم ئادەم كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. كۈز پەسلىدىن قىشقا پەسلىگىچە مۇھاسىرىدە قالغانلىقتىن ئەسكەرلەر بەك چارچاپ كەتكەن ئىدى. لېكىن يېڭىشەھەردىكى ساڭدا ئاشلىق زاپىسى كۆپ بولغاچقا بۇ يەردە ھېچ ئۆزگۈرۈش بولمىدى ھەم بىخارامان يېتىۋەردى. شەھەرنى قوغداپ تۇرغان مەزگىلدە، ماجۇن (لەقىمى خاۋزىلىيالىڭ خۇيزۇ ئۈرۈمچىدلىك، ئىلگىرى مارالۋېشىغا ئامبال بولغان) قاتارلىقلار ماجەنساڭغا يېڭىشەھەرباررىنلىق يالڭفۇچېڭ (يالڭزېڭشىن دەۋرىدە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار نازارىتىدە بولۇم ئەزاسى بولۇپ⑰ ئىشلىگەن. جىن شۇرېن دەۋرىدە يېڭىساردا باج نازارەتچىسى بولغان) ۋە دو ئىسىملىك ئادەملەر جىن شۇرېن بىلەن مەخپىي خەت- ئالاقە قىلىشىپتۇ، دەپ چېقىشتۇرۇپ قويۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن يالڭفۇچىڭ بىلەن دو فامىلىلىك ئادەملەر ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىشنىڭ يالغانلىقى سېزىلىپ قالغاچقا ماجەنساڭ يەنە چېقىمچى ماجون قاتارلىقلارنى ئېتىۋەتتى. 1933 - يىلى دېخانلا كالىندارى بويىچە 12- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئۇخلاۋاتسام بىر كىشىنىڭ ماڭا: «بولاڭچىلارنىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلغا چىقتى» دېگەنىنىڭ سۆزى ئاڭلاندى، مەن چوچۇپ ئويغۇنۇپ قوپسام پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى مېڭىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئاندىن ئىنىمنى ئويغۇتۇپ، شەھەر سېپىلىغا چىقىپ تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئىنىم ھورۇنلۇق قىلىپ ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى ئۇنىمىغانمەن كايىغاندىن كېيىن ئاندىن سېپىلغا قاراپ ماڭدى، شىمالى دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى پوستتا تۇرغان سودىگەر تۇڭگانلار ئادەملىرى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن، سېپىلنىڭ سىرتىدا كىشىلەر شۇ



قويۇپ سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئىكەن، ئۇ دەرھال ئوق چىقىرىپتۇ، بۇ ئوق سېپىلغا چىقىۋاتقان بىرىنچى كىشىگە تېگىپ دومىلاپ چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قالغانلىرى ئالاقزادە بولۇپ قېچىشقا باشلاپتۇ، شەھەر سىرتىدىكى خەندەكتە ياتقان ئادەملەرمۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال ئوق چىقىرىپ 30 نەچچە ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، باشقىلىرى قېچىپ كېتىپتۇ، كېيىن بىر قانچە ئادەمنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ 30 نەچچە تال مىلتىق ئولجا ئېلىپتۇ، مىلتىقلارنىڭ ئۈستىدە 5 يۇلتۇز بەلگىسى بار ئىكەن. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: خوجا نىياز ھاجى قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ ئەترابلىرىدىن قوي يىغىپ، ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ قارا قولدا قورال - ياراققا تېگىشكەن ئىكەن ⑱. بۇ مىلتىقلار شۇ مىلتىقلاردىن ئىدى.

شۇ يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەر كونىشەھەردە «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، سابىت داموللانى دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلىلىقىغا سايلاپ، ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردىن قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ چاغدا قەشقەر كونىشەھەردە ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغانلاردىن مەخمۇت مۇھىتى، ئوسمان سىجاڭ، سېيىتۋالدى جانلار⑲ ئىدى. ھەربىي ھوقۇق بىرلىككە كەلمىگەن ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا خوجا بولۇپ يۈرۈشەتتى، بىر-بىرىدىن گۇمان قىلىشاتتى. خوجا نىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ مافۇيۈەنى تۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇنغا قالماي ئاقسۇ تەرەپنىڭ دۇتۇيىسى باشلىقى باي شېجاڭ قەشقەردىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 5 مىڭدەك ئەسكەر باشلاپ

مارالۋېشى ئەتراپىغا كەلگەندە، مافۇيۈەن قاتارلىقلار قوغلاپ
كېلىپ قاتتىق سوققۇشۇپ باي شەھىرىنى ئالدى. ئۇلار ئەسكەرلىرىنى
يوقاتتى. مافۇيۈەننىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە كېلىپ يېڭى خوكۇ-
مەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن خوتەن تەرەپتىن كەلگەن شامەنسۇر
نىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭىسار ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ
ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئارقىدىنلا قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم
قىلدى. خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى، سابىت داموللام، ئوسمان
قىرغىز ۋە باشقىلار قېچىپ ئاتۇشنىڭ تاغلىق رايونىغا كىرىۋالدى.
كونا شەھەردە قالغانلارنىڭ ھەممىسى قىرغىن قىلىندى. «شەرقى تۈر-
كىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گۈلدەك بىر ئېچىلىپلا توزۇپ يوق
بولدى. ماشياۋۋۇ يەنىلا كونا شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەت
بېشىغا ئولتۇردى، ئۇنىڭ پىچانلىق خوتۇنى 40 چاقىرىم يىراقلىق
تىكى لەڭگەردىكى باغچىسىغا كوچۇپ باردى. ئۇ، ئۆزى كۈندۈزى
كونىشەھەردە ئىشلەپ، كەچتە خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيەرگە
قونغىلى كېتەتتى.

نىڭ نازۇك ولىغىغا يوتكەلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى دوەك ئۇ (ماشياۋۋۇ) لەڭگەرگە
كېتىۋاتقاندا، يولدا بىر كىشى سۇيىقەست قىلىپ ئاتقانلىقتىن ئۇنىڭ
قولى ھەم پۇتى ياردار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋا-
لاندى. خوجانىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە باردى. مەخمۇت مۇھىتى دىۋىد-
زىيە باشلىقى بولۇپ 2 - قېتىم قەشقەرغە كەلگەندە تاققا قېچىپ
كىرىۋالغان سابىت داموللام، ئوسمان قىرغىز قاتارلىقلارنى يوقاتتى.
كېيىن مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزى ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ تىيەن-
جىن ئارقىلىق ياپونىيىگە كەتتى. ئۆزۈنغا قالماي مەنمۇ رۇخسەت
سوراپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان قالاي-
مىقانچىلىقلارنىڭ ئوتمۇشىگە خىيالى ئۆزۈن ۋاقىت بولدى. ئىسمىدە
قالغانلىرى شۇ ئىكەن. خاتا جايلىرى ياكى چۈشۈپ قالغان جاي-
لىرىنى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تو-
لۇقلاپ قويۇشىنى ۋە تولۇقلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىشى مەغلۇپ بولۇپ (1) تۇڭخۇلۇ دىگىنىمىز - قۇمۇلغا تەۋە جاي بولۇپ
قەشقەرغە قېچىپ كەلدى. ئۆلكە تەرەپ شەرقى- شىمال ئارمىيە شەرقى - شىمال تەرەپتە تاشقى موڭغۇلغا ئوتۇدىغان چازا. تاشقى
سىنىڭ گېنېراللىرىدىن لىيۇبىڭنى باندىت تازىلاش سىلىكى قىلىپ موڭغۇل مۇستەقىل بولغاندا قۇمۇلدىن بەزى سودىگەرلەر ئوغۇرلۇقچە
تەيىنلەپ قوغلاشقا ئەۋەتتى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بەتاشقى موڭغۇلغا ئاشلىق ئاپىرىپ ساتاتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھو-
نەچچە ئادەملىرى بىلەن قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوتۇپ كۆمەت شۇڭا ئالاھىدە چازا قۇرۇپ ئادەم تەيىنلەپ ساقلايتتى.
كەتتى. قالغان ئەسكەرلىرىنى مافۇيۈەن باشلاپ خوتەنگە بېرىپتۇلار بۇ يەردىن ئوتكەن يولۇچىلارنى تەكشۈرەتتى. ئەتكەسچىلىك
ئورۇنلىشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بولغان ئۇرۇشۋە تاشقى موڭغۇل بىلەن ئالاقە قىلىشنى توسايتتى.
لارنىڭ بىر باسقۇچى ئاخىرلاشتى. شىڭشىسەينىڭ جەنۇبىي شى (2) قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋاڭى، قېرى ۋاڭ «شامەخسۇت»
جاڭغا تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتكەن ئادىمى گۇڭجىنفەن قەشقەرگە ئۆلگەندىن كېيىن، نەزىر ۋاڭ بولدى، نەزىر ۋاڭنىڭ ئوغلى
يېتىپ كېلىپ دوتەي بولدى، ماشياۋۋۇ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ھىرمۇ ۋاڭ ئىدى.

(3) خوجا نىيازھاجى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تاغ رايونلىرىنى ئىدارە قىلىشتا مەلۇم تاغلىق رايونغا قويغان يۇرت بېشى ئىدى، (ئۇنىڭ ئەمەلى رايون باشلىقىغا تەڭ كېلەتتى.)

(4) يولۋاس، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مەسلىھەتچى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولۇپ، خەنزۇچىنى بىلگەچكە خەنزۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن بولىدىغان ئىشلارنى يولۋاس بىجىرەتتى.

(5) مەھمۇت مۇھىتى، تۇرپاندا چوڭ پومېشچىك، چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئاكىسى گاۋ چاڭ سوداسارىيىنى ئاچقان، تۇرپان پىچانلاردا تەسىرى بار. جىن شۇرېنغا قارشى قۇمۇل قوزغىلىڭى كوتۇرۇلگەندە، مەھمۇت مۇھىتى تۇرپاندا تۇرۇپ ئاۋاز قوشۇپ خوجا نىياز ھاجى بىلەن بىرلەشكەن.

(6) ئېبى يىڭ، يەنە بىر ئېتى جىنخۇا ئىدى، خېبېيلىق، ئۇ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەسلىدە قۇرۇغلۇق ئارمىيە مەكتىۋىدە ئوقۇغان، ياڭزېڭشىن ئوز قولى بىلەن ئوستۇرۇپ يېڭجاڭلىقتىن دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا كوتەرگەن ۋە ئاقسۇغا دوتەي قىلغان.

(7) جاڭ پېيۈەن، چىڭخەيلىق، چېمەنەي ناھىيىسىدە تۇغۇلۇق روتىغا باشلىق بولغان، كېيىن دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىدا بولۇم باشلىقى بولغان، ياڭزېڭشىن ئولتۇرۇلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېننى ھىمايە قىلىشتا خىزمەت كورسۇتۇپ ئىلىدا بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش ۋالىسى بولغان.

(8) ما جوڭ يىڭ، ما بۇ فاڭ بىلەن نەۋرە ئاكا - ئۇكا ئىدى ئوزلىكىدىن ئەسكەر ئېلىپ جۇ چۈەندە (سۇجۇ) تۇراتتى، قۇمۇل قوزغىلىڭى جاڭ پېيۈەن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، يولۋاس گەنسۇغا بېرىپ ما جوڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى تەكلىپ قىلىـ
چا يۈيگۈەندىن ئېلىپ چىققان. ما جوڭيىڭ باركولنى ئىشغال قـ



لىپ قۇمۇلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، جىن شۇرېن شىڭ شىسەينى ئالدىنقى سەپ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، جىن يىن شۇ شەرقى (ياكى غەربى يول) دا قوماندانلىق قىلىپ، باركولنى تارتىۋېلىپ قۇمۇلنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ما جوڭيىڭ سۇجۇ (جۇ چۈەن) غا قايتىپ كېتىدۇ. 1932- يىلى كۈزدە، ما جوڭيىڭنىڭ ئالدىن ماڭغۇچى قىسىملىرى ما شىمىڭ باشلامچىلىقىدا پىچاننى پاراكەندە قىلىپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئىگەللەپ، چىجىسۇزى (چىغدەن) گە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. جىن شۇرېن شىڭشىسەينى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ئولكە ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئالدىنقى سېپى بوشاپ قالىدۇ، ما جوڭيىڭ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ 2- قېتىم جايۈيگۈەندىن ئوتۇپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىدۇ.

(9) نيۇشى، يۈننەن ئولكىسىدىن، ئەسلىدە ئۇ، ياڭجىڭشياڭنىڭ ئورنىغا ئىلىنى مۇداپىيە قىلغۇچى ۋالى بولغان. جىن شۇرېن جاڭ پېيۈەننى ئىلى بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، نيۇشىنى قاراشەھەرنىڭ دوتەيلىكىگە يوتكىدى.

(10) جەنشىكۈي، خېبېيلىق، ياڭزېڭشىن دەۋرىدە يېڭجاڭ بولغان. جىن شۇرېن دەۋرىگە كەلگەندە لۇيجاڭلىققا ئوسكەن.

(11) يۈيلياڭ، ئەسلى يۇرتى جىياڭشى، شىنەندە تۇغۇلغان، گۇاڭشۇينىڭ 33- يىلى ئاچىسىنىڭ ئېرى جاڭ يۈەنجىن دىن پانا ئىزلەپ كەلگەن. مىنگونىڭ باشلىرىدا خوتەنگە ئامبال بولغان، خىزمىتىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇزۇنغا قالماي كۇچارغا ئامبال بولغان. تومۇر ئىلى قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ بارغاندا ئامباللىقنى تاپشۇرغان.

(12) ياقىپىرىق ئاقسۇدىن ئورۇمچىگە كېلىشتە بىرىنچى مەن

زىل (ئوتەك) جام، ئىككىنجى مەنزىل قاراپۇلغۇن، ئۈچۈنجى مەن-
زىل ياقىپرىق. قاراپۇلغۇن بىلەن ياقىپرىق ئارىلىقىدا يەنە ئۇششاق
ئوتەڭلەرمۇ بار. جوغا دەپمۇ ئاتايدۇ، ياڭ چىڭمىننىڭ قىسىملىرى
مۇشۇ جاينىڭ ئەتراپىدا تار-مار قىلىنغان.

(13) شۇيچيەن، خېجولۇق، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭدىكى ئالى مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جەنۇپتىكى بىر قانچە ناھىيەدە ئامبال بولغان، ئىلىدا باج نازارەتچىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. كېيىن ئاقسۇغا دوتەي بولۇپ قەشقەردە ئۆزگۈرۈش بولغاندا ئىچكىرىگە كەتكەن.

(14) يۈەنشيۇتۇڭ، شىيۇتۇڭ ئۇنىڭ لەقىمى بولۇپ ئىسمىنى بىلمەيمەن. جىياڭسۇلۇق، ئۇنىڭ دادىسى ياڭزېڭشىن بىلەن تونۇش، شۇڭا ئۇ ئىچكىرىدىن كېلىپ ياڭزېڭشىندىن پانا تىلىگەن.

⑮ ليۇشېڭمىڭ، لەقىمى جىڭتاڭ، شىنجاڭلىق. بالا چاغلىرىدا چىڭپەنشى مەھكىمىسىنىڭ ئايلىق مۇئاش تارقىتىدىغان ئورنىدا ئىشلىگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مالىيە نازارىتىنىڭ غەزىنە خىزمەتچىسى، بولۇم باشلىقى، كېيىن پەيزىۋات، ئاقسۇ كونشەھەر ناھىيىلىرىدە ئامبال بولغان. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاقسۇنىڭ ئامباللىقىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ تىيەنجىنگە كەتكەن. كېيىن لەنجوغا قايتىپ كېلىپ كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

⑯ماشاۋۇ لەقىمى شىيىڭ ئىدى، يۈننەنلىك، خۇيزۇلارنىڭ چوڭ مەزھەپ باشلىقى، ماجىڭۋۇنىڭ ئىنىسى، شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ تەرىقەتچىلىرى ئۇنى رەئىس دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قەشقەر ۋە كونشەھەر، ئۈچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەردە ئامبال بولغان. خوتە-



قەشقەردە دوتەي بولغان. ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

⑰ بارىن، چىڭ سۇلالىسى داۋگاڭنىڭ 5 - يىلى (1825 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرى جاھانگىر خوجىنى مەغلۇپ قىلدى. 7 - يىلى (1827 - يىلى) شىنجاڭ تىنچلانغاندىن كېيىن 1828 - يىلى قەشقەردە ئېقىپ يۈرگەن كىشىلەرگە يەرلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىپ 8 ئايماققا يەنى: تەيپىڭ، ئەنبىيەن، جىنپيەن، يۇڭفىڭ، يوڭدىڭ، دىبى، گواڭجى، پىڭچىڭ قاتارلىق ئايماقلارغا بولۇپ ئولتۇراقلاشتۇرغان ئىدى. بۇ كىشىلەر ئادەتتە دېھقانچىلىق قىلاتتى. چېگرىدا ۋەقە چىقىپ قالسا مۇداپىئە قىلاتتى. توڭجىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياقۇپبەگ (بەدەۋلەت) چىڭ خاندانلىقىغا قارشى چىققاندا، 8 ئايماقتىكى خەنزۇلارنىڭ 10 دىن يەتتە-سەككىز قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن. گۇاڭشۇينىڭ 3 - يىلى (1877 - يىل) شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 8 ئايماق تۈزۈمى يەنە ئەسلىگە كەلدى. ياڭفۇچىڭ دىبى ئايماقلىق كىشى ئىدى.

⑱ قارا قول، سوۋېتكە تەۋە يەر بولۇپ ئۈچتۇرپاندىن ئانچە يىراق ئەمەس.

⑲ سېيىتۋالدىجان، سوۋېتلىك ئۆزبەگ، 1931 - يىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە قىرغىزلاردىن جانىبەك، قازى قاتارلىقلار، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان. ئاخىرى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، سېيىتۋالدىجان قەشقەرنىڭ تۈۋەن چازىسىغا قېچىپ كېلىپ، چازا ساقلاۋاتقان جىن زىيىڭگە ئالتۇن پارا بېرىپ (سانى ئېنىق ئەمەس) چېگرىدىن ئۆتكەن. مۇشۇ سەۋەپتىن سوۋېت ئىت-

تىياقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلخانىسى جەنشۇرېن ھۆكۈمى-
تى بىلەن قاتتىق دەۋالىشىپ، ئۇ كىشىنى سوۋېتقا قايتۇرۇپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلغان. قەشقەردىكى دېۋىزىيە باشلىقى جەنشۇجۇ،
پارا ئېلىپ چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن جىن زىيىگىنى ئېتىۋەتتى،
جانىبەك، قازى قاتارلىقلار خوتەنگە قېچىپ كەتتى. سېتىۋالدى جان
قاچتى ھەم ئۇنى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرمىدى.
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم قەشقەركونشەرگە بېرىپ ھۆكۈمەت تەر-
كىۋىگە كىرىۋالدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەقەلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ يازغان بولسىمۇ يەنە قالغانلىرى خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ تولۇقلاپ تۈزۈتۈپ قويۇشنى سورايمىز.

تەھرىرىدىن.



# مەنجەنۋاڭ ۋە دوخوۋو

(مانچۇكجاپ ۋە دوۋېتون سېرىن چېمىن)

سۆزلەپ بەرگۈچى: توڭباۋ     رەتلىگۈچى يەن زۇخۇەن

## 1 - مەنجەنۋاڭنىڭ ئائىلە نەسەپ ئەھۋالى

مەنجەنۋاڭ — ئىسمى مانچۇكجاپ، دەرىجىسى جەنۋاڭ (پادىشاخان) ئۇ نەسەبىگە ۋارىسلىق قىلىپ جەنۋاڭ ھەم قوشۇمچە شىنجاڭدىكى كونا تورغۇت جەنۇبىي قەبىلە تورت خوشۇن «ئۇنۇنسوزوكتو ئايماق» نىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭغا تەككەن ۋەخپىيەر ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى قاراشەھەر ئەتراپى ۋە دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يۇلتۇزۋادىسىنىڭ چوڭ يايلاقلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بايىن موڭكو، يالغۇز ئوغۇل ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بوۋىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مومىسى تۇل ئولتۇرۇپ يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى دوېتونسېرىن چېمىن (موڭغۇل تىلىدا كىچىك ۋاقتىدىن كېگەن بولىدىغانلارنى چېمىن (خۇدابەردى) دەيدۇ. تۆۋەندە قىسقارتىپ گېگەن دەپ ئاتايمىز) قويىدۇ. يەنى بايىن موڭكونىڭ باشقا ئاتىدىن بولغان ئىنىسى مەنجەنۋاڭنىڭ كىچىك ئاتىسى بولاتتى. قائىدە - يوسۇن بويىچە يات ئاتىدىن بولغان بالىسى چەت ئىشلارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم ئىدى. مەن-

خەنۋاگىنىڭ مومىسى تۆل ئولتۇررپ بالا تۇغۇپ كۆيۈشى يوسۇنغا توغرى كەلمىگەنلىكتىن، يۇقۇرىغا چۈشىدە ھامىلدار بولۇپ قالغان دەپ مەلۇم قىلغاندا مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى «گېگىن» يەنى - «خۇدا بەردى» دىگەن مەنادا نام بەرگەن. دوخۇفو (دوپتۇن سىرىن چېمىن) نىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ تېبەتتىكى زىلىڭ چىلىڭ خوفونىڭ ئۆلگەن ۋاختىغا توغرا كەلگەن. مۇ-گۇغۇل ھەم تېبەتلىكلەرنىڭ دىنى قايىدىسىدە، خوفۇ ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تۇغۇلۇپ دۇنياغا كېلەرمىش. شۇڭا بىرەر خوفۇ ئۆلگەندىن كېيىن دەرھال ئادەم تەيىنلەپ ئۇنىڭ ئادەتتە ئىش لىتىدىغان نەرسىلىرىدىن، مەسىلەن: ياغاچ چوچىگى، ئوقۇغاندا ئىش لىتىدىغان تەسۋىسى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئېتى ۋە باشقىلارنى ئېلىپ يىراق - يېقىن دىمەستىن، تورت ئەتراپتىن دەل خوفو ئۆلگەن كۈنى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئىزدەپ تېپىپ ھېلىقى ئاپارغان نەرسىلەرنى بوۋاققا كورسۇتەرمىش، مۇبادا بوۋاق ھېلىقى نەرسىلەرگە قىزىقسا، ئويىنىسا، بىر - ئىككى خىل نەرسىنى تۇ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىسە، ئۇنى ئۆلگەن خوفونىڭ قايتىدىن دۇنياغا كەلگىنى دەپ تونۇپ كورەگە ئېلىپ كېتىدىكەن (كۈر دىگىنى ئىبادەتخانىسى) شۇنداق قىلىپ ئۇ بوۋاق ئۆلگەن خوفونىڭ «تەختى»گە ۋارىسلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پۇتۇن ئائىلىسى بىلەن بىللە بارىدىكەن، دىمەك «بىر ئادەم خۇدا بولسا، ئۇنىڭ ئىت - مۈشۈگىمۇ جەننەتكە كىرەر»مىش. رىۋايە-لەرگە قارىغاندا قايتىدىن خوفو بولۇپ تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئائىلى تولاراق كەمبەغەل ئائىلە بولارمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ بالىسى تۇغۇلغا ۋاقىت خوفونىڭ ئۆلگەن كۈنىگە توغرا كېلىپ، قاي دىن تۇغۇلغان بوۋاق خوفو دەپ تونۇلۇش ئىمكانىيىتى بولۇۋۇشۇمچە



قالسا، مەزكۇر بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىلاج قىلىپ قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغان خوفونىڭ لامالىرىغا بېرىپ، بالىسىنى خوفونىڭ دۇنياغا كېلىشى دەپ تونۇساڭلار دەپ ھەركەت قىلىدىكەن. دىمەك بۇ-نىڭدىكى نەيرەڭنى سورۇشمايلا بىلگىلى بولىدۇ، خوفو قاي-تىدىن دۇنياغا كېلىدۇ دېگىنى، دىنىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان سە-پسەتىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقۇرىدىكى يوسۇنلارغا بىنائەن دوپتۇن سىرىن چېمىننىڭ تۇغۇل-غان كۈنىنى سورۇشتە قىلىپ ئۇنى تىبەتتە ئۆلگەن زىلىڭ چىلىڭ خوفونىڭ قايتا دۇنياغا كېلىشى دەپ تونۇغان. ئەگەر ئۇ - ئادەتتىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسا تىبەتكە ئاپىرىپ زىلىڭ چىلىڭ خوفونىڭ ۋارىسى قىلاتتى لېكىن ئۇ ئېسىلزادە - ۋاڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقتىن تىبەت-كە ئاپىرىشقا مۇمكىن بولماي خەن ۋاڭ ئائىلىسىدە تۇرۇپلا، خوفو ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولغان.

دوخوفو (دوپتونسىرىن چېمىن) 20 ياشقا ئەتراپىغا كەلگەن-دە، مەنخەنۋاگىنىڭ ئاتىسى بايىن مۆڭكو ئولۇدۇ. بۇ چاغدا مەنخەنۋاڭ تېخى بىر ياشقا توشمىغان ئىدى، دوخوفو ھو-قۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۆل قالغان يەڭگىسىنى زەھەرلەپ ئو-لتۈرگەن (يەنە بىر گەپتە ئۇ - ئاكىسى بايىن موڭكونىمۇ زەھەر-لەپ ئولتۈرگەنمىش) ئاندىن كېيىن خەنۋاڭنىڭ ئىزمەت ھوقۇقىنى ئىگەللەپ ئايماقنىڭ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرغان.

## 2 - ئايماق مەھكىمىسى ۋە پۈتۈن ئايماقنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى

خەنۋاگىنىڭ ئايرىم تامغىسى بولۇپ، ئايماق باشلىقلىقىنى ئىشلىگەنلىكتىن يەنە ئايماق باشلىقى دىگەن تامغىسىمۇ

بولاتتى . بونىڭ ھەممىسى چىيەنلۇڭ خانلىقىنىڭ 36 - يىلى ( 1771
يىلى ) بىرىلگەن . ئايماق باشلىقى پۈتۈن مەمۇرى ئىشلەرنى با
شقۇردۇ ، تاشقىرىغا قارىتىلغان خەت ئالاقىنىڭ ھەممىسىگە مېڭ
جاڭ ( ئايماق باشلىقى - دارغا ) تامغىسى بېسىلىدۇ . مېڭجاڭنىڭ
قول ئاستىدا « توسلاقچى » بولۇپ ، مېڭجاڭغا ياردەملىشىپ پۈتۈن
ئايماق ھەم خوشۇننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇدۇ . دوخو فوخەنۋاڭلىق خىز
مەت ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، شىلىك مېڭجاڭ « توسلاقچى
بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەم مەنخەنۋاڭنىڭ ئۇستازى بولغان : « تۇسلا
قچى »نىڭ قول ئاستىدا 5 « گۈزدە » ( چىجاڭ ) ۋە « مەردىن
( گۈزدەنىڭ مۇئاۋىنى ) بولۇپ ، ئايىرىم ھالدا ئۆزلىرىگە قارا
شلىق 5 خوشۇننىڭ ئەمەلدار ۋە پۇخرالىرىنى باشقۇرغان . پۈتۈن
ئايماق بويىچە جەمئى 54 « سۇمۇل » ( سۇمۇل دېگىنى ئاساس
قاتلام مەمۇرى ئورۇن ، يېزىغا توغرا كېلىدۇ ) بولۇپ ، ھەر بىر
گۈزدەگە 10 دىن سۇمۇل قارايدۇ ، قالغان تورت سۇمۇلنىڭ ئىك
كىسى جۇنۋاڭغا ، ئىككىسى فۇگوگۇڭ بىلەن جېڭگوگۇڭ
قارايدۇ . « مېڭ » ( ئايماق ) دېگىنى خەنۋاڭ ۋە بىر جۇنۋا
بىلەن ئىككى گۇڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان . قارا شەھەردىن
نەچچە ئون كىلومېتىر جايدىكى خى جىلىڭدا ھەشەمەتلىك سېپىل
غان ئايماق مەھكىمىسى ۋە ھەربىر گۈزدىنىڭ يامۇلى ھەمدە ئاجا
يىپ ھەيۋەتلىك سېلىنغان باش كۈرەسى بولۇپ ، چوڭ مەمۇرىئات
ۋە دىنىي رايوننى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ . بۇ جاينىڭ جەنۇبى
كوچىلىرى تۇشمۇ - تۇشقا تارالغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر رايونىۋە
بار ، موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇرلارنى «خوتۇنكۇن» دەيدۇ شۇنىڭ ئ
چۈن بۇ رايوننى « خوتۇن سۇمۇل » دەپ ئاتايدۇ .



پۈتۈن مېڭنىڭ ( ئايماقنىڭ ) ھەممە سۇمۇللىرىدا 3000
دىن ئارتۇق كىگىز ئۆي بولۇپ ( بىر كىگىز ئۆي ، بىر چېدىر
بىر ئائىلە بولۇدۇ ) جەمئى جان سانى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ ، ئۇلار
مەخسۇس چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، دېھقانچىلىق
قىلمايدۇ . ھەر يىلى ئەمەلدار ھەم پۇخرانىڭ كوپ ساندىكىلىرى
چوڭ - كىچىك يۇلتۇزغا كوچۇپ بېرىپ چارۋامال باقىدۇ ، ئۇنىڭ
ئېتى « يايلاق » يايلاق رايونىدا سېلىنغان ئىككى قەۋەت بىر
ئىگىز ئىمارەت بولۇپ ، ئۇتلاقتا يېگانە قەد كوتۇرۇپ تۇرىدۇ ،
ھەر يىلى مەنخەنۋاڭنىڭ ئائىلىسىنى يايلاققا كوچۇرۇپ بارغاندا
مۇشۇ ئىگىز ئىمارەتتە ئولتۇرىدۇ . ئىمارەتنىڭ شىمالى ۋە ئىككى
تەرىپىنى قورشاپ ھەر بىر گۈزدە ئىشخانىسى ھەم ئولتۇراق كى
گىز ئۆيلىرى جايلىشىدۇ . ئىمارەتنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر تۈتاش تى
كىلگەن نۇرغۇن كىگىز ئۆيلەر بولىدۇ ، ئىچىدە ھەرخىل بۇت - بۇرقۇن
لىرى ئورنىتىلۇپ باش كۈرەنى ھاسىل قىلىدۇ ، مانا بۇ مېڭجاڭ -
نىڭ يازلىق مەمۇرى ۋەدىنىي مەركىزى ھېسابلىنىدۇ . چارۋىچى
خەلقنىڭ كىگىز ئۆيلىرى ، مۇشۇ مەركەزنىڭ ئەتراپىدىكى ئوخشاش
بولمىغان يىراق - يېقىنلىقتا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ . كوكۈل
مەيدان ، سۇلىرى ئۆزلۈكسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئېگىزلىكتە ، چۈغ
لاشقان ۋە تارقاق جايلاشقان كىگىز ئۆيلەر ، تۈركۈم - تۈركۈم
مەمۇرىئات ، كالا ، قوي - ئۆچكە ، توگە قاتارلىق ماللار ، گۈيا بىر تەبىئى
گۈزەل خەرىتىگە ئوخشاپ ، مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق . كۈز
قىش پەسلىدە ، ئەمەلدار ئاق سۆڭەكلەرنىڭ ھەم
مىسى خاجىڭگە كوچۇپ كېتىدۇ ، قىسمەن چارۋىچىلارمۇ قارا شە
دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كوچىدۇ ، بۇ جايلار « قىشلاق »دەپ ئاتىلىدۇ .

پۈتۈن ئايماق ۋە ھەر بىر چارۋىچىنىڭ بايلىقى، ئاساسەن
چارۋا مال. چارۋا مالنىڭ ئىچىدە قارا شەھەر ئېتى بەك مەشھۇر،
رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ خىل ئات، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى
روسىيىگە قاراشلىق ئاستىراخاندىن كوچۈپ كەلگەندە، بىللە ئال
غاچ كەلگەن ئەنگىلىز ئېتىنىڭ ئەۋلادىمىش. بۇنىڭدىن باشقا خو-
شۇت ئېتى دەيدىغان بىر خىل ئات بار، ئىسكەتى ۋە يۈرۈشى
جەھەتتە ئەنگىلىز ئېتىدىنمۇ ئارتۇق بولۇپ، (ئەپسانىلاردا بۇ خىل
ئات باغراش كولىدىكى سۇ ئېتى بىلەن ئۇرۇغلاشتۇرۇلغان
دىن كېيىن ئۇسۇپ كەتكەنمىش) چارۋىچى خەلق ھەر يىلى ئات، كالا،
قويلىرىنى ھايدىشىپ كۈنەس ئارقىلىق غۇلجىغا ئاپىرىپ ساتاتتى
ئۇنى لازىملىق ئاشلىق، رەخ ۋە باشقا كۈندۈلۈك لازىمەت بۇ
يۇملارغا تېگىشكەندىن تاشقىرى، كوپ مىقتاردا ئالتۇن، كۈمۈش
لەرنى سېتىۋالاتتى، ئۇنى ئەكىلىپ ساخلاپ قويۇشاتتى.
باشلىقى بولغان ۋاڭنىڭ كىرىمى، ھەر يىلى دولەت غەزىنىسىدىن
نەچچە مىڭسەر يىللىق مۇئاشى ھېساۋىدا كۈمۈش ئالغاندىن
دايىملىق ۋە ۋاقىتلىق خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەر بىر
دەلەر ئارقىلىق ئۇلارغا قاراشلىق چارۋىچىلارغا سېلىق سېلىنىپ يىغىپ
ئېلىناتتى. يەنى چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس چارۋا ماللىرىنىڭ
دىن بىرسىنى ئالاتتى، ئۇنى «بۇدۇ» دەپ ئاتايتتى، «بۇدۇ»
ھەر يىل بىر نوۋەت ئېلىنىپ تۇراتتى. ھەر خىل چارۋا مال يىغىۋ
لىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتىكى چارۋىچىلار بۇ
داغا قاتتىق ئىنتىقات قىلىدۇ، ھەر كۈنى ئوقۇپ ھەم بۇتقا چوق
نۇپ تۇرىدۇ، ھەر بىر لاماغا چىق نەرسىلەرنى تەقتىم قىلىپ تۇر



دۇ. بىرەر چارۋىچى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھايات
چاغدىكى پۈتۈن كىيىم - كېچەكلىرى، قىممەتلىك بۇيۇملىرى ۋە
ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ئات - ئۇلاق ئىگەر - توقۇملىرى تامامەن كۆ-
رەگە تەقدىم قىلىنىدۇ، ئۇ، شۇ ئارقىلىق گۇناسىنى ئاقلاپ بەخت
سائادەتلىك بولارمىش. بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى كونا يىلنىڭ 6 -
ئاينىڭ 2 - ھەم 12 - كۈنلىرى، موڭغۇللار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ رو-
ھىنى خاتىرىلەيدىغان كۈنى بولۇپ، دەل شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ئاي-
ماقتىكى سومۇللارغا قاراشلىق ئەر - ئايال، ياش - قېرى دىمەستىن
بايىمبولاقتىكى بىر كونا ئوۋاغا بېرىپ (تاش دوۋلەپ قويۇلغان
دوڭلۈك) نەزىر - چىراق قىلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن بەخت
رىزقى تىلەيدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن چارۋىچىلار چېلىش، ئات
بەيگە (چېپىشتۇرۇش)، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى
ئېلىپ باردۇ. ناخشا - ئۇسسۇل قىزىيدۇ، داقا - دۇمباق ياڭرايدۇ،
ئايماق ئاچايىپ قىزىسىپ كېتىدۇ بۇنى مەدىرىدەيدۇ. مەدىرى ۋاختىدا
چارۋىچىلار كورەگە ۋە گېگەنلەرگە سوغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇڭا،
باشچوك كۆرەدە توپلانغان بۇنداق مال - مۈلۈكلەرنىڭ جىقلىقى ئادەم
گۈزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ خەلق نامراتلىشىپ، كۆ-
رە بايلاشقان ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى
نامرات چارۋىچىلار يىل بويى يوقۇرىنىڭ ھاشارىغا چىقىپ، ھەق-
سىز ئەمگەكلىرىنىمۇ قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ خىلدىكى تۈرلۈك ئېكىسپىلا
تاتسىيە ۋە چەكسىز ئېزىشلەر تۈپەيلىدىن چارۋىچىلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا
نامراتلىشىپ مۇشكۈللىكتە ياشاپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ھالبۇكى گېگەنلەر،
ئايماق باشلىقى، ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار قور-
ساق سېلىپ ئۈچەيلىرى ياغلىشىپ سەمرىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ھەرقېتىم

چارۋىچىلارنى باشقۇرىدىغان مەلۇم بىر مەخسۇس ئەمەلدارلىقنىڭ ئورنى بوشاپ قالغان چاغلاردا، مەلۇم ئادەملەر ئايماق باشلىقى ۋە باشقا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلگە چوڭ پارىلارنى بېرىپ بىرەر ئىشقا تەيىنلەنىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئۇلار بوش ئورۇنغا چىقىۋالغاندىن كېيىن بىچارە چارۋىچىلاردىن ئۆزىنىڭ زىيىنىنى تولۇقلاپ ئالىدۇ. مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ ۋاڭ - گۇڭلىرىنى ئىلىدىكى جاڭجۈن باشقۇراتتى (جۇمھۇرىيەت — مىڭگو)، قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بولدى). ۋاڭ - گۇڭلار ھەر يىلى ئىلىدىكى جاڭجۈننى زىيارەت قىلغىلى باراتتى، ئۇلار چارۋىچى ئاھالىدىن شىلىپ ئالغان بىر قىسىم نەرسىلىرىنى ئالغاچ بېرىپ، جاڭجۈنغا تارتۇق قىلاتتى. مۇشۇنداق تەكرار ھەم قاتمۇ - قات ئېكسپلۇئاتسىيە دەستىدىن چارۋىچىلاردىكى كۈلپەت ناھايىتى ئېغىر بولاتتى

### 3 - دوخوفونىڭ موڭغۇل ئاتلىق بىرىگادىسىنى تەشكىل قىلىشى ۋە قاراشەھەردە «يىغىن» ئېچىشىنىڭ ئۆتمۈشى

1927 - يىلى — جۇمھۇرىيەتنىڭ 16 - يىلى، فىڭ يۈشىيا ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىدىكەن دېگەن گەپ تارقادى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئەمىرى ياڭ زېڭشىن ، دوخوفوغا موڭغۇل ئاتلىق بىرىگادىسىنى تەشكىل قىلىشقا، قومۇلغا بېرىپ فىڭ يۈشياڭنىڭ قىسمىدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە بۇيرۇق چۈشەردى. دوخوفو ئاتلىق ئەسكەر تەربىيىلەش ئۈچۈن، تۇڭباۋدىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئۆگۈتىدىغان ئوقۇتقۇچى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، ئ... دەشى نەتىجىسىدە ئاخىرى رۇسىيە پوخراسى داش سالوموف ئ...



سىملىك موڭغۇلنى تاپقان بولدى، ئۇ - چارروسىيىدە ئاتلىق ئەسكەر بولغان ھەم رۇسىيە - ياپون سوقۇشىغا قاتناشقان ئىكەن. بۇ دوخوفوغا تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ چاغدا دوخوفو نامدا ئاتلىق بىرىگادا باشلىقى (لۈيجاڭ) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ سانى ئاران 200 چە ئادەم ئىدى. ئۇ - مۇشۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ لەنجۇلۇق جاڭ سۇڭلىڭ دېگەننى كاتىپلىققا ئېلىپ قومۇلغا ئاتلاندى. ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قومۇلغا بارغاندىن كېيىن داۋاملىق مەشىق قىلىش جەريانىدا دۇنياغا مەشھۇر رۇس پادىشاسى دەۋرىدىكى ئاتلىق كازاكلارنىڭ چەك ماھارىتىنى ئۆگۈنۈپ، بىر مەزگىل جەسۇر دېگەن نام چىقاردى. شۇ ۋاقىتتا فىڭ يۈشياڭدا شىنجاڭغا كۆز تىكىدىغان نىيەت بولسىمۇ لېكىن جۇگيۈەن تەرەپتە ئىشلىرى بولۇپ، شىنجاڭغا ئەۋەتكىدەك ئارتۇق كۈچ ئاجرىتالمىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى داۋراڭ قىلىپ باققىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق شەھەر پىلانىدىن ئىبارەت ئىدى.

دوخوفو قومۇلغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرغان چاغدا، مېڭجاڭلىق (ئايماق باشلىقى) ۋەزىپىسىنى ۋاقىتىنچە شىلىك بېجىرىپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە يۇلتۇزدا موڭغۇل - قازاق خەلقىنىڭ بىر قېتىملىق «يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. يۇلتۇز ئىلىغا قاراشلىق كۈنەس بىلەن تۇتاش بولغانلىقتىن، يۇلتۇزدا ئولتۇرۇشلۇق موڭغۇللار بىلەن كۈنەستىكى قازاق خەلقى ئارىسىدا ھەردايىم چارۋا ماللارنى ئوغۇرلاش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىلىرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئەنزىلەرنى ھەر 3 يىلدا ئىككى تەرەپتىن تەيىن-

ئەنگەن خادىملار تىگىشلىك جايغا يىغىلىپ، ۋەقەگە چەتىلەش ئادەملەرنى كۆچارنى مۇداپىئە قىلىشقىلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. جىن شۇرېن بۇ
چاقىرىپ، يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئەسلىدە تىزىمغا ئېلىنغان ئەزدىنىڭ ئەھۋالىغا ئىش توغرىسىدا دوخوفوغا ئالدىن خەۋەر قىلمىغان ئىدى. جاڭ-
قاراپ چارە كورەتتى. مەسىلەن: موڭغۇل خەلقى قازاق چارۋى- يىڭجاڭمۇ چارۋا رايونى بىلەن ماسلاشتۇرغانلىقىنى ئۇخماي قالدى.
چىلىرىنىڭ ماللىرىنى 100 قېتىم ئوغۇرلىسا، قازاق چارۋىچىلىرى چارۋا رايونىدا بولسا، جاڭ يىڭجاڭ ئەسكەر تارتىپ كىلىۋاتقىدەك
موڭغۇل چارۋىچىلىرىنىڭ ماللىرىنى 150 قېتىم ئوغۇرلىسا، بۇنى دېگەن سۆز ئۇشتۇمتۇت تارقىلىپ، بىر مەزگىل ئەنسىزلىك پەيدا
سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، قازاقلار تەرەپنىڭ 50 قېتىم ئارتۇق ئوبولدى. بۇ رايوندىكى ئەمەلدارلار ۋە خەلقلەر تەرەپ - تەرەپكە
غۇرلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۇلاردىن تولۇقتۇپ ئېلىنىدۇ ئاقاچتى. دوخوفو خەلقتىن ئەسكەر توپلاپ، ھەر قايسى تاغ
قازاقلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئادىمىنى ئولتۇرۇش ۋەقەسى ئىككى قېتىم ئېغىزلىرىغا قاراۋۇل قويىدى. يول ئېغىزلىرىغا تاش يىغدۇرۇپ،
موڭغۇللارنىڭ قازاقلارنىڭ ئادىمىنى ئولتۇرۇش ۋەقەسى ئۈچ قېتىم توسالغۇلار ياساتتى. جىددى مۇداپىئە ھالىتىگە كىرىپ، گويا چوڭ دۈشمەن
بولسا، موڭغۇللار تەرەپ بىر قېتىملىق ئۆلگەن ئادەمگە خۇن تۆلىمەپ قالغاندەك ھولۇقۇشتى. جاڭ يىڭجاڭ بىلەن تۇڭباۋنىڭ ئاۋال-
لەيدۇ. ھەر قېتىم «يىغىن» ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەزدىلەرنى باشقۇرىدىغانلاردىن كونا بۇرادەرچىلىكى بولغانلىقتىن دوخوفو تۇڭباۋنى جاڭ-
ئەمەلدارلار خىراجەت ۋە سېلىق ئالىدۇ، ياكى پارە يەپ يىڭجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئېۋەتتى.
ئەھۋالنى بۇرمىلاپ، ئەزدىلەرنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە تۇگۇتىجاڭ يىڭجاڭ تۇڭباۋغا: سىلەرگە جىن جۇشى ئۇختۇرۇش قىلغانىدۇ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسە خەۋەر قىلمايلا يولغا چىقتىم. بۇ سەپىرىمدە كۆچاردا تۇ-
سە تىگىدۇ، باشقۇرغان ئەمەلدارلار بولسا باي بولۇپ كىتىدۇ؛ ئۇچۇن ئۇدۇللاپ كىتىۋاتىمەن، باشقا ھېچقانداق غەرەز يوق
ئايىنىدە يدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭباۋ جاڭ يىڭجاڭنى باشلاپ دوخوفو بى-
ەن كورۇشتۇرگەندە، جاڭ يىڭجاڭ تىزلىنىپ تازىم قىلىش قايىدىسى-
ى ئادا قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ. ئوتتۇ-
ىدا بولغان خاتا چۈشەنچىلەر تۈگەيدۇ. جاڭ يىڭجاڭ قىسمىلىرى
ۇز يولىغا راۋان بولىدۇ. بۇ ۋەقەدىن دوخوفونىڭ جىن شۇرېندىن خې-
ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ مەلۇم سى-
اسى قارا نىيەت بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## 4 - دوخوفو بىلەن شىڭ مىڭجاڭ ئارىسىدىكى كورەشلەر ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

دوخوفودا مەلۇم سىياسىي قارا نىيەت بولۇپ، ھوقۇق، ئابروي



1928 - يىلى — جۇمھۇرىيەتنىڭ 17 - يىلى 7 -
7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگۈرۈشى پەيد
بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى قوشۇمچە چىگرا مۇ
داپىئە دۇبەنى ياڭ زېڭشىن، خارجى ئىشلار ۋەكىلى فەن ياۋنەن
تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رە
ئىسلىكىگە مەمۇرى ئىشلار نازىرى جىن شورېن چىقتى. ئۆزۈن ئو
مەي دوخوفو قۇمۇلدىن قايتىپ كېلىپ يۇلتۇزنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى
دوخۇفو يۇلتۇزغا قايتىپ كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، جىن شورېن سۇيدۇڭ
دە تۇرۇشلۇق ئاتلىق باتالىيون باشلىغى جاڭ دېشىڭغا تېلېگىرام
يوللاپ تاغ يولى بىلەن يۇلتۇزدىكى چارۋا رايونى ئارقىلىق ئوتتۇ

ھەم شوھرەتپەرەسلىك ئېغىر ئىدى، ئۇ، ئىنتايىن رەزىل - ز
ھەرخەندە بولۇپ، ئۆزىگە يات دەپ ھېساپلىغانلارنى چەتكە ق
قىلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق دەھشەتلىك ۋاسىتىلارنى ئىشقا سېلىشتىن با
تارتماي زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئادەم ئىدى. مەسىلەن: بىر قېتىم يايلا
ئاتلارنى سالما تاشلاپ تۇتۇش ۋاقتىدا، سالمىچىغا مەخپىي ھالا
سەن نىمەنگۈزدىنى سالما تاشلاپ ئاتتىن يىقىتىۋات، دەپ بۇ
رۇپ، ئۇ ئادەمنى سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرگۈزگەن (چۈنكى ئۇ، نىما
كۆزدىنى يامان كورەتتى). ئەينىشلارغا قارىغاندا ئۇ، بۇ ئىش
شىلىك مىڭجىڭغا دوكگەپ ئۇنى ئەمىلىدىن چۈشۈرىۋەتكەن. يەنە
قېتىم ئۇ: ئاۋال ئۆزى بېيجىڭگە مەنخەنۋاڭنىڭ پۇچۇڭ خېنىمى
(ۋاڭ ھەم ئېسىلزادىلارنىڭ ئالىدىغان خوتۇننى پۇچۇڭ دەپ ئاتا
تتى.) قارشى ئېلىشقا بېرىپ شىنجاڭغا ئەكىلىش ئۈچۈن ئېۋەتكەن ئاد
كېرىپ چاگزىنى (چاگزا — خوفونىڭ روزىغارلىرىنى باشقۇرغۇچ
قەستلەپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولۇپ، ئالدى بىلەن كېرىپ چا
زىنى تاغ يولى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىش بىجىرىشقا ئېۋە
دۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىن يەنە بىر ئىشەنچىلىك ئادىمىنى بۇيرۇ
يول ئۈستىدە كېرىپنى ئۆلتۈرىۋاتقان. بۇنداق مىساللار ئۇنىڭ نەقە
دەھشەتلىك سۈيىقەستچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شىلىك مۇۋەققەت مىڭجاڭ (ئايماق باشلىقى) بولۇپ تۇر
مەزگىلدە ھوكۇمەت ئىشلىرىنى مەنخەنۋاڭغا ئوتكۇزۇش تەشە
سىنى قىلغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدا يەر - زىمىننى
كۇمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئوتكۇزۇش تەشەببۇسى چىققى. بۇ چا
قاراشەھەر ھاكىمى خەن شۇڭ خىزمەت كورسۇتۇپ پايدا تېپ
ئۈچۈن قاراشەھەردىمۇ يەر - زىمىنلەرنى ھوكۇمەتنىڭ باشقۇر
شىغا ئوتكۇزۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. خەنۋاڭنىڭ قاراشەھە



يېقىن ئەتراپتا يەرلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەرنى ئاۋالدىن تارتىپلا
دىخانلارغا ئىجارىگە بېرىپ تۇراتتى. دىخانلار خەنۋاڭغا
ئىجارە ھەققى تاپشۇراتتى، ھوكۇمەتكە غەللە - پاراق تولىمەيتتى.
يەر - زىمىننى ھوكۇمەتنىڭ باشقۇرىشىغا تاپشۇرۇش دېگىنى،
ھېلىقى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھوكۇمەت باشقۇرۇپ، ناھىيىلىك
ھوكۇمەت دىخانچىلىق بېجى ئالىدىغان بولۇش كېرەك دېگەندىن
ئىبارەت، بۇ ئىشنى خەن شەنجاڭ ئاۋال شىلىك بىلەن مەسلىھەت-
لەشكەن، شىلىك ماقۇل بولغاندىن كېيىن جىن شۇرېنغا مەلۇم قى-
لىسپ دەرھال ئىجرا قىلىشقا تەرەددۇت قىلغان. جىن شۇرېن ئەي-
نى ۋاقىتتا «ئويلىشىپ ئىش قىلىڭىز» دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپ،
بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دېگەن ئەمەس. دوخوفۇ قۇمۇلدىن قاراشە-
ھەرگە قايتقاندىن كېيىن، يوقۇرىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، شى-
لىكنى ئۆزىنىڭ سىياسى دۈشمىنى دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئۇنى
كوزدىن يوقاتمىساكوڭلى تىنمايدىغانلىغىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
شىلىكنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تاققا ئادەم ئەۋەتكەن. شىلىك دوخوفۇ-
دىن بەك قورقىدىغانلىغى ئۈچۈن، قاراشەھەردىكى خەن شەنجاڭ-
نىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ موكۇۋالىدۇ. دوخوفو خەن شەنجاڭدىن
شىلىكنى دەرھال تاپشۇر دەپ سورايدۇ، خەن شەنجاڭ ئۇنى - بۇ-
نى دەپ ئەگىتىپ، ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ لېكىن ئۇ چاغدىكى
قاراشەھەردە دوخوفونىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، خەن شەن-
جاڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەخسۇس ئادەم تە-
يىنلەپ شىلىكنى مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە ئاپىرىۋېتىدۇ.
مەنخەنۋاڭ بۇچاغدا 15 - 16 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى.
وخوفو ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىش ھەم مۇستەھكەملەش ئۈچۈن،

سىياسى جەھەتتىن بەزىبىر ۋاڭ - گوڭلارنى ئۆزىگە تارتىپ يوقىلدى. ئىش ئۆتكەندىن كېيىن، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماس-
لەنچۈك قىلماقچى بولىدۇ. خۇلىيەنجۇ دىگەننى (بۇ ئادەم رېخىبدەلىق ئۈچۈن، ئۇچى ئاكا - ئۇكا بولۇشقا ۋەدە قىلىشىپ، بىر بىرسىگە
كى ئىچكى موڭغۇلىيە بەگزادىلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئېۋەتكەن ئادىمى ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. كېيىن دوخوفو ئۈرۈمچىگە كېلىپلا
بولۇپ، ماناس ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان) ۋاستە قىلىپ بېجىڭدىن شىلىڭنىڭ جىن شۇرېنغا مەلۇمات بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ، شىلىڭكە
كى موڭغۇل ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ پىشقەدەم ھېساپ بولغان ئۇچلىگى تېخىمۇ كۈچۈيۈدۇ - دە شۇ بانا بىلەن: شىلىڭ مېنىڭ
لانغان گوڭساڭ نورۇپىلنىڭ قىزى ۋۇجىڭبىڭ (ۋۇجىڭبىڭ، گۇڭ ئاكام باين مۇڭكۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرىۋەتكەن دەپ
ۋاڭنىڭ 2 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان) نى مەن خەنۋاڭنىڭ پۇجۇڭلىغى جىن شۇرېنغا ئەرز قىلىدۇ. شىلىڭمۇ: ئاكىسى ھەم ئۇنىڭ خوتۇنىنى قەستلەپ
سوزلۇشۇپ قويىدۇ. دوخوفو مۇشۇ بانا بىلەن ئۈرۈمچىگە بىرىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم دوخوفونىڭ ئۆزى، دەپ ئەرز قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ
جىن شۇرېن بىلەن كورۇشكىنىدە، شەخسەن ئۆزى بېيجىڭگە بىرىنىڭكى تەرەپ تەكرار ئەرز قىلىسىمۇ بۇ توغرىدا بىر قارار چى-
گوڭۋاڭنىڭ قىزىنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ، مەنخەنۋاڭنىڭ توي ئىشىنى قىلدۇرمايدۇ. جىن شۇرېن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايد-
تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شىلىڭ ئۈرۈمچىگە كېتىشتىن ئىلگىرى بېلىنىش ۋە دوخوفونى بەنت قىلىۋېلىش ئۈچۈن، شىلىڭنى ئۈرۈم-
بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. يەنە دوخوفو بۇ قېتىم بېيجىڭگە بېرىچى شەن يامۇلىغا نەزەر بەنت قىلىپ قويىدى. (لېكىن ئەر-
رىشتا، نۇرغۇن مىقتاردا ئالتۇن، كۆمۈش ئېلىپ ماڭغاندىن تاشكىن كىرىپ - چىقىپ يۈرەلەيتتى). شۇنداق قاتمال شارايىتتا،
قىرى، 500 دانە ئات ھايداپ ئاپىرىپ، ئىچكىرىدە مەلۇم ھەركە دوخوفو شىلىڭنى جازالاش مەخسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، شۇ چاغدى-
قىلىدىغانلىقىنى سوراشتۇرۇپ ئۇققان. شىلىڭ خەن شەنجاڭ بىلەكى ئالى سوتنىڭ باشلىقى تۇۋ ۋېنبېي ۋە ئىچكى ئىشلار نازىرى
مەسلىھەتلىشىپ جىن شۇرېنغا بىر ئىلتىماس يېزىپ، دوخوفونىلى چىگە بىرىدىن ساندۇق تەقدىم قىلدى، ساندۇقتا تولغىچە ئولكە
ئىچكىرىگە بىرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى، بۇنىڭدىلىك جىق ئالتۇ پۇلى قاچىلانغان بولۇپ، پارە بېرىلگەنلىگى ئېنىق ئىدى. سوت
كۆمۈش ھەم ئاتلارنى ئاپىرىشقا تەييارلىنىشىدا ئولكىمىزنىڭ ئومۇ باشلىغى بىلەن لى تىڭجاڭ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ساندۇقلار-
ۋەزىيىتىگە زىيانلىق قارا نىيەتنىڭ بولۇشى چوقۇم، شۇڭا جىنى ئىچىدىكى ئولكە پۇلى بىلەن قوشۇپ جىن شۇرېنغا تاپشۇرۇپ
شۇرېندىن ئۇنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشنى، لېكىن بىر ئاما بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ۋەقە ئۈرۈمچىگە پۇر كېتىپ، ھەممە ئا-
قىلىپ ئۇنى شىنجاڭغا قايتىپ كەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ھەم دوخوفونىڭ قىلمىشىنى بىلەلمەي، ئەرز - شىكايەت ئىشلىرى
ئىلتىماس قىلىدۇ، شىلىڭ بىلەن خەن شەنجاڭ بۇ ئىش ئۈستى بۇ سەۋەپ بىلەن توختاپ قالىدۇ. دوخوفونىڭ شىلىڭنى قەستلەشى
مەخپىي مەسلىھەت قىلىشۋاتقان چاغدا، ئادەتتىكى تۈگچى (تەر ھەركىتى مۇشۇنداق قىلىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ
مان)غا ئىشەنچە قىلماي، تۈگباۋنى ئالاھىدە تەرجىمانلىققا تەكلى ئەھۋالنى كورگەن دوخوفونىڭ ئۆزىمۇ ئۈمۈتسىزلىنىپ ئىچكىرىگە
بېرىپ ھەركەتلىنىش پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ

چاگىرىسى كىرىپ قاتارلىقلارنى بېيجىڭگە ئېۋەتىپ ۋۇجىڭبىڭنى ئالجىدىلىشىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئەسكەرنىڭ تولىسى قومۇلغا ئەۋەتىلگەنىدە،
دۇرۇپ كېلىدۇ ھەم 1930 - يىلى جۇمھۇرىيەتنىڭ 19 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئە ئىشى بوشاپ قالغان ئىدى. جىفۇ
باھاردا مەنخەنۋاڭنىڭ تويى بولىدۇ. مەن خەنۋاڭ شۇ يىلى ئاخەت ئارقىلىق بۇ ئەھۋالنى دوخوفوغا مەلۇم قىلىپ، مۇشۇ پەيتتە
ماق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كىرىشتى. ئەسكەر باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلسەك بىرەر ئىش قىلغىلى بولىدۇ

دوخوفو ئۈرۈمچىدە شىلىكنى ئەرز قىلىشتا مەغلۇپ بولغاندەپ تەكلىپ بىرىدۇ. خەت قاراشەھەرگە يېتىپ، دوخوفونىڭ
كېيىن، قاراشەھەرگە يېنىش ئالدىدا خەنۋاڭنىڭ جايىدا ئولتۇرۇپ كاتىۋى جىفۇ (گۆچۈگلۈق مانجۇر)غا تېگىدۇ، جىفۇ خەتنىڭ مەز
لۇق جىفۇ (يەنى: جى زىچىڭ) بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ، جىفۇ مەزمۇنىنى دوخوفوغا ئوقۇپ بىرىدۇ، دوخوفو خەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن
گۆچۈگلۈق مانجۇ بولۇپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە پارلامېنت ئەزاسى كېيىن كۆلۈپلا قويىدۇ، بوپتۇ ياكى بولماپتۇ دېمەيدۇ، ھەتتا
بولغان، ئەنفۇلار گۇروھىغا قاتنىشىپ سىياسىي جەھەتتە بىر مەخەتنىمۇ تاپشۇرۇپ ئالماي جىفۇنىڭ قولىدا ساقلىنىدۇ. ئاردا بىر
گىل تاراقشىغان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا، ياڭ زېڭشىننىڭ نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جىفۇدا قانداق غەرەز پەيدا بول-
چىقىرىشى ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ياڭ زېڭشىننىڭ قۇمىن توقۇمىچىلىقان، ئەسلى خەتنى جىن شۇرېنغا مەخپىي مەلۇم قىلىدۇ. جىن شۇ-
فابرىكىسى ئۈچۈن ئىچكىرىدە تۇرۇپ ھەرخىل ماشىنىلار سېتىۋېلىن دوخوفونى بىر تەرەپ قىلماقچى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىلىك
لىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان ھەم ياڭ زېڭشىننىڭ مىس ھەيكىلىئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولۇپ جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن شىلىكنى
قويغۇزغان. شىنجاڭغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل قاراشەھەرگە بېرىپ دوخوفونىڭ ھەركەتلىرىنى پاچاقلاش پائالى-
مىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ جىڭلىسى بولغان. جىن شۇرېن شىتدە بولۇشقا ئېۋەتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قايتا - قايتا بۇيرۇق
جاڭغا باشلىق بولغاندا، جىفۇنى كۆچارنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىۋىلاپ دوخوفونى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ. دوخوفو يولۋاسقا مىنىپ
گەن ئىدى. كېيىن يۇرت خەلقى ئەرز قىلغاشقا خىزمىتىنى تاپالغاندەك قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالىدۇ، ئاخىرى ئۈرۈمچىگە
شۇردى، شۇڭا سىياسىي جەھەتتە يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، كېلىش بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئەسكەر ئېلىپ ھەدەپ ئاتلىق
كۆمەكتە ناھايىتى نارازى بولۇپ يۈردى. دوخوفو ئۇنىڭ بىلبىرگادىسىنى تولۇقلايدۇ. مۇھىم تاغ ئاغزىغا ئەسكەر قويۇپ قار-
ئوزئارا چىقىشىشى ھەم پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىنىلىق كورسۇتۇشكە تەييارلىنىدۇ، ھەممە ئادەم ئالاقزادە بولۇشۇپ،
خەۋەرلىرىنى يوللاپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەن، دوخوفو جىن شۇرېن ئاغدىكى چارۋىچىلار قاچقىلى تۇرىدۇ. بەزىبىر لامالار دوخوفونى
ئۆچمەنلىك قىلىش كەيپىياتىدا قاراشەھەرگە قايتىپ كەتتى. شىزاڭغا قېچىپ كېتىپ قۇتۇلۇشقا دالالەت قىلىدۇ. جىن شۇرېن

1931 - يىلى قومۇل ئۇيغۇرلىرى جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنە گۆەن چىڭلىيەن (ئىلىملىق شۆە)نى ئالايتەن قاراشەھەرگە ئېۋەتىپ،
غا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. شۇ چاغدا ئالدىنقى سېيىدا - زەرەرنى چۈشەندۈرۈشنى بۇيرىدى، ئۇ بېرىپ تەسلىك

گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى، ئومۇمى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇ
بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى. نەتىجىدە دوخوفو قايىل بو
لۇپ، قول ئاستىدىكى باتالىيون باشلىقى بالدىننى ئەگەشتۈرۈ
ئۆرۈمچىگە باردى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن نى
جىددى بۇيرىغى بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. بىر كۈن ئۆتمەستىنلا جى
قولغا ئالدى. ئۆرۈمچى سود مەھكىمىسىنىڭ سوراپ- تەرگاۋ قىلىشى
تاپشۇردى، پاكىتلار راس چىققاندىن كېيىن، جىڭ باش ئىگى
تۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي دوخوفونى قارشى چىقىشقا قۇتراتقۇچى
گەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلاندى.

دوخوفو ئۆلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن موڭغۇل ئاتلىق ئەسكە
لەر بىرىگادىسىنىڭ باشلىقلىقىغا شىلىكنى تەيىنلىدى، ھەمدە پۈتۈ
بىرىگادىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆرۈمچىدىن كۆچۈپ قۇمۇلغا بارد
يەنى قۇمۇلدىكى جەڭگە قاتناشتى. جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆرۈ
چىگە يېنىپ كەلدى.

1933 - يىلى شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىل
باشچىلىقىدىكى ئاتلىق بىرىگادا ئىلىغا ئەۋەتىلىپ بىر مەزگىل
رۇپ قالدى، كېيىنچە يەنە قاراشەھەرگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇزۇ
ئۆتمەي شىلىكمۇ ئۆرۈمچىگە يۆتكۈلۈپ مائارىپ نازىرىنىڭ
رۇنباسارى بولدى. شىلىك مۇئاۋىن نازىر بولغان مەزگىلدە، ش
شىسەينىڭ ئۆزىگە يات ھېساپلىغانلارنى چەتكە قېقىشتەك رەز
ئويۇننى كۆرۈپ، ئۆزىگە خەۋپ بارلىقىنى سەزدى، شۇڭا مۇنا
ۋەت ئورنۇتۇپ قويۇشى غەرىزىدە، شىڭ شىسەينىڭ خوتۇنىنىڭ
نۇشتۇرۇشى ئارقىلىق، چوڭ قىزى شى لىيەنخۋانى شىڭ شىسەي
فۇگۇەنى (مۇھاپىزەتچىسى) دۇڭ جاۋلىڭگە بەردى. شۇ ۋاستە
قىلىق شىڭ شىسەي بىلەن يېقىنلىشىشنى يەنى ئۆز جېنىنىڭ



خەتەرلىكىنى ساقلاشنى كۆزلىگەن ئىدى. 1937 - يىلى ياز پەسلى-
دە ئۇ- ئۈچۈنچى قىزى شى مۇجېننى مەنخەنۋاڭغا 2 - فۇجۇڭلى-
لىققا بەردى. يەنە ئۇ بۇ مەزگىلدە مەنخەنۋاڭنىڭ بىخەتەرلىكىنى
ساقلاش ئۈچۈن، مەنخەنۋاڭ بىلەن 3 - قىزىنى سوۋېتكە ئوقۇ-
شقا ئەۋەتمەكچى بولغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە شىڭ شىسەي ئا-
قالمىش «چوڭ سۈيقەستچى ئىسيانچىلار ئەنزىسى» دەيدىغان بىر-
نىمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ھەر مىللەت - ھەر ساھەدىكى زات-
لارنى ھەدەپ قولغا ئالغىلى تۇردى. شۇ يىلى كۈز - قىش ئارى-
لىقىدا شىڭ شىسەي مەنخەنۋاڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، زى-
ياپەتتىن كېيىنلا قولغا ئېلىپ قاماققا تاشلىدى. شۇ كۈنى كېچى-
سى شىڭ شىسەي شىلىكنى ئۆز ئۆيىدىن سۆھبەتلىشىشكە چاقىرىپ
ئەكىتىپ، ئۇمۇ قاماققا تاشلاندى. شىلىك قاماقتىكى مەزگىلدە قات-
تىق كېسەل بولۇپ قالدى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى.
خەۋپلىك بولغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى دوختۇر-
خانىغا ئاپىرىپ بىرنەچچە كۈن قاراتقان بولدى. ئائىلە تاۋابىئاتلى-
رى كېسەلنى ئۆيىمىزگە ئەكىتىپ داۋالىساق دەپ تەلەپ قويغاندا،
شىڭ شىسەي رۇخسەت قىلدى. ئۇلار ئاۋال ئۆيىگە بېرىپ لازىم-
لىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېسەلنى ئەكىتىشكە كەلسە شىلىك ئۆلۈپ
قاپتۇ، خەۋەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قايتىپ كېتىشى
بىلەنلا زەھەرلىك ئوكۇل قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىش. مەنخەنۋاڭ شۇ
پېتى تۈرمىدە قېلىپ، تا 1944 - يىلى شىڭ شىسەي ئەمەلدىن
قالغاندىن كېيىن، شۇ يىلنىڭ 10 - ئايلىرىدا بوشاپ چىقتى.
مەنخەنۋاڭ روھى كېسەل بولۇپ قالغان ئىكەن، ھەر قانچە دا-
ۋالىتىپ باقسىمۇ شىپا تاپالمىغانلىقىن بالغۇنتايدىكى كۆرەڭگە ئاپى-
رىپ، لامالارنىڭ كۈتۈپ داۋالىشىغا تاپشۇرۇلدى.

# خاتىمە

مېنىڭ دوخوفو بىلەن بولغان ئالاقەم، 1927 - يىلىدىن باشلانغان. چۈنكى شۇ چاغدىكى مائارىپ نازىرى ليۇۋ بىنلۇڭ (يە بىر ئىسمى: مىڭسەن) «يىڭ فېڭيۈي» ناملىق تىجارەت شىركى قۇرغان ئىدى. ئۇ يەنە دوخوفو بىلەن شېرىكلىشىپ «سەندو» شى كىتىنى قۇردى ۋە مېنى مەزكۇر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلى تەكلىپ قىلدى. مەن كەسىپ مۇناسىۋىتى بىلەن، يېڭفېڭ يۈ شىركىتىنىڭ قارا چايلىرىنى دايىم دېگۈدەك قاراشەھەرگە ئاپىرىپ چارۋىچىلارنىڭ يۇڭ - تېرە قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىغا تېگىشىپ ئۇنى تىيەنجىنگە ئەۋەتىپ نەق پۇل قىلاتتىم. پۇل پىرەۋوت قىلى تىجارىتىنى يىڭ فېڭيۈي ئىشلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دوخو ھەم خەنۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولدۇ شۇڭدىن ئېتىۋارەن ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ بەزى ئىشلىرىغا مەن ئار لىشىپ قالىدىغان بولدۇم. بۇ ماقالىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگە ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن يازدىم، شۇڭلاشقىدەك جىڭبىنىڭ ھەم سەي جېنسېڭلارغا كۆرسەتتىم ئۇلار مەلۇم تۈز تۈشلەر كىرگۈزدى ۋە قوشۇمچىلارنى قىلدى. لېكىن ئىشنىڭ ئۆت كۈنىگە 30 يىلدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئەملى بولمىغ چايلىرىدىن خالى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈزۈتۈشىنى ئۈمى قىلىمەن.



# تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۇتمۇشى

— سۇڭشىليەن —

ھەرقانداق بىر ئىش ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولمايدۇ، قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىچكى مۇناسىۋىتى بولىدۇ. تۇرپان ۋەقەسىمۇ دەل شۇنداق. مەن «1947 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى «25-فېۋرال» ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى» دېگەن ماقالىدا، ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن جاڭجىجوڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى كەسكىن كۆرەش ئەھۋالى توغۇرلۇق تەپسىلى توختالدىم. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىلدە ئەخمەتجان جاڭجىجوڭنىڭ ئىلاج قىلىپ تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىش كېپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ھەدېگەندىلا ئىلى تەرەپتىن ئابدۇراخمان مۇھتىنى تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كورسەتتى، ئۇ چاغدا مەن بۇ قارارغا رازىلىق بىلدۈرمىدىم، ليۇمىڭچۈنغا (غەربى-شىمال مەمۇرى مەھكىمە باش كاتىۋى ۋە قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۈمەت باش كاتىۋى): «تۇرپان بولسا قۇمۇل ھەم ئىچكىرىگە قاتنايدىغان يولنىڭ ئاغزى، شۇڭلاشقىدەك دولەت ئارمىيىسىنى تەمىنلەيدىغان بازار، نىمىشقا بۇنداق مۇھىم ناھىيىگە ئىلى تەرەپنىڭ ئادىمىنى ھاكىم قىلىپ قويىمىز؟» دېدىم. ليۇمىڭچۈن: «مىنىڭچىمۇ مۇۋاپىق بولمىدى، بىراق جۇرىن (جاڭ جىجوڭنى دېمەكچى)

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلدى، ئەخمەتجان قوجۇشىنىڭ ب
رىنچى نوۋەت ھاكىم كورسۇتىشى بولغاچقا، رەت قىلىشقا بولمايدۇ
دەپ قاراپ، تەستىقلەندى»دېدى. «بۇنداق بولغاندا ھازىردىن ئ
تىۋارەن تۇرپاندا ۋەقە تولا بولىدۇ-دە»دېدىم مەن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن
ئاستانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ناھايىتى ئاكتىپ ھالدا تەشكىلى
ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلە
بىر ۋاقىتتا تۇرپان ئۇيغۇر خەلقى جىقراق جۇغلاشقان جاي بو
ناچقا، ئېلى تەرەپ ئۇلارنى قوزغۇلۇپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلى
غىغا قارشى تۇرۇشقا تەشۋىق قىلدى ھەم قۇتراتتى. مانابۇ- تۇر
پاندا قوراللىق قوزغىلاڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەپ.

لېكىن بۇ قېتىمقى ۋەقە 1947- يىلىنىڭ 7- ئايلىرىدا پەيد
بولدى، ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئېلى تەرەپنىڭ ئالدى
پىلانلىشى بىلەن بولغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇلارنى
توپلىغان كۈچى يېتىشسىزلىك قىلاتتى، تەييارلىقىمۇ تولۇق ئەمەس، ئا
مىنى ھەركەتلەندۈرۈشىمۇ دىگەندەك جايىدا ئەمەس ئىدى، نەتىجە
بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەمدى مەن ئالدى بىلەن ئېلى تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى قو
لاڭنى بالدۇر قوزغاپ قويۇشىدىكى قىسقىچە سەۋەپلىرىگە ئازىرراق
توختۇلۇپ ئۆتەي.

1947- يىلى 4- ئاينىڭ 16-كۈنى جاڭجىجۇڭ ئەخمەتجا
قوجۇشى، ۋاڭزىيېشەن نازىر(ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ)، مۇئاۋ
نازىرى رەخىمجان، ھەيئەت ئەزالاردىن ئەيسا، چۈيۈۋ ۋە تەپتى
مەسئۇت، تاشقى ئىشلار ۋەكىلى ليۇزەيرۇڭلارنى باشلاپ ئۈرۈمچىد
نىڭ تالىشىدىغان مۇھىم نىشانىسى ئىدى. ئۇ چاغلاردا سىڭگىم ئېغىزىدا ئۇششاق سودا- سېتىق قىلىدىغان ئون نەچچە ئائىلىلىك ئاھالە بار ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىستېھكام پۈتتۈپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چىن يىڭجاڭ، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى ئۆزۈملۈكلەردە ھەرىكەت بارلىقىنى سېزىدۇ. كېچە- سائەت ئىككى بولغاندا قوزغۇلاڭچى دېخانلار ھۇجۇم باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلاندى.

قوزغۇلاڭچى دېخانلار سىڭگىم ئېغىزىغا بىر قانچە تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى. سىڭگىم ئېغىزىدىكى بازارنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پەقەتلا ئۆي ئىچىدە تاملارنى تېشىپ قارشى تۇردى. قوزغۇلاڭچىلارنىڭ ئاتقان قول بومبىلىرى ئىستېھكامنىڭ يېقىن جايلىرىغىچە چۈشۈپ تۇردى. بىر قول بومبىسى ئىستېھكامنىڭ ئوگزىسىگە چۈشكەندە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ يەرگە ئېتىۋەتكەن. چىن يىڭجاڭنىڭ ۋەقەدىن كېيىن ئېيتىشىچە، قوزغۇلاڭچى دېخانلار ئارىسىدا پىششىق ھەربى تەلىم- تەربىيە كۆرگەنلەر بار بولۇپ، پىلىموت ئېتىش ماھارىتى خېلى ئۈستۈن بولغاچقا مۇداپىئە قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى خېلى ئاۋارە قىلغان ئىكەن.

جەڭ جىددى بولغان، قوزغۇلاڭچى دېخانلارنىڭ بىر قانچە قېتىم ئىستېھكامغا قىلغان ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلگەن. بۇ ئاردا شىنجاڭ گارنىزون باش شتاۋى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتكەن. بولۇپمۇ چىڭخەيدىن يۆتكەپ كەلگەن ئاتلىق 5- دىۋىزىيەنىڭ قىسىملىرى كېچىچە تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. چۈنكى بۇ چاغدا تۇرپان، پىچان



ھەممە توقسۇننىڭ ئىلانلىق دىگەن جايلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇڭا ئاتلىق 5- دىۋىزىيە، پىيادە ئەسكەرلەرگە ماسلىشىپ، ھەرقايسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن نۇقتىلاردا قوزغىلاڭچى دېخانلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى سۇيى يوق، ئاشلىقى يوق چۆل باياۋانلارغا سۈرۈپ چىقىپ يولبويى ئۇچرىغانلا ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈردى. بەزەن يېزا ئاھالىلىرىمۇ ئۇرۇش ئاپىتىگە دۇچ كېلىپ، قوزغىلاڭچى دېخانلار بىلەن بىرلىكتە قېچىپ، ئوخشاشلا قىرغىنغا ئۇچرىدى. ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە قىرغىن قىلىنغان دېخانلار تەخمىنەن 3000 ئەتراپىدا بولغان

مەن سىڭگىم ئېغىزىغا بارغاندا، چىن يىڭجاڭنىڭ شتاۋى، بىر ئۇيغۇر باينىڭ جۇۋاز (يۇفاڭ) كارخانىسىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۆيلىرى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇرۇش گەرچە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، چىن يىڭجاڭ قايتىپ كەلگەن دېخانلارنى داۋاملىق ئاختۇرۇۋاتقان ئىكەن. سىڭگىم ئېغىزىغا يېقىن ئاستانا دىگەن يەردە سۆڭ پامىلىلىك بىر خەنزۇ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا ئۇستا، ئۇزۇن يىلدىن شۇ يەردە تۇرغانلىقتىن، يەرلىك ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىكەن. چىن يىڭجاڭ بۇ خەنزۇنى ئوزىگە سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ تۇرىسەن دەپتۇ، ئومۇمەن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن دېخانلارنى بۇ خەنزۇ ھەربىرلەرگە مەلۇم قىلىدىكەن. يىڭجاڭ دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىدىكەن. چىن يىڭجاڭنىڭ شتاۋىدا «قورال ياراق رېمونت قىلىش ئىشخانىسى» قۇرۇلۇپ، پىيادە ئەسكەرلەر مىلتىقىنىڭ ئاددى زاپچاسلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان ئىكەن. شۇ رېمونتخانىدا ئىشلەۋاتقان 2 نەپەر دېخانمۇ تۇتۇپ كەلتۈرۈلگەن

دىخانلاردىن ئىكەن. چىن يىگىجاڭ بۇلارغىمۇ، قايتىپ كەلگەن قوزغىلاڭچى دىخانلارنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ چىن يىگىجاڭ قوزغىلاڭچى دىخانلارنى قالدۇرماستىن جايلىشىۋېتىشقا ئۇرۇنغان ئىكەن.

چىن يىگىجاڭ بۇ ئۇرۇشتا، ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن تاشقىرى تىرىك ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۆز شىتاۋىنىڭ ئەتراپىدىكى چولگە كومدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ ماتىرىيالنى مەن چىن يىگىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىگەللىگەن ئىدىم. كېيىن چىن يىگىجاڭمۇ ئۆزگەرتىشكە كىرىپ قالدى. يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭدىن سورىسام ئېقرار بولۇپ جەمئىي 24 ئادەمنى ئۆلتۈردۈم دىدى.

تۇرپان، پىچان، توخسۇن ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ گارنىزون باش شىتاۋى 2- باشقارما، (ئىشپىيونلار باشقارمىسى) ھەركەت گۇرۇپپىسىنىڭ زۇجاڭى لى خۇگيۇگىنى بىر دانە رادىئو پىرىيومنىك بىلەن بىر نەچچە جاللاتلارنى قوشۇپ تۇرپانغا ئېۋەتتى. ئۇلار تۇرپانغا بىرىپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان دىخانلارنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى قولغا ئېلىپ بىر-بىرلەپ چېپىپ ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىپ ئادەم تونىغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن ئاستانا ئەتراپىدىكى چولگە كومدۇرۋەتكەن. بۇنىڭ ئۆلتۈرگىنىمۇ 24 ئادەم بولۇپ، بۇ قىرغىننى ئىجرا قىلغۇچى قاتىلنىڭ ئىسمى سۇ جۇگيى ئىدى. مەن شۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. ئەمما سۇ جۇگيى ئۆلتۈرگەن 24 ئادەم، چىن يىگىجاڭ ئۆلتۈرگەن 24 بىلەن بىر گەپمۇ بۇ يېرى ئېنىق ئەمەس.

مەن سىڭگىم ئېغىزىغا يېتىپ بىرىشتىن بىركۈن بۇرۇن گومىنداڭنىڭ پىچاندا تۇرۇشلۇق باتالىيون شىتاۋىدا بىركىچە - قون-



غان ئىدىم، بىرنەپەر مۇئاۋىن تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) ماگا باتالىيون شىتاۋى ئالدىدىكى توغرى تامنىڭ تەكتىدىمۇ، بىرمۇنچە قوزغىلاڭچى دىخانلارنىڭ جەسەتلىرى باردىگەن سوزنى قىلدى. ئۇلار ئادەملەرنى قايسى ئۇسۇلدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى، سانى قانچىلىك، بۇ تەرەپلەرنى ئېنىق ئېيتمىدى.

1949 - يىلى ئەتىيازدا، مەن قاراشەھەرگە كېتىۋېتىپ خوشۇتتا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر لىيەنجاڭى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، بۇ لىيەنجاڭ جىيپجاڭلىق ئىدى. ئۇ ماگا تۇرپان، پىچان، توخسۇن ۋەقەسى توغرىسىدا سوزلەپ بەردى. شۇ چاغدا ئۇ بۇيرۇق بويىچە خوشۇتتىن شىمالغا مېڭىپ، قوزغىلاڭچى دىخانلارنىڭ غەربكە قاراپ قاچقانلىرىنى توساپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ توخسۇن ئىلانلىقتىن غۇلجىغا ماڭغىلى بولىدىغان تاغ يوللىرىدا دىخانلارنى قوغلاپ قىرغىن قىلغان. كوپلىگەن دىخانلارنى قوغلاپ قىستاپ ھاڭلارغا دۈمۈلىتىۋەتكەن. بەزىلىرىنى ئېتىپ تاشلىغان، بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى، جانيەرلىرىنى كېسىۋەتكەن. قىرغىن قىلىنغان ئادەم سانى تەخمىنەن 500 ئەتراپىدا بار دەپ سوزلەپ بەردى.

تۇرپان، پىچان، توخسۇن ۋەقەسىدە گەرچە ئۆزەم نەق مەيداندا بولمىساممۇ، ۋەقەدىن كېيىن ئاڭلىغانلىرىم بويىچە بۇ ماتىرىيالنى يېزىپ چىقتىم، كېيىن تولۇقلايمەن.

1963. 12. 8.

# چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا فىرمىلىرى

تۇگىباۋ

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ تا ـ ئازاتلىققا قەدەر، يەنى 1882 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە 70 ـ 80 يىل جەريانىدا يېرىم پېئودال ـ يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە كەلدى، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا يۈرگۈزگەن ئىقتىسادى تاجاۋۇزچىلىقى، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئەھۋال بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش. مۇستەملىكىچىلەر قۇرال كۈچى بىلەن تەڭسىز شەرتنامىلارنى ئىمزالاشقا، سودا شەھەرلىرىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. جاھانگىرلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى چەتئەل سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ جۇڭگونىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنماي، جۇڭگو تەرەپنىڭ قانۇن ھوكۇملىرىنى قوبۇل قىلماي، باج ـ خىراج تۆلىمەي، شىنجاڭ خەلقىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ قانلىرىنى شوراپ كەلدى. ئۇلار سودا فىرمىلىرى، بانكىلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن خام ئەشيالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن كاساتلاشقان ماللىرىنى بازارغا سېلىپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى، بازارلارنى مانىپول قىلدى، بيۇروكرات دەللال ۋە پومېشچىك زومىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولىۋالدى، ھەتتا ئۆكتەبىر



ئىنقىلاۋىدىن كېيىن جاھانگىر روسىيىسىنى ئارقا تىرەك قىلىۋالغان سودىگەرلەر، دولەت تەۋەلىكىدىن ۋاز كېچىپ جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى جۇڭگو پۇخراسى دەپ ئاتىۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش خىيالىدا بولدى.

جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئىقتىسادى تاجاۋۇزچىلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1 ـ شىنجاڭ چەتكە جايلاشقان چېگرا جاي، ئەڭ كېيىن ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان، قاتناش ئىشلىرى قۇلايسىز، مەدەنىيەتتە ئارقىدا، ساناَئەتتە تەرەققى تاپمىغان، پۈتۈنلەي چەتنىڭ تاۋارلىرىغا تايانغان ئىدى. جاھانگىرلار، بولۇپمۇ چارروسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى مۇتلەق ئۈستۈنلىكنى ئىگەللىگەن مانىپول خاراكتېرلىك سودا ئىدى. مەسىلەن: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كام بولسا بولمايدىغان جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى چاينى، قانداقتۇر روسىيە سودىگەرلىرى خەنكوغا ئادەم ئەۋەتىپ چاي زاۋۇدى ۋە چاي سارايلىرىنى قۇرۇپ، سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا يوتكەپ كېلىپ بازارنى مانىپول قىلىۋالغان ئەھۋاللار بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ.

2 ـ شىنجاڭدا قۇرۇلغان سودا فىرمىلىرى، ئاساسەن، دىخان چارۋىچىلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تالان ـ تاراج قىلاتتى. سودا فىرمىلىرى تېرە، يۇڭ، ئۈچەي قاتارلىقلارنى قويماي سېتىۋېلىپ تىجارەت قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىلەپ چارۋىچىلىق بىلەن بىۋاستە شوغۇللاندى. جاھانگىر رۇسىيەسىنىڭ داۋشىڭ بانكىسى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق 3 ئورۇندا قەغەز پۇل ئىشلىتىپ مال سودىسى قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن. ئېشىپ قالغان تاۋار-

لىرىنى شىنجاڭ بازارلىرىغا تاشىدى. ھەتتا ئويۇنچۇقلار بىلەن قىممەتلىك تېرە ماللارنى ئالماشتۇرۇۋالدى. يەرلىك سانائەت باش كۆتۈرەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ تاۋارلىرى رىقابەتلىشىشكىمۇ يارىمىدى. 70 - 80 يىلدىن بۇيان سەنشىلىكلەر، خۇنەنلىكلەر، تيەنجىنلىكلەردىن ئىبارەت خەنزۇ سودىگەرلىرى چەتئەل سودا كۈچلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى.

3 - مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان سودا فىرمىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى «سودا چەمبىرىگى» دەپ ئاتىلاتتى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىجارىگە ئالغان يەرلىرى (كونسېسسىيىلىرى) دەك ھەشەمەتلىك ئىدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كىبىرى ئالاھىدىلىكى كىشىلەر ئىشەنمىگىدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ چەت ناھىيىلەردىكى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گۇماشتىلىرى «شاگيۇ» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا ئاتالمىش «گۇۋانامە» تارقىتىپ بېرەلەيتتى ياكى سېتىپ بېرەلەيتتى، گۇۋانامىگە ئېرىشكەن ئادەم جۇڭگونىڭ قانۇن پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمايتتى، باج-خىراج تۆلىمەيتتى، ئۇلار بۇ ئادەملەردىن قول - چوماق ئورنىدا پايدىلىنىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتەلەيتتى.

4 - جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى سودا فىرمىلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسى چەكلىك ئەمەس ئىدى. ئەپيۇندىن تارتىپ سەرەڭگىگىچە تىجارەت قىلاتتى. پايدا تاپسىلا بولاتتى. تۈرلۈك ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان سودا فىرمىلىرى ئىچىدە جاھانگىر رۇسىيىنىڭ تەسىر كۈچى باشقىلاردىن غالىب ئىدى، ئۇلار يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قورال - ياراق سېتىپ بېرىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە بىۋاستە قۇترىتىپ، لاي سۇدىن بېلىق تۇتۇشنى مەقسەت قىلاتتى.



جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقى ھەرتەرەپلىمىلىك بولۇپ، بۇنى سېستىمىلىق بايان قىلىپ ئۆتۈش تەس. بۇ ماقالىدا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان تەسىرى چوڭراق بولغان بانكا ۋە سودا فىرمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقچىمەن.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، شىنجاڭنىڭ جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان تارىخى، 1851- يىلىدىن 1917- يىلغىچە بولۇپ 60 يىلدىن ئاشىدۇ. 1917- يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىپ، 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە داۋلى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ سودىگەرلىرى تايانچىسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقى ئاياقلاشتى، شۇنىڭدەك ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىقىمۇ زور دەرىجىدە ئازايدى؛ ئەمما شىنجاڭ مىلىتارىستلارنىڭ ئۆزئالدىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقى، 3 چوڭ تاغ شىنجاڭ خەلقىنى بېسىپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، جاھانگىر رۇسىيىسى سودىگەرلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يەنىلا تازىلانمىدى. مەسىلەن: ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ بىلى ناملىق فىرمىسىنىڭ ئاق ئورۇس دەللالى گىمىركىن، جىشاگيۇڭ فىرمىسىنىڭ خوجايىنى خۇسەيىن باي قاتارلىقلار ھۆكۈمران تەبىقىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ سىياسىي دەللاللارغا ئايلاندى. ئۇلار گەرچە جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى يەنىلا رۇسىيە سودىگەرلىرى XX فىرمىسى دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭغا تۇتقان سىياسىتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بىر

تۇرۇپ يېقىنلاشتى بىرتۇرۇپ قارشى تۇردى، بۇ ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسىگە تەبىئى يۇسۇندا تەسىر كورسەتتى. بۇئەھۋالنى تارىخى ماتىرىيالىزىمچىلار چۈشۈنەلەيدۇ.

## جۇڭگو - رۇسىيە داۋشىڭ بانكىسى

جۇڭگو-رۇسىيە داۋشىڭ بانكىسى دىگەن نام جۇڭگو تىلى بىلەن قويۇلغان، ئەگەر بۇنى رۇسچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنسا رۇسىيە - ئاسىيا بانكىسى دەپ ئاتاشقا توغرى كېلىدۇ، باش بانكا جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ پايتەختى مۇقەددەس پېتىربورگدا بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگودا بىرنەچچە شوبە بانكىلىرى بولغان. ئۇنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى: شەرقى شىمالدا ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولى ئۈچۈن غەربى شىمالدا شىنجاڭدىكى جۇڭگو-رۇسىيە سودىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنىڭ ئۇزۇنلىغى 1404 كىلومېتىر، تۆمۈر يول بويلىرىدىكى يەرلەر، تاغ ئورمانلار، كان رايونلىرىنىڭ ھەممىسى تۆمۈر يول ئىدارىسىغا قارايدىغان بولغاچقا تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، كوپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا توغرى كېلەتتى. شۇڭا داۋشىڭ بانكىسى مۇشۇ تۆمۈر يولنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولۇپ قۇرۇلغان، دەپ كەلسە بۇ ئەھۋالدىن ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ قوسىقى كويىدۇ، جاھانگىر رۇسىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتا، دۇنياغا نامى پۇر كەتكەن ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى ياساشتا، كۈچى يېتىشمەي فىرانسىيىدىن ۋە بېلگىيەدىن مەبلەغ ئالدى. داۋشىڭ بانكىسىدىمۇ فىرانسىيىنىڭ مەبلىغى بار ئىدى. بۇ بانكى-



نىڭ جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن مەسىلەن: بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خەنكۇ شەھەرلىرىدە شۆبە بانكىلىرى بولۇپ، ئەملى كۈچى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ خۇيفىڭ، مىجالى بانكىلىرى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ خۇاچى، داتۇڭ بانكىلىرىغا، شۇنىڭدەك ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جىنجىڭ بانكىلىرىغا يېتىشەلمەيتتى. ماقالىمىزدا بۇ بانكىنىڭ دولىتىمىزنىڭ شەرقى شىمالدا شۇنىڭدەك ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردە قانداق بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىغى توغرىسىدا بايان قىلمىدۇق. توۋەندە پەقەتلا داۋشىڭ بانكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى 60 يىلدىن بۇيانقى تاجاۋۇزچىلىغىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شىنجاڭ بىلەن جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ سودا ئالاقىسى 1851 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى شەنفىڭ خاننىڭ 1 - يىلى) دىن باشلاندى. شۇ چاغدا مەنچىڭ ھوكۇمىتى بىلەن چاررۇسىيە ھوكۇمىتى جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى تارباغاي سودا ئالاقىسى نىزامنامىسىنى ئىمزالاپ ئىلى، چوچەكنى سودا شەھىرى قىلدى. 1860 - يىلى (شەنفىڭ خاننىڭ 10 - يىلى) جۇڭگو-رۇسىيە يەنە تيەنجىن شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، قەشقەرنى سودا شەھىرى قىلدى. 1881 - يىلى (گۇاڭشۈي خاننىڭ 7 - يىلى) ئىلى شەرتنامىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قۇمۇل، تۇرپان ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جايۇگۇەننى سودا ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئورنى قىلدى. يۇقۇرقى شەرتنامىلارغا ئاساسەن، رۇسىيە تەۋەلىگىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، تاتار، ئوزبېك، ئۇيغۇر، ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى رۇس سودىگەرلىرى باج تولىمەيدىغان رۇسىيە ماللىرىنى ئارقا - ئارقىدىن يوتكەپ كېلىپ ئىلى، چوچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا سودا فىرمىلىرى قۇردى. رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ فىرمى-

لىرى جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ كونسۇلخانىسى ئەتراپىغا تۇپلاشقان بولۇپ، ئاتالمىش «سودا چەمبىرىكى» شەكىللەنگەن ئىدى. «سودا چەمبىرىكى» خاراكتېرى جەھەتتە شۇ چاغلاردا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ چوڭ شەھەرلەردە ئىجارىگە ئالغان يەرلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو قانۇن پەرمانلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن بولغانلىقتىن خېلى بالدۇرلا سودا شەھىرى بولۇپ قالغان، رۇس سودىگەرلىرىنىڭ سانى كۆپرەك بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قارىغاندا تىجارەت جەھەتتە گۈللەنگەن ئىدى. دېمەك شىنجاڭدىكى جۇڭگو - داۋشىڭ بانكىسى ئەشۇنداق تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

داۋشىڭ بانكىسىنىڭ ئىلى، چۆچەك، قەشقەردىكى شۆبىلىرى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل پىرېۋوت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانماستىن، جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ قەغەز پۇلىنى ئىشلىتىپ شىنجاڭنىڭ تېرە، يۇڭ، پاختا ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ باج تۆلىمەيدىغان سۈپىتىنى ھەم بىراك مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ كېلەتتى. بۇنىڭدا داۋشىڭ بانكىسى سەرمايە ئاباروتىنى تېزلىتىش، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە زور رول ئوينىدى.

داۋشىڭ بانكىسى 1911 - يىلىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالتۇن ئامانەت قويۇش، ئالتۇن چېكى تارقىتىش (ئامانەت قويۇلغان پۇلنى روبلىغا سۇندۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ، ئالتۇن قىممىتىدە ھېساپ ئېچىپ قەرەللىك توشقاندا ئالتۇنغا ئۆسۈم تۆلەيتتى.) تىجارىتىنى يولغا قويۇپ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ۋە سودىگەرلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۆمۈشلىرىنى



يىغىۋېلىپ، تالاڭ - تاراج قىلىش ئارقىلىق مەبلىغىنى ئاشۇردى ۋە بېيفىڭفۇ، تىيەنجىڭ، شەتوڭچىڭ قاتارلىق سەنشىلىكلەرنىڭ چەكلىرىنى سېتىپ چىقىرىپ پۇل پىرېۋوت قىلىش تىجارىتىنى ماناپول قىلىۋالدى.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، داۋشىڭ بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە شۆبە بانكىسى يوق ئىدى، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر تارماق بانكىلىرى تاقالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە مەزكۇر بانكىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلغانلىقى كىشىنى خېلى ھەيران قالدۇرىدۇ. يۇقىرىدا داۋشىڭ بانكىسىنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان چاغلىرىدا ئەمىلى كۈچى يېتىشمەي، فىرانسىيىدىن مەبلەغ ئالغان دېگەن ئىدۇق. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن داۋشىڭ بانكىسىدا فىرانسىيە مەبلىغى بولغانلىقتىن، باش بانكىسى فارىژغا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ شاڭخەي شۆبىسى يىراق شەرق باش بانكىسى قىلىندى. شۇ چاغدىكى داۋشېڭ بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسىگە سۇۋوروف جىڭلى ئىدى. بۇ بانكا يېپىلغاندىن كېيىن، سوۋوروف شاڭخەيگە بېرىپ داۋشىڭ يىراق شەرق باش بانكىسىغا: سوكنا، دۇخاۋا، تاش چاي قاتارلىق ماللارنى سېتىۋېلىش، بۇ ماللارنى يۆتكەش ئۈچۈن 50 دانە يۈك ماشىنىسى سېتىۋېلىپ گەنسۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا يۆتكەشنى يەنى ئەشۇ مال ۋە ماشىنىلارنى سەرمايە قىلغان ئاساستا ئۈرۈمچىدە داۋشېڭ بانكا شۆبىسىنى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپكە باش بانكا قوشۇلغانلىقتىن مال ۋە ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىپ پويىز ئارقىلىق كوكخوتقا يۆتكەپ، ئاندىن ماشىنىلارغا بېسىپ ماڭدى. لېكىن قۇمۇلۇقتىن ئۆتەلمەي ماشىنا ۋە شوفىرلارنى شاڭخەيگە قايتۇرۇۋېتىپ، ماللارنى تۆگە بىلەن شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلدى. سوۋوروف

يەنىلا پەيلىدىن يانمىدى. 1919 - يىلى يازدا مىركەشى (لاتۋىيىلىك، ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن) مارچىنگوۋىچ (جاھانگىر روسىيىسىنىڭ چاي سودىگىرى خەنكودىكى پوچاڭ سودا شىركىتى جىڭلىسىنىڭ ئوغلى) لى شۇچىڭ (ئىلى، تارباغاتاي ۋالى مەھكىمىسى ئالاقە باغلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) يەنە بىر موڭغۇل (ئالدىنقى ئىككىسى شوفېر، لى تەرجىمان، موڭغۇل يول باشلىغۇچى) بىلەن كوكخوتتىن بىردانە كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى، يولدا ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، ئىككى ئايدىن ئارتۇغراق يول يۈرۈپ، كۈزنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. سوۋروف كېلىشى بىلەنلا، ئەسلىدىكى ئىلى شوبە بانكىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى ھەمدە بۇرۇنقى روسىيە سودىگەرلىرى دالى ناملىق شىركىتىنىڭ قورۇسىنى ئىجارىگە ئېلىپ جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شوبە بانكىسىنى قۇردى. دالى سودا شىركىتىنىڭ شىمالىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا قۇرۇلۇش قىلىپ بانكا ئاچتى (بۇ بانكىغا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت كەتتى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا سوۋوروف ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپ بىخەتەرلىك خىراجىتى ئالماقچى بولغان ئىكەن)، بۇ شوبە بانكا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدە بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغان چەتئەل بانكىسى ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، جاھانگىر روسىيىسى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1921 - يىلى سوۋوروفنى قايتۇرۇپ كەتتى، ۋېي لىفانى (ئەسلىدە بېيجىڭ شوبە بانكىسىنىڭ جىڭلىسى ئىدى). ئۈرۈمچى شوبە بانكىسىغا جىڭلى قىلىپ يۆتكەپ كەلدى. جاھانگىر روسىيىسى 1917 - يىلى ئاغدۇرۇلغان



بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادى تاجاۋۇزچىلىق قورالى بولغان داۋشېڭ بانكىسى 1925 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن تاقالدى. شىنجاڭ 1851 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە 60 يىلدىن ئارتۇغراق جاھانگىر روسىيىسىنىڭ ئىقتىسادى تەجاۋۇزىغا ئۇچراپ كەلدى. داۋشېڭ بانكىسى 1917 - يىلدىن 1925 - يىلغىچە شىنجاڭدا يەنە 8 يىل جان تالاشتى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭغا تارتىپ يەنە جان تالىشىدىغان بولسا شىنجاڭ خەلقىگە تېخىمۇ چوڭ بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولاتتى، ئۇنىڭ تاقىلىشىدىن ئىلگىرى تارقاتقان ئالتۇن چەكلىرى بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەي، شىنجاڭ خەلقىگە ئىنتايىن چوڭ زىيان سالدى.

## رسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تىيەنشىڭ فىرمىسى

تىيەنشىڭ فىرمىسىنى جاھانگىر روسىيىسىدىن شەمەيلىك بىر تاتار ئائىلىسىدىن ئاكا - ئۇكا 3 كىشى (چوڭى ئىسھاق باي، ئىككىنچىسى ئىبراي باي ئۈچىنچىسى ئارىپ) سەرمايە سېلىپ ئاچقان ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار شەمەيدە بىر ماگازىن ئاچتى. 1851 - يىلى، ئىلى تارباغاتايدا سودا قىلىش نىزامنامىسىغا ئاساسەن، تارباغاتايغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلدى. ئارىپ جىڭلى بولدى. 1860 - يىلى، جۇڭگو - روسىيە تيەنجىن شەرت نامىسىگە ئاساسەن، ئىسھاقباي ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياڭخاڭ كوچىسىدا تىيەنشىڭ سودا فىرمىسى قۇردى، (ھازىرقى كىيىم تىكىش كارخانىسى قىزىل يۇلتۇز كارخانىسىنىڭ ئورنى)، يولداشى بۇرھان شەھىدى كېيىنكى چاغلاردا مەزكور فىرمىدا ئىشلىگەن ئىدى تىيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ ئىجارىتى: روسىيەدىن چۈيۈن، تۆمۈر، رەڭلىك مېتال ئەسۋاپلىرى، سەرەڭگە، كىرسىن، شۇنىڭدەك رەخ ۋە مىلىش مال ئەكىلىپ، ئات، كالا تېرىسى ۋە باشقا ھەرخىل تېرە، پاختا قاتارلىق خام ماللارنى چەتكە چىقىرىپ روسىيىنىڭ تېرە (خۇرۇم) پاختازاۋۇتلىرىنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەر يىلى چەتكە چىقىرى-

لىدىغان تېرە ۋە پاختا تەخمىنەن 16 مىڭ تونىغا يەتكەن ئىدى. كەلگەن مالنىڭ مىقدارىغا قاراپ مال چىقىرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ مەبلىغى كۆپىيىپ 500 مىڭ سوم رۇبلىغا يەتتى②. شەمەيدىن ئۈرۈمچىگە مال يۆتكەش ئىشى دەسلەپتە تۆگە ئارقىلىق توشۇلدى. كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن رۇسىيە سودىگەرلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن چۆچەكتىكى قازاق دېھقان چارۋىچىلىرىنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىدىن پايدىلىنىپ خادىك ھارۋىلاردىن ترانسپورت دۆيلىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت دېھقان چارۋىچىلىرى، قىش پەسلىدە رۇسىيە ماللىرىنى توشۇشقا باشلىدى. بۇ فىرما رۇسىيە ماللىرىنى سېتىشتا ئاساسەن تۇرپاننى بازار قىلىپ، تۇرپانلىق مۆھەت ئاخۇندىن پايدىلىنىپ رۇسىيە ماللىرىنى تۇرپان، توقسۇن پىچانلاردا سېتىپ بۇ 3 ناھىيىنىڭ پاختىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلدى. تىيەنشىڭ فىرمىسىنىڭ نامى ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، تۇرپان، توقسۇندا ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ تىجارىتى بىر مەزگىل راۋاج تاپتى. ئابلەيباي شەمەي بىلەن تارباغاتاي ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ زور مىقداردا پۇل تاپتى. ئارىپ بىلەن ئىسھاق باينىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن ئاچىسىنىڭ ئوغلى زاكىر بۇ ئىككى تاغىسىنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى. زاكىر كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭ يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تۇرغاندا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلدى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ رېن جۇڭشىن فىرمىسى

رېن جۇڭشىن فىرمىسىغا ئاساس سالغان كىشى تاجى ئوسمان تەشكەنلىك ئۆزبېك بولۇپ، قۇۋ ئادەم ئىدى. 1852-يىلى تارباغاتايغا دەسمايىسىز قۇرۇق قول كېلىپ ئۇيەردىن-بۇيەردىن



تېرىشتۇرۇپ يۈرۈپ رېن جۇڭشىن فىرمىسىنى قۇردى. دەسلەپتە تىجارىتى جانلىنىپ دەسمايىسى 500 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. ئەمما ناھايىتى تېزلا سىرى پاش بولۇپ، 1880-يىلى ۋەيران بولدى. بۇ ئىچى كاۋاك سودا فىرمىسى ناھايىتى كۆپ قەرزگە بوغۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن جۇڭگو رۇسىيە سودىگەرلىرى شۇنىڭدەك تارباغاتايدىكى دېھقان-چارۋىچى خەلق ياڭزېڭشىن دەۋرىدە تاجى ئوسماننىڭ ئۈستىدىن خېلى كۆپ داۋا قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى تاجى ئوسمان ئۆلۈپ تۈگەشتى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جىلى سودا فىرمىسى

جىلى سودا فىرمىسىنى مەرغۇلانلىق ئۆزبېك مەنسۇرجان باي قۇرغان. 1880-يىلى (گۇاڭشۈي خاننىڭ 6-يىلى چىڭ خاندانلىقى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن زېڭجىزېنى رۇسىيەگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنىڭ تىچلانغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان). مەنسۇرجان باي جاھانگىر رۇسىيەنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي مۇداخىلىسىدىن پايدىلىنىپ، زور تۈركۈمدە مال كەلتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە سودا فىرمىسى ئاچتى. ئاساسەن تۇرپاننىڭ پاختا ۋە تېرە يۇڭلىرىنى سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلىپ، مىلىش مال ئىمپورت قىلدى. مەنسۇرجان باي شىنجاڭدا داڭلىق ئادەم بولۇپ، جىنشياگيۇڭ سودا فىرمىسىدىكى خۇسەيىن باي، دېشىنىڭ سودا فىرمىسىدىكى تۇرسۇن بابا بىلەن بىرقاتاردا تۇراتتى. شىنجاڭدا كۆپ پۇل تاپتى. پۇلى 700 مىڭ ئالتۇن رۇبلىغا يەتتى. كېيىن ھەجى قىلىش ئۈچۈن كېتىپ يولدا كېسەل بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە ئوغۇل-قىزلىرى

ۋارىسلىق قىلدى. نەۋرىسى يولچى قارى قوسغىغا ئامراق بەدخەش ھورۇن ئادەم بولۇپ، بىر قىسىم دۇنياسىنى يەپ تۈگىتىۋەتتى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ دالى سودا فىرمىسى

دالى سودا فىرمىسىنى بالتىكىن قۇرغان، مىللىتى روس، مۇسكۇۋادا پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى قۇرغان ئادەم. ئۇ 1911-يىلى تۇرپاننىڭ پاختىلىرىنى سېتىۋېلىش، تۇرپاندا زاۋۇت قۇروپ، شىنجاڭنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق-كوپلەپ پايدا ئېلىش غەرىزىدە شىنجاڭغا كەلگەن. بالتىكىن ئۈرۈمچىدە پاختا كارخانىسى ئاچتى. ئۇ ۋاقىتلاردا جۇڭگو ھوكۇمىتى چەتئەلدىن قورقىدىغان چەتئەلگە خوشامەت قىلىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بۇ فىرما بىلەن جىشياڭيۈڭ سودا فىرمىسى ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، جىشياڭيۈڭ سودا فىرمىسى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقتىن، ئىشى راۋاج تاپمىدى. بىر مەزگىل رۇسىيەدىن كەلتۈرگەن پاختا توقۇلما ماللىرىنى سېتىپ تاپقان پۇلىنى، قۇرۇلۇش سېلىشقا ۋە كۈندۈلۈك ئىستېمالغا ئىشلەتتى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئارقا تىرىگىدىن ئايرىلغان بالتىكىن ئۆي-قورولىرىنى داۋشىڭ باگىكىسىغا ئىجارىگە بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇ فىرما ئۈن-تۈنسىز ئۆز تەغدىرىنى ئاياغلاشتۇردى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ دېخى سودا فىرمىسى

تەشكەنلىك ئۆزبېك رېيىمجان باي بىلەن مىرسال باي 1881-يىلى تارباغاتايغا كېلىپ دېخى فىرمىسى ئاچتى. رۇسىيە ماللىرىنى كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تېرە، يۇڭ، پاختىلىرىنى چەتكە



چىقاردى، يەنە تارباغاتايدىن ياشقا تولغان ئەركەك قويلارنى سېتىۋېلىپ رۇسىيەگە چىقىرىپ جاي-جايلاردا ساتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مىرسال باي ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئۇنىڭ غازى باي دېگەن شاگىرتى خېلى بۇرۇنلا سوۋېت يېرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، خەنزۇچە تىل بىلەتتى، كىشىلەرنى ئوبدان تونۇيتتى. شۇڭا مىرسال باي ئۇنى ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالدى. غازى باي جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەچكە، سودىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭغا ناھايىتى تېزلا كېڭەيتتى. ئۇ ئەسلى قاسساپچىلىقتىن كېلىپ چىققاچقا، ئۆز كەسپىنى ئۇنۇتماي ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەنزىدىن ناھايىتى كەڭ بىر ئوتلاق سېتىۋېلىپ، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ھەر يىلى ياشقا تولغان ئەركەك قويلارنى سېتىۋېلىپ رۇسىيەگە ئاپىرىپ ساتتى. ئۇ يەنە تارباغاتايدا ۋە ئۈرۈمچىدە قوي بورداپ قاسساپچىلىق قىلدى. يەرلىك مەھسۇلات ۋە ئۈچەي سېتىۋېلىپ رۇسىيەگە ماڭغۇزۇپ تۇردى. دېخى سودا فىرمىسى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپانلاردا كوپلىگەن ئۆي-ئىمارەتلەر سالدى ۋە سېتىۋالدى. ئۇنىڭ تارباغايدىمۇ نۇرغۇن يەر-زېمىنلىرى، ئۆي-ئىمارەتلىرى، ئوتلاق ۋە چارۋا ماللىرى بار ئىدى. مال-مۈلكىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى (قىممىتى) بىر مىليون رۇبلىغا يەتكەن ئىدى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن جاھانگىر رۇسسىيەسىنىڭ مۇھاجىرلىرى جۇڭگونىڭ دولەت تەۋەلىگىگە ئوتتى، روسلارمۇ جۇڭگو تەۋەلىگىدىكى بىر مىللەت بولۇپ قالدى. رېيىمجان باي بىلەن مىرسال باينىڭ ئوغلى يوق، قىزلىرى كوپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى كۈيوغۇللىرى چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىپ تۈگەتتى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ماۋشىنىڭ فىرمىسى

بۇ فىرمىنى تەشكەنلىك ئوزبېك ساموقجان قۇرغان، ساموقجاننىڭ دېشىنىڭ فىرمىسىنىڭ خوجايىنى بىلەن تۇققانچىلىقى بولغاچقا دەسلەپتە دېشىنىڭ فىرمىسىنىڭ دەسمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېزىزھاجى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلدى. ئېزىز ھاجى ساموقجاننى ساۋاتسىز دەپ ياراتمىغاچقا بۇ ئىككىسى ئىناق ئۆتەلمىدى.

ساموقجان گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ لېكىن گەپ سوزى جايىدا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيدىغان، باشقىلارنى ئوزىگە جەلپ قىلىشتا ماھىر ئادەم ئىدى. جنشياگيۇك فىرمىسىدىن خۇسەيىن باشقا فىرمىدىكىلەرنى ئىزچىل چەتكە قاقىدىغان، باغرى قاتتىق ھەسەتخور بولغاچقا ئىزىز ھاجىغا نارازى بولاتتى. ساموقجان بۇكاۋاكتىن پايدىلىنىپ ئىزىزھاجى ئۈستىدىن ھەر خىل شىكايەتلەرنى تېپىپ، خۇسايىننىڭ پوستىغا كىرىۋالدى. خۇسەيىن ساموقجانغا زور تۈركۈمدىكى رۇسىيە ماللىرىنى ئەسلى باھاسىدىن تۆۋەنلىتىپ بەردى. ساموقجان بۇماللارنى قاراشەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇيەردىن مۇۋاپىق باھابىلەن ناھايىتى نۇرغۇن سوغۇر تېرىسى، ئات قويرىقى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى. خۇسەيىن بۇيەرلىك مەھسۇلاتلارنى كورۇپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ يۇقۇرى باھابىلەن ئالدى.

ئىككىنچى قېتىمدا خۇسەيىن يەنە ساموقجانغا زور تۈركۈمدىكى رۇسىيە ماللىرىنى بەردى، ساموقجان بۇ ماللارنى تۇرپانغا ئاپىرىپ ياختىغا ئالماشتۇرۇپ تېخىمۇ كوپ پۇل تاپتى، بۇ چاغدا ساموقجاننىڭ مەبلىغى 300مىڭ رۇبلىغا يەتكەن ئىدى. ئۇ موسكۋاغا بېرىپ زور تۈركۈمدە ھەر خىل رۇسىيە ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭدا ئوز ئالدىغا ماۋشىنىڭ فىرمىسىنى قۇرۇپ، دېشىنىڭ نامىلىق سودا فىرمىسىدىكى ئېزىز ھاجى بىلەن رىقابەتلەشتى ناھايىتى قىزلا ۋاقىت ئىچىدە نەشەندىن ئوتلاق ۋە تېرىلغۇيەر سېتىۋېلىپ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.



## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ دەشىڭ فىرمىسى

دەشىڭ فىرمىسىنى تاشكەنتلىك دۇكاندار ئوزبېك خانبابا ئاچقان ئىدى. 1883 - يىلى ئوز تۇققانلىرىدىن ئېزىزھاجى، ساموقجان ۋە ئىمىنجانبايىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، دېشىڭ فىرمىسىنى قۇرۇپ موسكۋادىكى ھەر قايسى زاۋۇدلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئەۋەتىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئىمىنجانباي چوچەكتە، ئىزىزھاجى بىلەن ساموقجان ئۈرۈمچىدە تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ساموقجان ئايرىلىپ چىقىپ، ئوز ئالدىغا ماۋشىن فىرمىسىنى قۇردى. بۇ سەۋەپتىن ئۈرۈمچىدىكى دېشىڭ فىرمىسى ئېزىزھاجىنىڭ قولىدا قالدى. ئىزىزھاجى ئىشتا سالماق، پۇختا بولغاچقا، ئۈرۈمچى باخۇلياڭدا مويكا مەيدانى قۇردى. سېتىۋالغان قوي يۇڭلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن، پىرىسلاپ موسكۋاغا يولغا سالدى. تېرىلىرىنىمۇ شۇ ئورۇندا پىششىقلاپ ئىشلەپ چەتكە چىقاردى. مۇندىن باشقا ئۇ يەنە باخۇلياڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن يەر سېتىۋېلىپ چوڭ بىر ئامبار سالدى، ھەم چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ مەبلىغى بىر مىليۇن 500مىڭ رۇبلىغا يەتكەن ئىدى. ئىمىنجانباي چوچەكتە تىجارەتنى پۇختا باشقۇردى. ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە، تېگىش (پىرىسلاش) جەھەتتە ياخشى ئىشلىگەچكە موسكۋادا ياخشى نامغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئەۋەتكەن ماللارنىڭ باھاسى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولدى. مالنىڭ پۇلىنى تولەشنى مۇددىتىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن

ئۇزۇنراق بولدى. ئۇ، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقاتتى، باشقىلار ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق موسكۋانىڭ ھەر قايسى زاۋۇتلىرىدىن نېسىيگە قانچىلىك مال دېسە شۇنچىلىك مال ئالالايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن ئۆزبەكلەر ئالدى بىلەن ئۇنى يوقلايتتى ھەم ياردەم سورايتتى. شۇنداق قىلىپ ئوششاق سودىگەرلەر ئۇنىڭ ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىپ ئېلىپ بېرىدىغان شېرىكلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سودىسى ناھايىتى تېز راۋاج تاپتى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىدى. خەلق ئارىسىدا: «ئون ئورۇس بىر يەھۇدىچىلىك بولالمايدۇ، ئون يەھۇدى بىر ئۆزبەكچىلىك بولالمايدۇ» دېگەن سۆزلەر پەيدا بولغان ئىدى. 1917- يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ئارپىسىدا تۇرسۇن بابا بىلەن خان بابا ئائىلە بالا- چاقىلىرى بىلەن تەشكەنتتىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، سودىگەرچىلىككە بىۋاستە قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن خوجايىنلار بىلەن شېرىكلەر ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، بىر- بىرى بىلەن ھوقۇق تالاشتى. ئەڭ ئاخىردا تۇرسۇن بابا شىڭشىسەي تەرىپىدىن قامىلىپ تۈرمىدە ئۆلدى.

## رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جىڭشياگيۇن سودا فىرمىسى

جىڭشياگيۇن فىرمىسىنى رامزان ھاجى قۇرغان. ئۇ، جىڭشياگيۇن فىرمىسىنىڭ جىڭلىسى خۇسەيىن چانشۇپىننىڭ تاغىسى- شىمەيلىك ئادەم ئىدى. 1861—يىلى رامزان ھاجى ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىدىن چوچەككە قېچىپ كەلگەن. دەسلەپتە، رۇسىيەلىك چاي سودىگىرى ۋاگانىڭ پەملى چايلىرىنى سېتىۋېلىپ شىمەيگە ئەۋەتىپ تۇردى. ۋاگانىڭ خەنكوۋدا قۇرغان چاي زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن پەملى چاي



قىزىل چاي، تاش چايلارنى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى ئارقىلىق شىمەيگە ئاپىرىپ ساتتى. بىر قېتىم چايلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا رايونى بولغان تارباغاتاي، ئىلىدا ساتتى. رامزان ھاجى بىر نەچچە يىل سودا قىلىپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تاپتى، تاتار ناسىربورناشوف بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۈرۈمچىدە نەنگۇەننىڭ 1- كوچىسىدىن قورۇ- جاي ئىجارىگە ئېلىپ فىرما ئاچتى ۋە جاھانگىر رۇسىيەسىنىڭ پاختا- يىپ توقۇلما ماللىرىنى ساتتى. ناسىربورناشوپ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلەيتتى، خەنزۇ سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيتتى، ھەمدە نەنگۇەندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلاپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالاتتى. 1888- يىلى جاھانگىر رۇسىيەسى ئەۋەتكەن ئۇنىڭ باش ئەلچى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە ناسىربورناشوپ ئالاھىدە ئالدىغا چىقىپ تۇداۋخاگزىدىكى فىرمىسىغا باشلاپ كېلىپ، ئېزىز مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالدى. جاھانگىر رۇسىيەسىنىڭ ئەلچىسى جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا چەمبىرىكىنى ئۇيۇشتۇردى. ناسىر بىلەن رامزان ھاجى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھالدا فىرما قۇردى. كېيىنكى ۋاقىتتا، ناسىر نەنلىيالىڭ مەسچىتىنىڭ جەنۇبى تەرىپىگە فىرما سالدۇردى. ناسىر ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى لاتىپ تەييارنى يەپ- ئىچىپ ئۆي- مۈلۈكلىرىنى سېتىپ تۈگىتىۋەتتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ھاراقنى تولا ئىچىپ ئاخىرى بىر كۈنى مەستلىكتە تۇدۇڭ خابادا سوغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى. رامزان ھاجى ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورنىدا جىڭشياگيۇن فىرمىسىنى سالدى، ئۇنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، رامزان ھاجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى نەمەتۇللانىڭ 3 ئوغلى (چوڭ ئوغلى ھەسەن 2- ئوغلى خۇسەيىن،

3-ئوغلى شېرىپ) ۋارىسلىق قىلدى، ھەسەن تارباغاتايدىكى ئېكسپورت- ئىمپورت فىرمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. خۇسەيىن ئۈرۈمچىدىكى جىشىياگيۇن فىرمىسىغا جاڭگۈي بولدى. خۇسەيىن جاڭگۈي بولغاندىن كېيىن، خەنكۇغا بېرىپ شىنجاڭغا چاي ئەكىلىپ ساتتى. شەنشى، گەنسۇگە ئادەم ئەۋەتىپ رۇسىيە ماللىرىنى سېتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالدى. يەنە ئىجارىگە ئېلىش ياكى سېتىۋېلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ نەنشەندىن ناھايىتى زور كۆلەملىك 4 پەسىللىك ئوتلاقلارنى ئىگەللەپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ مەبلىغى تەخمىنەن 3 مىليون رۇبلىغا يەتكەن. ھەمدە نەنلياڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدە كۆلىمى غايەت زور مويكا قۇرۇپ بۇ مويكىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن سېتىۋالغان قوي يۇڭلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئاق-قارىسىنى ۋە دەرىجىسىنى ئايرىپ رۇسىيىگە ماڭدۇراتتى. سېتىۋالغان تېرە- تەسەكلەرنىمۇ ئاشۇ جايدا پىششىقلاپ ئىشلەيتتى.

جىشىياگيۇن فىرمىسىنىڭ سودىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتتى، شەرقتە قۇمۇل باركۆلگىچە، ھەمدە خەنكۇ گەنسۇ، شەنشىگىچىلىك يېتىپ باردى. شىنجاڭ سودىگەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىشكە پېتىنالمىدى. 1922- يىلى سوۋېت شىنجاڭ سودا شىركىتى شىنجاڭدا قۇرۇلغاندا جىشىياگيۇن فىرمىسى بىر قېتىمدىلا تەخمىنەن بىر مىليون رۇبلىلىق قوي يۇڭى ۋە پاختا سېتىپ بەردى. (بىر قىسمىغا نەق كۈمۈش پۇل ئالدى. بۇ تەخمىنەن 200مىڭ سەردىن كۆپرەك بولۇپ، 60 تۆگىگە يۈك ئىدى.) قالغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرگەن ماللار ئىدى.

خۇسەيىن 1923- يىلى چەتئەل شىركەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن، خىزمەتچىسى ئىمىن ئاخۇننى تەنجىندە تۇرۇشقا



ئەۋەتتى، خۇسەيىن مەلۇم بىر قېتىمدا ئىمىن ئاخۇنغا يۇقىرى سۈپەتلىك قوي يۇڭى، تىۋىت، تۆگە يۇڭى تېرە قاتارلىقلارنى راسلاپ 500 تۆگىلىك يۈك قىلىپ ئېۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بىرىنچى دەرىجىلىك ئۆچكە تېرىسىدىن 50 مىڭ دانە يوللاپ بەردى. ئىمىن ئاخۇن ئىچكىرىگە تۇنجى قېتىم بارغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋالنى چۈشەنمەي، ئاۋات شەھەرنى كۆرۈپ، ئېلىم- سېتىمدىكى پايدا- زىيانغا قارىماي، يەپ-ئىچىپ تاماشا قىلدى. بىر كۈنى جىشىن شىركىتىدىكى ئەنفۇچىن بىلەن (ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تونۇشقان) ئۇچرىشىپ قالدى، ئەنفۇچىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن يۈك، تېرىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ، چەتئەل فىرمىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ نۇرغۇن پۇل تاپتى. جىشىياگيۇن فىرمىسى بۇ نۆۋەتتىكى سودىدا زىيان تارتقانلىقتىن ھەسەن بىلەن خۇسەيىن ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى. شىڭشىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خۇسەيىن سىياسەتكە ئارىلىشىپ قورچاق قوغداش كومىتېتىغا ئەزا ھەم ۋەكىل بولۇپ سايلاندى، ئەڭ ئاخىرىدا ئاكا-ئۇكا ئىككىسى شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلدى.

### ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەنلى فىرمىسى

ئەنلى فىرمىسى 1914- يىلى قۇرۇلغان، بۇ فىرمىگە قوي يۇڭى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى لوندوندىن ئىلىدىكى جۇڭگو رۇسىيە داۋشېڭ بانكىسىغا پۇل پېرېۋوت قىلىناتتى. لوندوندىن ھېچقانداق مال ئېۋەتمەي، يوللىغان ۋەيخۇيىگە رۇسىيە ۋېكسىلى تېگىشىپ شىنجاڭدىن قوي يۇڭى سېتىۋالاتتى، بەزى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تەييارلىغان يۈك ۋە پاختىلىرىنى سېتىۋې-

لىپ ئېلىپ كېتەتتى. ئەنلى فىرمىسى ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە دايىم ئادەم ئەۋەتىپ تۇردى، ئۇ ئادەملەر ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقماي، ھەممە ئىشنى بانكا ئارقىلىق بېجىرەتتى.

گېرمانىيە سودىگەرلىرىنىڭ شۇنفا فىرمىسى

گېرمانىيە سودىگەرلىرىنىڭ شۇنفا فىرمىسى 1917 - يىللىرى جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ھالاكەتكە يۈز تۇتقان پەيتتە قۇرۇلغان بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ شىنجاڭغا بىۋاستە ئەۋەتكەن ئادەملىرى، ئىلى قەشقەر، تارباغاتاي، ئۈرۈمچىدە سودا دۇكانلىرى ئېچىپ، ئۈچەي، ئەلتىرە، سۇغۇر تېرىسى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالدى. ئىلىدا ھەر يىلى كۈز پەسلىدە كۆپ مىقداردا ساغلىق قويلارنى سېتىۋېلىپ گېرمانىيىدىن كەلتۈرۈلگەن قاراكول نەسىللىك قوشقار بىلەن ئۈرۈقلاندۇرۇپ تۇغۇلۇشقا بىرەر ھەپتە قالغاندا ئانا قوينى سويۇپ قوزىلاردىن ئېلىنغان ئەلتىرە - كۆپلەرنى گېرمانىيىگە ماڭدۇردى. ئانا قويلارنىڭ گۆشىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ساتتى. ئۇلار باشقا جايلارغىمۇ سېتىۋېلىش خادىملىرىنى ئەۋەتتى، ھەتتا شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەنلەرگىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ سوغۇر، سۆلەيسۈن قاتارلىق قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سېتىۋالدى. شۇ جايدا جۇڭگو ئىشچىلىرىنى ياللاپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، يېرىم مەھسۇلات قىلىپ پوچتا ئارقىلىق پوسۇلكا قىلىپ گېرمانىيىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەردىن تولاراق ئويۇنچۇق، ملىش ماللار كېلەتتى.

ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ بىلى فىرمىسى

بىلى فىرمىسىنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىسى گېمىلكىن روس بولۇپ ئاتىسى رۇسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ كونا ئەمەلدارى ئىدى. گېمىلكىن



بالا چېغىدىلا ئىلىدا چوڭ بولغان، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇ ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن جاھانگىر رۇسىيىسى سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ئىشلىرى كاساتلاشقاندا بىر تۈركۈم مەبلەغ بىلەن تيەنجىنگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا پۇخراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پايچىك بولۇپ ئاتالمىش ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ بىلى فىرمىسىنى قۇردى. تيەنجىندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە ئەرداۋچاۋزىدىكى تارانچى (ئىلى ئۇيغۇرلىرى) دېگەندە (ھازىرقى تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئورنى) دا تۇردى. ئۇيغۇرچە چاپان كىيىپ ناھايىتى كەمبەغەل قىياپەتكە كىرىۋالدى، بىر قازاقنى ياللىۋېلىپ، ھەر كۈنى شەھەرگە كەلگەن ئالى دەرىجىلىك ئەلتىرە، تۈلكە تېرىسى، سۇغۇر تېرىسى، ئۈچەي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ۋاقىتلىق ئىشچى ياللاپ پىششىقلاپ ئىشلەپ، پوچتا ئارقىلىق تيەنجىنگە ئەۋەتتى.

تيەنجىن فىرمىسى ئۇنىڭغا داۋاملىق نەق پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى كوچىلاردىكى يەرلىك مەھسۇلات بىدىكلىرى، ئۇنىڭغا قول - پۇت بولۇپ ئېھتىياجلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تېپىپ بېرەتتى. كېيىن ئۇ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر كۇچارغا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، تېرە، يۇڭ، ئۈچەي سېتىۋالدى. ھەر كۈنى پوچتا ئارقىلىق تيەنجىنگە نەچچە ئون پوسۇلكا ئەۋەتىپ تۇراتتى. تيەنجىندىنمۇ ئۇنىڭغا ھامان تېلېگراممىا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قىلغان سودىسى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى تاپتى.

يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ ئۆلكىنىڭ پۇلى لازىم ئىدى، ھالبۇكى تىيەنجىندىن پېرەۋوت قىلىنغان پۇللار كۈمۈش پۇل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گېمىلكىن لىيۇ ۋېنلۇڭ ئاچقان يېڭفىڭيۈي پۇل پېرەۋوت قىلىش ئورنى بىلەن ئالاقە باغلاپ، تىيەنجىندىن ئېۋەتىلگەن كۈمۈش پۇللارنى ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇپ، يېڭفىڭيۈي پۇل پېرەۋوت قىلىش ئورنىغا تاپشۇردى. ئۆلكە پۇلىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا لىيۇ ۋېنلۇڭ ئامال قىلىپ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ غەزىنىسىدىن ئېلىپ بېرەتتى. بۇنداق ئالاقە باغلاش ئىشلىرى ياخشى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن گېمىلكىن ياڭخاڭ كوچىسىدىن مەنسۇر جانبايىنىڭ بىر قورۇسىنى رەسمىي ئىجارىگە ئېلىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرمايلا ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ بىلى فىرمىسىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئاستى، ھۆكۈمەت بۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا گېمىلكىن پېئودال بىيۇروكراتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ياموللارغا خالىغىنىچە كىرىپ چىقالايتتى.

ھەر يىلى كۈز پەسلىدە، ئىلى تارباغاتاي، ئالتايدا كۆپ مىقتاردا ساغلىق قوي سېتىۋېلىپ، قارا كۆل قوشقار بىلەن ئۈرۈقلاندۇرۇپ قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە تۇللىتىشتىن بۇرۇن ئانا قويلارنى ئولتۇرۇپ قوزىلارنىڭ تېرىسىنى ئالاتتى، بۇنداق ئەلتىرىلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى بازىرى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ناھايىتى كۆپ پايدا بېرەتتى. ئامېرىكا سودىگەرلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ پۇل تاپتى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ گېمىلكىننىڭ نامى چىقتى. نەپسى چوڭايدى تىيەنجىندىكى بىلى فىرمىسىدىن يوشۇرۇپ شەخسىي تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. 1927 - يىلى ئۇنىڭ ئىشى ئاشكارىلىنىپ گوزت بىسار ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئوتكۈزۋالدى



گېمىلكىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، لىيۇ ۋېنلۇڭ ئۇنى جىڭ شۇرېنگە تونۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلتىرە سېتىۋېلىش شىركىتى ئاچتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ سىياسىي بىدىكلەردىن بولۇپ قالدى، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈردى.

## ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ خۇامېي فىرمىسى

خۇامېي فىرمىسىنىڭ باش فىرمىسى تىيەنجىندە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ فىرما 1930 - يىلى بېلورۇسسىيىلىك زېپلىنىسكىنى ئۈرۈمچىگە ئېۋەتىپ سودا فىرمىسى قۇردى ۋە ئۇنى جىڭلىلىققا تەيىنلىدى. زېپلىنىسكى خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپۈنچىسى خېبېيلىكلەر ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەنگۇەندىكى فۇچېڭ تۈگمەن قورۇسىنى ئىجارىگە ئېلىپ (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانا ۋە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ئورنى). ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ خۇامېي سودا فىرمىسى دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ تىجارەت باشلىدى. ئۇلار قوي ۋە ئۈچەي سېتىۋېلىپ يېرىم مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپ، تۆگىگە قاچىلاپ تىيەنجىنگە ئېۋەتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە يوشۇرۇن ھالدا ئالتۇن، ئالماس سېتىۋېلىپ، ئۈچەي تۆگىلىرىغا قاچىلاپ تىيەنجىنگە ئېۋەتىپ بېرەتتى.

1932 - يىلىدىن 33 - يىللىرىغىچە زور مىقداردا ئالتۇن سېتىۋالغانلىقتىن، ھەر بىر سەر ئالتۇننىڭ باھاسى ئۆلكە پۇلىغا 80 سەردىن 200 سەرگىچە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئومۇمەن ئۈ-

چەي سودىگەرلىرى خالىغىنىچە ئالتۇن سودىسى قىلدى. 1933-
يىلى ئەتىيازدا ماجۇڭيىڭغا قاراشلىق ماشىمىڭ قىسىملىرى
ئۈرۈمچىنى قورشاپ ئۈرۈمچى چوڭ كوۋرۈك بويىدىكى ئاھالىلەر-
نىڭ ئۆيلىرىنى كويدۇرىۋەتكەن چاغلاردا ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ
جىددى بولدى، ئۇلار ئالاقىزادە بولۇپ 13 دانە توگە كىرا قىلىپ
سېتىۋالغان زور مىقداردىكى ئۈچەيلەرنى تۆگىگە قاچىلاپ، بۇنىڭ
ئىچىگە 6 - 7 مىڭ سەرلىك ئالتۇننى يوشۇرۇپ تيەنجىنگە يولغا سال-
دى. بۇنىڭ ئىشچىلارسىز ۋېلىپ ئاستىرتىن توگىچىلەرگە ئەيتىپ
قويغاندا، توگىچىلەر ئالتۇننى ئوغۇرلاش كويىغا كىرىپ گەنسۇ
چېگرىسىدىكى قۇرۇق بۇلاققا بارغاندا ئالتۇننى ئېلىۋېلىپ ئۈچەي-
نى سۈيىۋەن ئۆلكىسىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن، مەزكۇر فىرمىنىڭ
مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچى كىشىسى ئالتۇننىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى بىلگەن-
دىن كېيىن، ئۈرۈمچى فىرمىسى يېڭى فامىلىلىك بىر كىشىنى سۈيىي-
ۋەنگە ئېۋەتىپ توگىچىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇزدى، ئاڭلاشلار-
غا قارىغاندا توگىچىلەر ئوغۇرلىۋالغان ئالتۇندىن پارا بېرىپ، يېڭى
فامىلىلىك كىشىنىڭ ئەرزىنى ئاقماس قىلىپ قويغان مىش. شىڭ
شىسەي تەختىگە چىققاندىن كېيىن، باش فىرما يەنە جاڭ فامىلى-
لىك بىر كىشىنى شىنجاڭغا ئېۋەتىپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ نەتى-
جە چىقمىغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۆگىمەن ئىگىسى يۆچىڭ بىر
ئۈلۈش نەپكە ئىگە بولۇپ خېلى بېيىپ كەتكەن. 1934 - يىلى ئە-
تىيازدا مەزكۇر فىرمىنىڭ جىڭلىسى رىپېلىنسكى بالا - چاقىلىرىنى
ئېلىپ شىنجاڭدىن تيەنجىنگە قايتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ فىرمىنىڭ
سودىسىمۇ ئاياقلاشتى.



## تۈزۈتۈش

| | خاتاسى - | توغرىسى |
|---|---|---|
| 1 - بەت يۇقۇرىدىن 3 - قۇردا | «لاۋ» | «لاڭ» |
| 19 - بەت تۆۋەندىن 10 - قۇردا | «ئۇرونى» | «ئورنى» |
| 23 - « « « 11 - « | «مەنخۇاڭ» | «مەنخەنۋاڭ» |
| 107 - « « « 3 - « | «بازار» | «بازا» |
| 159 - « يۇقۇرىدىن 10 - « | «رىسىيە» | «رۇسىيە» |
| 177 - « تۆۋەندىن 10 - « | «ئويغۇ» | «ئۇيغۇر» |
| 234 - « « « 11 - « | «پىڭدېخبۇەي» | «پىڭ دېخۇەي» |
| 254 - « « « 6 - « | «جىووگلى» | «جۇزۇگلى» |
| 256 - « يۇقۇرىدىن 2 - « | «گومىندا» | «گومىنداڭ» |
| 285 - « « « 5 - « | «ئوفېرسېر» | «ئوفىتسېر» |
| 288 - « تۆۋەندىن 9 - « | «يوللاشلار» | «يولداشلار» |

دەپ تۈزۈتۈپ ئوقۇلسۇن.

ئالغان ئۆي، يەر - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئەسلى
ئىگىسىگە بېرىپ ئىجارە ھەققى ئالاتتى، ئىجارە ھەققى ناھايىتى
قىممەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالامۇشىگى ئۆيمۇشۇگىنى قوغلايتتى.

چەي سودىگەرلىرى خالىغىنىچە ئالتۇن سودىسى قىلدى. 1933 - يىلى ئەتىيازدا ماجۇڭيىڭغا قاراشلىق ماشىمىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىنى قورشاپ ئۈرۈمچى چوڭ كوۋرۇك بويىيدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى كويدۇرۋەتكەن چاغلاردا ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ جىددى بولدى، ئۇلار ئالاقىزادە بولۇپ 13 دانە توگە كىرا قىلىپ سېتىۋالغان زور مىقداردىكى ئۆچەيلەرنى تۆگىگە قاچىلاپ، بۇنىڭ ئىچىگە 6 - 7 مىڭ سەرلىك ئالتۇننى يوشۇرۇپ تيەنجىنگە يولغا سالدى. بۇ ئىشنى ئىشچىلارسېزىۋېلىپ ئاستىرتىن توگىچىلەرگە ئېيتىپ قويغاندا، توگىچىلەر ئالتۇننى ئوغۇرلاشى كويىغا كىرىپ گەنسۇ چېگرىسىدىكى قۇرۇق بۇلاققا بارغاندا ئالتۇننى ئېلىۋېلىپ ئۆچەينى سۈيىۋەن ئۆلكىسىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن، مەزكۇر فىرمىنىڭ مال تاپشۇرۇپ ئالغۇچى كىشىسى ئالتۇننىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى فىرمىسى يېڭى فامىلىلىك بىر كىشىنى سۈيىيۋەنگە ئېۋەتىپ توگىچىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇزدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا توگىچىلەر ئوغۇرلىۋالغان ئالتۇندىن پارا بېرىپ، يېڭى فامىلىلىك كىشىنىڭ ئەرزىنى ئاقماس قىلىپ قويغان مىش. شىڭ شىسەي تەختىگە چىققاندىن كېيىن، باش فىرما يەنە جاڭ فامىلىلىك بىر كىشىنى شىنجاڭغا ئېۋەتىپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ نەتىجە چىقمىغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۆگىمەن ئىگىسى پۇچىڭ بىر ئۇلۇشى نەپكە ئىگە بولۇپ خېلى بېيىپ كەتكەن. 1934 - يىلى ئەتىيازدا مەزكۇر فىرمىنىڭ جىڭلىسى رېپلىنىسكى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن تيەنجىنگە قايتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ فىرمىنىڭ سودىسىمۇ ئاياقلاشتى.



## ھىندىستان ، ئاۋغانىستان سودىگەرلىرى

جەنۇبىي شىنجاڭدا، ھىندىستان، ئاۋغانىستان سودىگەرلىرى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى قولغا كىرگۈزۋالغان ئىدى، ئۇلار ئىقتىسادىي تاجاۋۇز قىلىشتا، ئەنگلىيىنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىناتتى. شىنجاڭدىكى جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ سودىگەرلىرىگە ئوخشاشلا مەنپەئەتدار دولەتلەر قاتارىدا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولدى. 1895 - يىلىدىن (گۇاڭشۇي خاننىڭ 21 - يىل ئاخىرلىرىدىن) باشلاپ يەركەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلغان ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان ماللىرىغا پۈتۈنلەي باج تولىمىدى. ھىندىستاننىڭ ملىش ماللىرى، بوياق ماتىرىياللىرى پىششىق تېرە قاتارلىقلار ئىنپورت قىلىناتتى. بۇيەردىن تەڭگە پۇل (ئۇ ۋاختىدا كۈمۈش پۇلنى بىرلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى) خوتەننىڭ يىپەك گىلىمى، مەشۇت، ئۆچەي، ئەلتىرە تىۋىت سۇغۇر تېرىسى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىناتتى.

ھىندىستان سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن جازانىخورلۇق ئىشلىرى ئىنتايىن زەھەرلىك ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە ئىدى. ئۇلار يەر خەتلىرىنى ئۆي خەتلىرىنى رەنىگە ئالاتتى. ئەگەر رەنىگە بەرگەن كىشى ۋاختىدا قايتۇرۇپ ئالالمىسا رەنىگە ئالغان ئۆي ، يەر - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئەسلى ئىگىسىگە بېرىپ ئىجارە ھەققى ئالاتتى، ئىجارە ھەققى ناھايىتى قىممەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ تالامۈشۈكى ئۆيمۈشۈكىنى قوغلايتتى.

مۇندىن باشقا، ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى قەشقەردە يەنە تىللا ئالماشتۇرۇش سارىيى ئاچتى، (بۇنى ئۇيغۇرلار تىللا سارىيى دەيتتى) بۇ دۇكان بازار ئەڭ قىزىيدىغان ھېيتگاھ مەيدانىغا جايلاشقان بولۇپ مەخسۇس ئالتۇن - كۈمۈچ سودىسى قىلاتتى، قەشقەر تىيىزىنى داچەنگە، تەڭگىنى قەشقەر تىيىزىغا ئالماشتۇراتتى، داچەننى يەنە تەڭگىگە تېگىشەتتى. روبى، تەڭگە، رۇس ۋېكسىلى ئېلىپ - سېتىپ، كۈنبويى ھايانكەشلىك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ زورساندىكى نەقكومۇچاەرنى سېتىۋېلىپ توشۇپ كېتەتتى، ئۇلار تىزگىنلىۋالغان ئالماشتۇرۇش باھاسى كۈندە نەچچە قېتىم ئۆزگۈرۈپ، تۇيۇقسىز ئۆرلەپ تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كېتەتتى. يەرلىك ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ دورامچىلىق قىلىپ ئەشۇنداق ئېلىم - سېتىم بىلەن شۇغۇللىناتتى.

## باشقىلار

(1) فىرما ۋدۇۋىسكىيسى ئاساقان روسسىيە سودىگەرلىرى

فىرما ۋدۇۋىسكىيسى ئاسىمىغان روسسىيە سودىگەرلىرىدىن باشقا، يەنە جاھانگىر روسسىيىسىنىڭ سىرتقى ئالاھىدە ئىمتىياز كۈچىگە تايىنىپ، ئوتتۇرىدا دەللاللىق قىلىپ چارۋىچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئۇلار فىرمىلاردىن ئالغان چاي، رەخ، داس چىنە - قاچا، يىپ - يىڭنە قاتارلىق رۇس ماللىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ تېرە يۇڭ، تىرىك ماللىرىنى ئالماشتۇرۇپ مەخسۇس فىرمىلارغا ساتاتتى. ئۇلار يىل بويى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، چارۋىچىلار بىلەن تونۇشۇپ، خوش مۇئامىلە قىلىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇراتتى. بەزى چارۋىچىلار كۈن-



دىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملار سېتىۋېلىشنى ئۇلارغا ھاۋالە قىلاتتى. مۇبادا چارۋىچىلارنىڭ قولىدا، تېرە، يۇڭ، ئۆچكە، ياكى ئەركەك قويلىرى بولمىسا، ئۇلار ساغلىق قويلارنىڭ قورسىقىدىكى قوزا ياكى تۇغۇلمىغان موزايلارنى كۆزلەپ، چاي، رەخ قاتارلىق نەرسىلىرىنى نېسىگە بېرەتتى. ياندۇرقى يىلى ياش ماللارنى يېتىشقا توشمىغان مالنىڭ باھاسى بويىچە ھېساپلاپ ئالاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ روسسىيە سودىگەرلىرى ئاستا - ئاستا چارۋا مالغا ئىگە بولۇپ چارۋىچىلارنىڭ ئوتلاقلىرىنىمۇ ئىگەللىۋالدى. مەسىلەن: روسسىيە مۇھاجىرى ئەمەت زىديا، ساقى سالىق، كېرەم قوناشۇپ، يانگورازوۋپ، زىديا ھاجى قاتارلىقلار ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئوتلاقلارنى ئىگەللىۋالدى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زىديا ھاجىنىڭ چارۋىسى ئەڭ راۋاج تاپقاندا قوي 15 مىڭ تۇياققا، ئات مىڭغا يەتكەن.

(2) فىرمىلار ئۈچۈن دەللاللىق قىلىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن قەشقەردە داڭقى چىققان ئۆمەر باي، ئۆمەر نامىلىق فىرما قۇردى. ئۇ قەشقەر بويىچە 1 - باي بولۇپ ئەجنەبى كۈچلەرگە تايىنىش يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئەنگلىيە سودىگەرلىرىگە مەخسۇس دەللاللىق قىلدى. ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن ئەنگلىيە ماللىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ پارچىلاپ ساتاتتى، ھىندىستانلىقلار ئېھتىياجلىق بولغان يەرلىك مەھسۇلات ۋە كۈمۈچ پۇللارنى ئۆز ئالدىغا كوتىرە قىلىۋالدى. ئۆز مەبلىغىدىن پۇل ئاجرىتىپ، قەشقەردە بەزى مىلىشى - مال دۇكانلىرى، پاختا، ماتا، يۇڭ دۇكانلىرى، شۇنىڭدەك ھىندىستان ماللىرى دۇكىنى خوتەن،

مالليرى دۇكىنى قاتارلىق دۇكانلارنى ئېچىپ سودا تۈرلىرى قۇردى ئۆمەر باي ھەرخىل ماللارنىڭ باھاسىنى خالىغىنىچە بېكىتتى. ئادەتتىكى سودىگەرلەر، ھەر قايسى يېزا ۋە بازارلاردىن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشتا 1-دەرىجىلىك مالنىڭ باھاسىنى ئۆمەر باي بەلگىلەپ ئۆزىگە سېتىۋېلىپ، 2-دەرىجىدىكى مالنى باشقىلارنىڭ سېتىۋېلىشىغا يول قوياتتى. قەشقەر، ئالتاي تارباغاتايدىكى ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆمەر باينىڭ دەسمايىسى بىلەن تىجارەت قىلاتتى. ئۆمەر باينىڭ سودىسى سېچۋەن ئۆلكىسىدىمۇ بار ئىدى. ھىندىستان كەلتۈرگەن ملىش-ماللارنى سېچۋەندە ساتاتتى. سېچۋەندىن تاۋار-دۇردۇن ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېلىپ، دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق چىغىر يول بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتاتتى. قىسقىسى ئۆمەر باي ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبى شىنجاڭ بويىچە ماناپول كاپىتالىست ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجنەبىلەرنىڭ قولى ئىدى، 1933-يىلىدىن كېيىن، ئۆمەر نامىلىق سودا فىرمىسى ئاياغلاشتى.

ئىزاھاتلار:

① مەزكۇر كىچىك ماشىنىنى ئۆلكە باشلىقى ياڭزېڭشىنگە تەقدىم قىلغان.

② رۇس ۋېكسىلى، يەنى چاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ قەغەز پۇلى بولۇپ شۇ چاغدا ئالتۇن بىرلىگى قىلىناتتى، بىر رۇس ۋېكسىلى بىر ئالتۇن رۇبلىغا، ئون رۇبلى بىر ئالتۇن سومغا توغرا كېلەتتى، ھەربىر ئالتۇن سومىنىڭ ئېغىرلىقى 2 مىسقال 2 فۇڭ ئىدي.



## خاتىمە

بۇ ماقالە، ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىمگە ۋە قەدىناس دوستلارنىڭ بەرگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېزىلدى. ئەسلىدىكى جىشيگيۇن فىرمىسىنىڭ بوغالتىرى يانگۇرازۇۋ دېشىڭ فىرمىسىنىڭ بوغالتىرى پەتتاھ شۇنىڭدەك قادىر ھاجى، شوروزى ھاجى، پەنزۇخۇەن يولداشلارغا، ماتېرىيال ئىزدىشىپ بەرگەنلىكى ۋە ئېغىزچە قوشۇمچە قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن.

# ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا

خېۋىر تۆمۈر

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرى ماجۇڭيىڭنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، چۈنكى ئۇ 1933 — 1934 يىللىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنى، قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ خەلقنى سورۇقچۇلۇققا سالغان، شۇڭا ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا تەپرىقىچىلىق سالغان ۋاقىتلىرى بالايى — ئاپەت يىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا خەلق ئىچىدە نۇرغۇن پاكىت — دېلىللار بار. بۇنىڭ ئەكسىچە ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدىن يوقالغان ۋاقتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېشىدىن بالايى — ئاپەتنىڭ كۆتۈرۈلگەن خۇشاللىق ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەپرىقىچىلىق سالغىنىغا تېخى 50 يىل بولغىنى يوق. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئەڭ يېقىنقى تارىخ بولۇپ بۇنىڭدىن خەۋەردار كىشىلەر ناھايىتى تولا، ئۇنىڭ دەۋرىدە خانىۋەيران بولغان، سورۇقچۇلۇق تارتقان، ئۇنىڭ ئوقلىرىدا جاراھەتلەنگەن، ئۇنىڭغا ئەسكەر بولۇپ زۇلۇم كۆرگەن ئادەملەر ھەممە يۇرتتىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا بىرەر ئەسلىمە يېزىپ، توغرى چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، بولۇپمۇ



ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا قىلغان ئىشلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ توغرا باھا بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. بەزىلەر سۇبيېكتىپ ھالدا ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ، ماجۇڭيىڭنى قانداقتۇر ۋەتەنپەرۋەر، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغۇچى دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولسا، بەزىلەر ئۇنى قانداقتۇر ئۇلۇغۋار ئىنقىلاۋى غايىگە ئىگە دەپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. مۇنداق كۆرسىتىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. چۈنكى ماجۇڭيىڭنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرىگە كەلتۈرگەن بالايى — ئاپەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن خەلق ھازىرمۇ ھايات تۇرسا، ماجۇڭيىڭنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر دېيىشكە قانداقمۇ ماقۇل كەلسۇن، ئەپسۇسكى 1934 — يىللىرى شىنجاڭدا بولمىغان ياكى ماجۇڭيىڭنىڭ ئىشلىرىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلمىغان بۇ كىشىلەر، يۈزەكى پاراڭ ۋە كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ باھا بەرگەنلىكى تارىخى پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولمايدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن باھا خۇددى ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ پادىشالارنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا تارىخنامە ياكى تەزكىرىلەرنى چىرايلىق سۆز — جۈملىلەر بىلەن تولدۇرغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش، ئۇنداق يېزىلغان ماقالىلارنىڭ ھېچقانداق ماتېرىيال قىممىتى يوق بولۇپلا قالماستىن ئەكسىچە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىلارنى ۋە ئەدىبلەرنى بىر قەدەر خالىس ۋە توغرى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنى نەزەردە تۇتۇپ قىسمەن ماتېرىياللار بولۇپمۇ ئۆزەمنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىم بويىچە «ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا» ئەسلىمە يېزىپ ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچىمەن. يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكىزلەرنى ئۈمىد قىلىمەن.

# 1

ما جۇڭيىڭ (گاسىلىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گەنسۇ ئۆلكىسى مۇنگۇ يېزىسىدىن بولۇپ مىللىتارىست ما بۇفاڭ بىلەن ئاتا جەمەت تۇققانچىلىقى بار. ئۇنىڭ ئاتىسى ما باۋ نىڭخيەي ئارمىيىسى ئاتلىق 11 - باتالىيون (يىڭ) كوماندىرى (يىڭجاڭ) ئىدى. ما باۋ كېسەل بولۇپ خېجۇدا داۋالىنىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ گەرچە 17 ياشتا بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت يىڭجاڭ بولغان. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا ماجۇڭيىڭ تۇغۇلۇپلا كازارمىدا - ئەسكەرلەر ئىچىدە ئەركە چوڭ بولغان «شاۋيې» ئىدى. كازارما ھاياتىدا چوڭ بولغان ئەركە شاۋيې ئەلۋەتتە قورال - ياراق، قىلىچ - نەيزىگە قىزىقىپ مىلتىق ئېتىش، قىلىچۋازلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ چوڭ بولىدۇ. شۇڭغىدەك ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قارام بولۇشى تەبىئىي. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت يىڭجاڭ بولغان ما جۇڭيىڭ شۇ دەۋرلەردە گەنسۇ - چىڭخەيلەردىكى «ما» پەمىلىلىك مىللىتارىستلار بىلەن قوساق سوقۇشتۇرىدىغان، ئۆز - ئارا چىقىشالمايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى مەيلى ئىچكى ئۆلكىلەردە ياكى شىنجاڭدا قىلغان ئىشلىرىدىن تولۇق ئىسپاتلىنىدۇ. ما جۇڭيىڭنى چۈشىنىش ئۈچۈن 1928 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلغان-ئەتكەن ئىشلىرىغا قىسقىچە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

ماجۇڭيىڭ دەسلەپتە ما بۇفاڭ، ما بۇچىڭلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈپ ئۆز رەقىبلىرىنى



بېسىپ تاشلاش، ياكى ئۇلاردىن ئۈستۈن چىقىش مەقسىتىدە 7 كىشىلىك گۇرۇھ بىلەن ئىش باشلىغاندىن كېيىن ھەرخىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ بىر قانچە يىل گەنسۇ - چىڭخەينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىللىتارىستلار بىلەن سوقۇش قىلدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى غايىسى شۇ ئوتتۇرىدىكى مىللىتارىستلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا بويىچە ھەتتا شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي شىمال 4 ئۆلكىدە ئۆز ئالدىغا چوڭ مىللىتارىست بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇرۇش داۋامىدا ماجۇڭيىڭ يۇرت - يۇرتلارغا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ نۇرغۇن قان تۆكتى، ۋە قان تۆكۈلۈشكە سەۋەپ بولدى. ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كورەش نىشانىسىنى دۆلەت ئارمىيىسى (شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى) گە قارشى ئۇرۇش دەپ جار سالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىللىتارىستلار ئارا ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا گاھى غەلىبە قىلىپ ئۇلغايدى. گاھى مەغلۇپ بولۇپ بارار جايىنى تاپالماي قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا جياڭ كەيشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىسىمدا ھەربىي مۇشاۋىر بولۇپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ۋۇجۇدىغا مىللىتارىستلىق سىڭگەن ماجۇڭيىڭ ئۇ يەردە ئەسكەرسىز قۇرۇق مۇشاۋىر بولغاندىن كورە، گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ كونا ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ باش كوتۈرۈپ چىقماقچى بولىدە جياڭ كەيشىنىڭ يېنىدىن گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ كونا قىسىملىرىنى قوراشتۇرۇپ شۈيجۇدىكى 7 ناھىيە، گەنشۇيدىكى 4 ناھىيە جەمئىي 11 ناھىيىنى ئاساس قىلىپ ئۆز ئالدىغا بىر ئۆلكە قۇرماقچى بولدى. خېشى رايونىنى ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان زېمىن قىلىۋالغان ما بۇفاڭ، ماجۇڭيىڭنىڭ خې-

شى رايونىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىر تەھدىت
ھېساپلاپ پۈتۈن كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ما جۇڭيىڭنى پۈتۈن-
لەي يوق قىلىۋېتىشكە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا تاقابىل
تۇرالمىغان ما جۇڭيىڭ جىيايۈگۈەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقتە قايتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىدىن
پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ما جۇڭيىڭغا تارقىلىپ كېتىش ياكى غە-
رىپكە سىلجىپ شىنجاڭغا چىقىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى.

دەل شۇ چاغدا (1931 - يىلى) خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدا قۇ-
مۇل دېھقانلىرى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆ-
تەرگەن ئىدى. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۈچ
جەھەتتە ئاجىزلىق ھېس قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلىش
ئۈچۈن ما جۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىشنى توغرى تاپتى. قۇ-
مۇللۇقلارنىڭ ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلغانلىقى خۇددى ئۆلگەن ئۆ-
لۈككە يېڭىۋاشتىن جان بەرگەندەك بىر ئىش بولدى.

ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىقىشتىن ئىبارەت يېڭى يولنى تاپقان-
دىن كېيىن ما خىبيىڭ، ما شىگۇي، ما شىمىڭلارنىڭ قىسىملىرىنى
باشلاپ، جەمئىي 700 دەك ئادەم بىلەن شىنجاڭغا چىقىپ قۇمۇل قوز-
غىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.
ئەمما شەھەرنى ئالالمىدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن كېلىۋاتاتتى. بۇ خەۋەر ئاڭلانغان-
دىن كېيىن قۇمۇللۇقلار بىلەن ما جۇڭيىڭ تۇساپ زەربە بېرىش
ئۈچۈن يەتتە قۇدۇققا كېلىپ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭ-
يىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى. شۇنىڭ بىلەن شۇيجۇغا چېكىنىپ
كەتتى. يەتتە قۇدۇقتا بولغان ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى



ئۇرۇش قىلىشتا پاسسىپ، ئولجا ئېلىشتا ئاكتىپ بولۇۋالىدىغان ئەپ-
تى بەشىرىسىنى - تولۇق كۆرسىتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش-
نىڭ پۈتۈن سالمىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان خوجانىيازھاجى ھەتتا
2 - 3 ئادىمى قالغانغا قەدەر پىداكارلىق بىلەن سوقۇش قىلىپ،
ئامال بولمىغاندا پىيادە تاققا چىقىۋېلىپ نەچچە كۈنگىچە ئاچلىق،
ئۇسسۇزلۇق قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇن جاپا-
مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قالالىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش-
نىڭ ئوڭۇشسىز بولۇشىغا پەقەتلا ما جۇڭيىڭنىڭ پاسسىپ پوزىتسىيىسى
سەۋەپ بولغان ئىدى. ئولجا - غەنىمەت ئالغاندا ئاكتىپ بولغان-
لىقى قۇمۇللۇقلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى. خوجانىيازھاجى باشچى-
لىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ما جۇڭيىڭدىكى بۇ خىل سەمىمى-
يەتسىزلىكنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىدىن ھېچقانداق
ئۈمىت كۈتمىگەن ئىدى. ما جۇڭيىڭ 7 قۇدۇقتا قولغا چۈشۈرگەن،
بىرمۇنچە قورال - ياراقلارنى ئېلىپ شۇيجۇغا چېكىنىپ كەتتى. ما-
شىمىڭ 30 دەك ئادىمى بىلەن خوجانىيازھاجىنىڭ يېنىدا قالدى.

## 2

ما جۇڭيىڭنىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىققان ۋاقتى 1933 - يىلى
3 - 4 ئايلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل ئىنقىلاۋى تۇر-
پان، پىچان، توخسۇنلارغا ھەتتا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا قەدەر
كېڭەيگەن ئىدى. خوجانىيازھاجى تۇرپان، توخسۇن، پىچانغا تايىنىپ
مورىيىغا ھۇجۇم قىلىپ مورىيىنى ئىشغال قىلغان، جىن شۇرېننىڭ ئەس-
كەرلىرى قېچىپ گۇچۇڭغا توپلانغان ئىدى.

«بىز مورىنى ئەپكەتكەندە
ئەمدى چىققان گاسىلىق»

بۇ شۇۋاقىتتا خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئېيتقان شېئىرلىرىنىڭ بىر مىسراسى.

مۇشۇ ئىككى قۇر شېئىرنىڭ ئورانىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ چىققانلىقىنى ئۇيغۇرلار خوپ كورىسىمۇ، كېچىككەنلىكىنى ياقتۇرمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. بۇ قېتىم ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا چىقىشى ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ماشىمىڭ، قاراشەھەردىن مەۋسۇلباي، نىياز تۇڭگان قاتارلىقلارنى ئېۋەتىپ تەكلىپ قىلغان ئىدى. ماجۇڭيىڭ چىققاندىن كېيىن گۇچۇڭ ئەتراپىدا خوجانىيازھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ ھەر ئىككىسى تەرەپ ئۆز - ئارا يول قويۇپ بامەسلىھەت ئورتاقلىشىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى ئاساسى نىشان قىلدى. ماجۇڭيىڭ شۇچاغدا خوجا نىياز ھاجى بىلەن كورۇشكەندە: «سىلەر نەيزىنىڭ دەستىسى بولساڭلار، بىز نەيزىنىڭ ئۇچى بولىمىز، سىلەر چىڭ تۇرساڭلار، بىز سوقۇشىۋېرىمىز» دېگەن ئىدى. مۇشۇ سوزنىڭ ئۆزىدىنلا ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنتايىن مەغرور ئىكەنلىكىنى كورىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى گۇچۇڭغا، خوجا نىيار ھاجى قىسىملىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ.

ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلدى. بۇئۇرۇشتا گەرچە ئىنىسى ماجۇڭجيې (ئېرىسىلىڭ) دىن ئايرىلغان بولسىمۇ، 8 مىڭ تالدىن ئارتۇق مىلتىق، 50 دىن ئارتۇق ئېغىر پىلىمۇت ۋە ئوق دورا غەنىمەت ئالدى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلغاندا جىمساردىكى ھوكۇمەت ئەس-



كەرلىرى تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرماقچى ۋە ۋاقىت سوراپ ئەتىسى بەرمەكچى بولغاندا، خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى بۇ گەپكە ئىشىنىپ ئەتىسى تاپشۇرىۋالماقچى بولدى، لېكىن شۇكېچىسى ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئەسكەر ئېۋەتىپ جىمساردىكى تاپشۇرماقچى بولغان 1860 تال مىلتىق 2 مىڭدەك ئاتنى ئېلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ بىر ۋەقە خوجا نىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

مېنىڭچە بۇ مەسىلە، سەۋەبلەرنىڭ يۈزەكى ئىپادىسى. لېكىن بۇزۇلۇشقا ئاساسى سەۋەب ماجۇڭيىڭدا بار بولغان ياۋۇز نىيەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىكى ياۋۇز نىيەت غەربى شىمالدا ئۆز ئالدىغا باشى كۇتۇرۇپ مىللىتارىستلىق ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. مەيلى مابۇفاڭ، ماجۇڭيىڭدا بولسۇن غەربى شىمالدا ئۆز ئالدىغا مىللىتارىستلىق ھاكىمىيەت قۇرۇشى خام خىيالى ئۆزۈندىن بار بولۇپ بۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ باۋىلىرى ئۆز ئالدىغا ھەربى قوشۇن تۇتۇشى ئىمتىيازىغا ئىگە بولغاندىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلى مابۇفاڭ غەربى شىمالغا ھەربى - مەمۇرى باشلىق بولغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ مىلىتارىستلىق خام خىياللىرى ئىزچىل بولۇپ كەلدى. شۇڭا خورىگى ئېگىز ياۋۇز نىيەت ماجۇڭيىڭ گەرچە تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن بولسىمۇ شىنجاڭغا چىقىپلا خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى قىلچە كوزگە ئىلمىدى. گۇچۇڭدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن تېخىمۇ كورەڭلىدى. گۇچۇڭدىكى قۇراللارنى ئۆز ئالدىغا غەنىمەت قىلىپ ئۆزكۈچىنى تولۇقلاش ياكى شۇقۇراللارنى ئىچكى ئولكىگە ماڭدۇرۇپ كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا تەييارلىق قىلىش پىلانىغا كىرىشىپ كوزى قىزار-

دى. دوستلۇقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملىرىگىمۇ قارىماستىن جىمساردا خوجانىياز ھاجى تەرەپ تاپشۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك قۇرال-ياراقلارغا چاڭ سېلىپ كېچىلەپ ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ گۆچۈڭ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئالاكوڭۇل قارا نىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ ھەر تەرەپلىمىلىك ئالدامچىلىق تاكتىكىسى قوللاندى: ①خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئېغىزدا بولسىمۇ مادارا قىلىپ بىرلىشىپ ئىش كۆرمەكچى بولدى؛ ② شىڭشىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. ئۆزىمۇ شىڭشىسەي تەرەپكە ۋەكىل ئەۋەتىپ تېچلىق سۆھبىتى يۈرگۈزدى؛ ③ ماخۇيىڭنى ئالتاي-چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتىپ، چۆچەكتە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن ۋەكىل ماشياڭشەن (ئۇيغۇرچە ئىسمى يۇنۇس) ھازىر ھايات بار. بۇ ۋەكىل تاشكەنتكە بارغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قاماپ قويغان. دېمەك ماجۇڭيىڭنىڭ يۇقۇرقى ھەركەتلىرىدىن نىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا قىلچە سەمىمىيەت يوق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن خوجا نىياز ھاجى ماجۇڭيىڭنى تاشلاپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلىشىشكە مەجبۇر بولدى.

ماجۇڭيىڭ ئەسلى ئانچە كۆپ ئادەم بىلەن چىققىنى يوق. بەزەنلەر 2 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 3 مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن چىققىنى دەيدۇ. بۇسان ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. لېكىن شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن يەرلىكلەردىن ئەسكەر تۇتۇپ كۆپەيتتى. ياكى تەسلىم بولغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قوشۇپ تولۇقلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدا تەگدىن تولىسى خەنزۇ،



ئۇنىڭدىن قالسا ئۇيغۇرلار ئىدى. ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ تولۇسى خۇيزۇلاردىن بولاتتى. ئون بېشى (شىجاڭ) ئوتتۇز بېشى (پەيجاڭ) يۈز بېشى (لىيەنجاڭ) مىڭ بېشى (تۈەنجاڭ) ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرى ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى خۇيزۇلار بولۇپ ھەربى ئىنتىزامنى ئىنتايىن قاتتىق تۇتاتتى. ھەربى مەشىق چىڭ بولاتتى. مەسلەن ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن داۋانچىڭدا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا ئەسكەرلەرنى خۇگۇلىدىن-داۋانچىڭغا، داۋانچىڭدىن-خۇگۇلىغا يۈگۈرتەتتى قاتتىق سوغۇقلاردا يالاڭ كوينەك بىلەن مەشىق قىلدۇراتتى. ئۇ ئۇرۇش ئۈستىدە ئەسكەرلەر ئالغا بېسىشقا يول بار، كەينىگە قايتىشقا يول يوق، كىمىكى ئىككىلىنىپ ئارقىغا قارايدىغان بولسا ئوپتىسىرلەر ئېتىپ تاشلايتتى.

ماجۇڭيىڭ گۆچۈڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ۋەكىل ئەۋەتىپ شىڭشىسەي بىلەن تېچلىق سۆھبىتى يۈرگۈزسە يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇمچى تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ زىمچۈەنزىدە شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. گۆچۈڭ ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ كورەڭلىگەن ماجۇڭيىڭ، ئەسكەرلىرىنى يالاڭ كىيىم بىلەن ھەتتا كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ يۈگۈرتكەن پېتى زىمچۈەنزىگە كەلگەندە ئۆلكە ئەسكەرلىرى توساپ زەربە بەردى، بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ بىلەن بۇزۇلۇپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلەشكەنلىكتىن تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى تاماشا قىلدى. ئۇرۇش داۋامىدا قاتتىق جۇدۇن بولدى، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يالاڭ كىيىمدە بولغانلىقتىن سوغۇققا-ھۆلچىلىككە بەرداشلىق بېرەلمەي كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى. ئاخىر ئىلاج قىلالماي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قالدى-قاتتى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇرپان،

يەنچانغا چېكىنىپ ئۈرۈمچىگە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. يەرلىكلەردىن كۆپلەپ ئەسكەر تۇتتى. ھەتتا ئۆزى مەسچىتلەرگە بېرىپ قۇرئان كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىكى: «پۈتۈن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى ئازات قىلىمەن. «پۈتۈن ھىندىستاندىكى رۇسىيىدىكى، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنى ئازات قىلىمەن دېگەن سۆزلىرى ھازىرغىچە تۇرپان خەلقىنىڭ ئېسىدە ئەينەن تۇرۇپتۇ. بۇنداق سۆزلەر خەلقنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سۆز بولسىمۇ، لېكىن سۆزنى بۇنداق قويۇشى ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئازات قىلىمەن دېيىش ماجۇڭيىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ چوڭ پور ئېيتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان ئىدى، ماجۇڭيىڭ ئۆزى تۇرپاندا، ما شىمىڭ قارا شەھەردە، ما خېيىڭ چۆچەك تەرەپتە، ماجەنچاڭ (چولاق زىخۇي) قەشقەردە ئىدى. تۇەنجاڭ، لۈيجاڭ زىخۇي دېگەنلەر بەك تولا ئىدى. بىر تۇەنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەسكەر كۈچى ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 ئاتلىق بولاتتى. لېكىن تولىسى 70 – 80 ئاتلىق ئەتراپىدا ئىدى. مەسىلەن تۆمۈر سىجاڭغا ياردەم بېرىمىز دەپ كۇچارغا بارغان مالۈيجاڭ دېگەننىڭ 50 – 60 دەك ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى. چولاق زىخۇيمۇ ئاقسۇغا ئازغىنە ئەسكەر بىلەن باردى. ئەمما ئۇلار بارغانلا يەردە ئەسكەر ئېلىپ كۈچىنى تولۇقلايتتى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى دىنىي ئېتىقات جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا، تىل جەھەتتە خەنزۇلارغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپتىكى خەنزۇ ئەسكەرلەرنى ماجۇڭيىڭ تەرەپ ئوڭايلا قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالاتتى.



# 3

ماجۇڭيىڭ تولۇق تەييارلىقلاردىن كېيىن 33 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. سەندۇڭبېي، خىجىاسەن، كونا ئايرودورۇم، چوڭكوۋرۈك، سايۋاغ رايونلىرىنى بېسىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە قاتتىق تەھدىت سالدى. ۋەزىيەت شۇنداق جىددى پەيتكە كەلگەندە شىڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن دوستلۇق ئەھدىنامىسىنىڭ روھى بويىچە ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى. شىڭ شىسەينىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئالتايىسكى نامى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى چېكىندۈردى. بۇ 1934 يىلى ئەتىيازدىكى ئىش ئىدى. سوۋېت ئارمىيىسى ئايروپىلان، تۆمۈر كۆككا (بىراۋنىك) قاتارلىق ئېغىر قۇراللار بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ قەشقەرغىچە قوغلاپ باردى.

دەل شۇ چاغدا قەشقەردە خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭ ئىلگىرىكى تۆمۈر سىجاڭدىن قالغان قىسىملار بىرلىكتە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجەنچاڭ قىسىملىرىنى قامال قىلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز دەپ سوقۇش قىلىۋاتقان ئىدى. ئاقسۇ تەرەپتىن كەلگەن ما شىمىڭ، ما فۇيۈەن قىسىملىرى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى قەشقەردىكى ماجەنچاڭ قىسىملىرىغا ياردەم بېرىپ خوجانىياز ھاجى قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ۋاقىتلىق قەشقەرنى تاشلاپ

ئاتۇش - ئاغى تاغلىرىغا چېكىندى. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ھەممىسى قەشقەردە جەم بولدى. لېكىن قەشقەردىكى ئۇرۇش توختاپ قالغىنى يوق. بولۇپمۇ سېيىتۋالدىجان پولكى جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەر كونىشەھەردە بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە يېگەندىن كېيىن ئاچچىقىغا چىدىمىغان ما جۇڭيىڭ، قەشقەر كونىشەھەردە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قەتلىئام (قىرغىن) يۈرگۈزدى. ئۇرۇش ئادەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربى كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. شەھەر ئاھالىسى بىلەن يېزا پۇخرالىرىدا گۇنا يوق. ئەمما ما جۇڭيىڭ تەلۋە بولغىنى ئۈچۈن قەشقەردە قىرغىن قىلىپ 4 مىڭدەك ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئەسلىدە ما جۇڭيىڭ قەشقەر كونىشەھەرگە كىرگەندە شەھەر ئاھالىسى شەھەر كوچىلىرىغا چىقىپ، «ئامىن» دەپ قول كۆتۈرۈپ قارشى ئالغان ئىدى. بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاق كۆڭلى، ياخشى نىيىتى. بىراق ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن خوجانىيازھاجى قىسىملىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، چىقىم تارتقان ما جۇڭيىڭ: «شەھەر ئاھالىسى مېنى ئالداپتۇ ئامىن دەپ شەھەرگە باشلاپ كىرىپ مېنى يوقاتماقچى بولغان ئىكەن» دەيدىغان بەد گۇمان بىلەن شەھەر ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلغان. ماجۇڭيىڭنىڭ شۇ نۆۋەتتە قەشقەردە قىلغان تېررورلىقىنى ئۇنىڭ كىچىگىدىن ھەربى كازارمىدا چوڭ بولۇپ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قاراملىق مىجەزىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە كىرگەن، خوجانىيازھاجى ئاتۇش تەرەپكە چېكىنگەن بۇ ئەمەلى ئەھۋالنى بەزەنلەر قەشقەردە



بولغان ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ قەشقەردىكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى يوقىتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈردى دەپ ئۇنىڭغا زومۇ - زور ۋەتەنپەرۋەرلىك تونىنى كەيدۈرمەكچى بولىدۇ. تارىخى پاكىتلار مۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن تەشكىلات 33 - يىلى 11 - ئايلاردا قۇرۇلۇپ 34 - يىلى 1 - 2 - ئايلاردا شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساۋۇت داموللا، زىرىپ قارى ھاجى قاتارلىقلار قەشقەر يېڭىسارىدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن (موللاساۋۇت داموللا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن.) ئاخىرلاشتى. بۇنى قانداقمۇ ما جۇڭيىڭ يوقىتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالدى دېگىلى بولسۇن؟ ئەڭ ئاخىرىدا ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى، بەزەنلەر ئۇنىڭ ئىلغارلىقى دەپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ؟ ئەمەلىيەت زادى شۇنداقمىدى؟ ما جۇڭيىڭ ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەرمىدى؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭ ئەمەلى ئىشلىرىدىن ئېلىشىمىز كېرەك.

1 - قۇمۇل دېخانلار ئىنقىلاۋى قوزغالغاندا خوجانىيازھاجى قاتارلىقلار (يولۋاس بىرىپ تەكلىپ قىلغان) ماجۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. ئەمما ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز نىيىتىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇڭا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ قوتانغا كىرىپ قالغان بۆرى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپ ئۇنى تاشلاپ شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى. نىيىتى توغرى بولمىغان ماجۇڭيىڭ شىڭشىسەي بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ

قالدى. ماجۇڭيىڭمۇ ئۆز قەۋمىدىن باشقا ھەممە ئادەمنى دۈشمەن دەپ تونىدى. يەنى خۇيزۇلاردىن باشقا ھەر قانداق مىللەت ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى ۋە بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنداق بولىدىكەن، ماجۇڭيىڭنى ئىلغار ياكى ۋەتەنپەرۋەر دېيىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا خوجا نىيازھاجى بىلەن شىڭ شىسەيلەرنى نېمە دېيىش كېرەك؟

2 - ماجۇڭيىڭنى قومۇل ئۇيغۇرلىرى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ چىقتى. ئەمما شىنجاڭغا چىقىپلا تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلىغاندەك، ئات ئىگىسىنى ئاتقا ئىگە قىلمىغاندەك سەممىيەتسىزلىك قىلدى. ئۇنىڭدا ئىنقىلاپقا ياردەم قىلىش ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ھاكىمىيەت تالىشىش، ئولجا تالىشىش ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىدى ئىدى. شۇ قەدەر سەممىيەتسىزلىك قىلغان بىر ئادەمنى ئەگەر ۋەتەنپەرۋەر دەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى جىياڭجېيشى 36 - دىۋىزىيە قىلىپ قۇرۇپ ئېۋەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ؟ ياكى ياپون جاھانگىرلىكى كامال ئەپەندىنى قوشۇپ ئېۋەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىرەر كېلىش مەنبەسى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق ياكى مۇنداق مەنبەسى بولمىسا، زومىزو ۋەتەنپەرۋەر دەپ تاج كەيدۈرۈشى چوڭ ھاماقەتلىك بولىدۇ.

خوجا نىيازھاجى باشچىلىقىدا قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ زۇلۇمغا، ئىستىبداتقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن تارىخىي پاكىتنى نەزەردە تۇتساق، ئۇ چاغدا خوجا نىيازھاجىنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر دېسەك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ ئەلۋەتتە. ماجۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ گوچوڭ ئەتراپىدىكى بولۇنغان ئىشلاردا خوجا نىيازھاجى ماجۇڭيىڭنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن ھوشيارلىق بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ شىڭ شىسەي



ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكى دەل شۇ ۋاقىتتا ئىلغارلىققا مايىل. چۈنكى ئۇ چاغدا شىڭ شىسەي پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھۆكۈمەت قۇرغان، شىڭ شىسەي بىلەن خوجا نىيازھاجىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ۋۇجۇتقا چىقارغان ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا خوجا نىيازھاجىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بۇرۇلۇشى ئىلغارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلماي ماجۇڭيىڭنىڭ ۋەدىلىرىگە، قۇرئان تۇتۇپ قىلغان يالغان قەسەملىرىگە ئىشىنىپ چەك-چېگرانى ۋاقتىدا ئايرىيالمىغان بولسا، خوجا نىيازھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار خۇددى قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭ ئۇچرىغان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشى چوقۇم ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ھوشيارلىق قىلماي بىخۇتلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قەشقەر توغراق مازادا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى خالاس.

## 4

قەشقەردە 1933- يىلى 11- ئايدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» زادى قانداق يوقۇتۇلدى؟ بۇنىڭدا ماجۇڭيىڭنىڭ قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار؟ ئەگەر بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋاتمايدىغان بولساق، بۇ ۋەقەدىن خەۋىرى يوق، لېكىن ئېلىپقاچتى گەپلەردىن ئاڭلىۋېلىپ تارىخچى بولىۋالغانلار ماجۇڭيىڭ، ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنى يوقىتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالدى دېسە تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئەلۋەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك.

ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى، قەشقەردە تۇمۇر سىجاڭ ۋاقتىدا تەشكىللەنگەن ئۆزبېك پولكى، ئوسمان سىجاڭنىڭ قىرغىز قوشۇنلىرى ۋە خوتەن قىسىملىرىنى ئاساسى كۈچ قىلىپ قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا، ماشىمىڭ قارا شەھەر كۇچار ئەتراپىدا، خوجانىيازھاجى ئاقسۇدا ئىدى. قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» خوجانىيازھاجىنى پەخرى رەئىس جۇمھۇرلۇققا بەلگىلىدى. ئەمما خوجانىيازھاجى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىدىلا ئەمەس بەلكى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدى. ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن بەزەن ماتېرىياللاردا «ئادەم خىلى بىلەن، ھايۋان تۈرى بىلەن» دىگەنىدەك خوجانىيازھاجى قەشقەردىكى قورچاق تەشكىلاتقا («شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە) قاتنىشىپ جان تالاشماقچى بولدى» دەپ ئورتىغا قويۇلماقتا. مەسىلە مۇنداق قويۇلسا پاكىت بورمىلانغان بولۇپلا قالماستىن بەلكى زور دەرىجىدە ناھەقلىق بولمامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى خوجانىيازھاجى يوق قىلغان ئىدىغۇ؟ بۇ تارىخى پاكىتنى نەگە يوشۇرغىلى بولسۇن؟ 33- يىلىنىڭ ئاخىرى 34- يىلىنىڭ باشلىرى (قىش ئايلىرى) دا خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار قارا يۇلغۇندىكى مافۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن ئۈچتۇرپان



قاخشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە باردى. ئۇلار بېرىپلا ئىلگىركى تۇمۇر سىجاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر يېڭىشەرگە قامال قىلىنغان چولاق زىخۇيغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. دىمەك شۇ ۋاقىتتا مەيلى شىڭشىسەي، مەيلى خوجانىيازھاجى، قەشقەردىكى قىرغىز ئۆزبەك ۋە خوتەن قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلاتتى. ھەتتا شىڭشىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامغا ئاساسەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرمەكتە ئىدى. دىمەك شۇ ۋاقىتتا ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر قايسى گورۇھتىكى كوچلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ ئەجەللىك زەربە يەۋاتقان ماجۇڭيىڭنى ۋەتەنپەرۋەر دەيدىغان بولساق قالغان كۈچلەرنى نىمە دىيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنى ماجۇڭيىڭ يوقاتقىنى يوق، شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن خوجانىيازھاجى مەھمۇت سىجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەھمۇت سىجاڭ غوپۇر تۈەنجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ساۋۇت داموللا ۋە زىرىپ قارىھاجى باشلىق بىر قانچە كىشىلەرنى قەشقەر يېڭىسارىدا قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى. (ساۋۇت داموللا ھاجى شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ كىشى تۈرمىدە يېتىپ ئىشلىگەن قۇرئان تەرجىمىسى ھازىر كىشىلەرنىڭ قولىدا بار) ئەھۋال مۇنداق بولىدىكەن

ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنى ماجۇڭيىڭ يوقاتتى دېيىش ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس. ماجۇڭيىڭ ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنى يوقۇتۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالدى دېيىش تېخىمۇ ئاساسسىز سەپسەتە. ئەگەر ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنى يوقۇتۇشى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ سانىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك» خوجا نىيازھاجىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قېچىپ قەشقەر تەرەپكە سۈرۈلگەندە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ ھېچقانداق ئۇرۇش قىلغىنى يوق. بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىغا ئۇچرىغان ھەر قانداق كۈچقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئاغزىغا چىققاننى چىشلەپ يۈرەتتى. بۇ دەل شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلى ئەھۋال ئىدى.

ئۇ چاغدا ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى: 30-يىللاردا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى دۇنيانىڭ زۇمگەرى ھېساپلىناتتى. دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا بىرەر ۋەقە توغۇلسا، بۈگۈنكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ئوخشاشلا ئۇ ئىشقا ئارىلىشىۋالاتتى. ياكى دىققەت قىلاتتى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇسىيىدە ئوكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ سوۋېت سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇردى ۋە بوزغۇنچىلىق سالدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەرنى،



شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغىلى بولىدىغان تەييار كۈچ، زاپاس ئەسكەر دەپ ھېساپلايدىغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى 33-34-يىللاردىكى قەشقەر ۋەقەلىرىگە دىققەت قىلدى ۋە ئارىلاشتى شۇڭا ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. لېكىن ئەنگلىيىنىڭ ئوينىغان رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ پەقەتلا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيادا پايدىلانغان پانتۈركىزىم، پانئىسلامىزىمنىڭ شىنجاڭدىكى قالدۇق ئۇچقۇنلىرىدىن يەنە بىر قېتىم پايدىلانماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ھەر قانچە كۈچەپ ئوينىغان رولى شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى پانتۈركىزىم ئۇچقۇنلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا قويۇلغان كۈچلەرنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە توختام بويىچە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىمۇ بار) ئالدىدا بىر پەشۋاغا ئەرزىمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇر «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ۋە بۇ ۋەقەگە دائىر باشقا كۆتۈرۈپ چىققان كىشىلەر ئاسانلا بەربات بولدى. خوجا نىيازھاجى قەشقەرنى تاشلاپ ئەركەشتامغا بېرىپ بىر ئاي تۇرغان ۋاقىتتا شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن ئارقىمۇ-ئارقا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى يوقۇتۇشى، ساۋۇت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگىلى تۇردى. شىڭشىسەينىڭ بۇ خىل بۇيرۇقى، 30-يىللاردا پانتۈركىزىم بىلەن پانئىسلامىزىمنى توخۇمىغىچە يوقۇتۇشنى نىشان قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىدىگە ئىنتايىن ياقاتتى. بۇيرۇققا بىنائەن خوجا نىيازھاجى مەھمۇت سىنجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى. ئۈرۈمچى تۈرمىسىدا خېلى يىللار ياتقاندىن

كېيىن ئولتۇرۇلدى. ئەمەلىيەت شۇنداق بولىدىكەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى، ماجۇڭيىڭ يوقىتىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالدى دېيىش كۈلكىلىك بىر ئىش!

## 5

ماجۇڭيىڭ 2-قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالدى، خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، رۇسلار، توختام بويىچە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەمگە كەلگەن قىزىل ئارمىيە ۋە بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزبېكلەر قىرغىزلار ئوخشاشلا قارشى تۇردى. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن قوغلاندى بولۇپ قەشقەرگە كەلگەندە مېڭىشقا يول قالمىغان ئىدى، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋالدىن بەزەنلەر ماجۇڭيىڭنى ئىلغار ئىدى دەپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. مۇنداق دېيىش پاكىتقا تېخىمۇ ئويغۇن ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئىلغار ئىنقىلاۋىي غايىلىك بولسا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەتتىمۇ؟ ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتمەكچى بولغانلىقىدا مېنىڭچە تۆۋەندىكىچە سەۋەبلەر بار:

1- ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنىپ ئاقسۇغا بارغاندا قاراقول ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەكىل كېلىپ بىر-ئىككى قېتىم سۆھبەتلەشكەن. بەلكى مۇشۇ سۆھبەتتە ماجۇڭيىڭغا ئىلغار ئىدىيە تەسىر قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئىزچىل قوغلاپ كېلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قوغلاشنى بىر ئاز پەسەيتكەن. قەشقەرگە تېچ سالامەت بارغان ماجۇڭيىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلارغا كۈچ سەرىپ قىلماستىن پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خوجانىيازھاجى قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قەشقەرنى بىر مەزگىل ئىگەللەپ يېتىشقا مۇۋەپپەق بولغان.



2- قەشقەردە تۇرغان شۇ مەزگىلدە ماجۇڭيىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ بەلكى ئىلغارلىققا مايىل بولغان. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى ماشاۋۇ (ماداۋتەي) نىڭ رولى بەك كۈچلۈك.

لېكىن ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتمەكچى بولغانلىقىدا ئاساسىي سەۋەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىقىپ قىسقىغىنە بىر ئىككى يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىپ شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ۋە ئۆزىگە ماددى بايلىق توپلاشنى مەخسەت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى بۇلاڭ تالاڭ قىلدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى قەشقەردىكى ماجەنچاڭ (چولاق زىخۇي) نىڭ ئەسكەرلىرى تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈپ قەشقەر كونا شەھەردىكى «بەيتۇلمال»نى يەنى غەزىنىنى بۇلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ كەتتى. (قەشقەردە ماداۋتەي تۆمۈر سىجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن غەزىنىدە (تەخمىنەن ئون نەچچە چارەك تىللا، ئون نەچچە چارەك زىقچە ئالتۇن نەچچە يۈز تۈننا كۈمۈش بار ئىدى) ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا مەزكۇر ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى.

ماجۇڭيىڭدا بۇ قەدەر جىق ئالتۇننىڭ توپلىنىشى قانچىلىك خۇشاللىق بېغىشلىغان بولسا، يەنە شۇنچىلىك جان قايغۇسىنىمۇ پەيدا قىلاتتى. تۆمۈرسىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ غەزنىگە ئىگە بولغانلار ئەلۋەتتە ئۆز كاللىسىنىڭ كېسىلىشىدىن غەم قىلماي بولامدۇ؟ ماجۇڭيىڭ بۇ قەدەر جىق ئالتۇنلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ يولدىن بىرنى تاللايتتى: (1) خوتەن چارقىلىق يولى بىلەن دۇڭخاڭغا يەتكۈزۈۋېلىش؛ (2) لاداق يولى بىلەن ھىندىستانغا ئوتكۈزۈۋېلىش؛ (3) سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوتكۈزۈپ كېتىش.

بىز كېيىنكى پاكىستانلاردىن ئىگىلىگەنلىرىمىزگە قارىغاندا ماخۇسەن 1937-يىلى خوتەندىن ھىندىستانغا قاچقاندا 10 مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن ماڭغان. ئۇنىڭ سەنمۇجاڭى بەيزىلى 6 مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن ماڭغان. لاداق يولىدا كېتىۋېتىپ ماخۇسەننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ بەيزىلىنى ئېتىۋېتىپ ئۇنىڭ 6 مىڭ سەر ئالتۇنىنى ئېلىپ جەمئىي 16 مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن؛ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن قاچقۇن يولۋاس ئۆزى بىللە ماڭغان قازاق زىيالىسى سالىسىنى پۈتۈن بالا چاقىسى بىلەن چۆلدە ئۆلتۈرۈپ كەتكەنلىكى؛ قاچقۇن قالىبەكنىڭ ئىمىن داموللىنى چۆلدە ئۆلتۈرۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ئازغىنە ئالتۇن كۆمۈش مەسىلىسى ئىدى. ماجۇڭيىڭمۇ چۆل كەزگەن بولغاچقا بۇنداق ئىشلارنى ئەلۋەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. شۇڭا ئۇ دۇڭخاڭ يولىغا ياكى لاداق يولىغا مېڭىشتىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. ماجۇڭيىڭ يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان پەيتتە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئادەملىرى مەزكۇر ئالتۇننىڭ ھىندىستانغا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. تارىختا ھەر قانداق مۇجادىلىلەر ئىقتىسادى



مەنپەئەتكە تۈگۈنلىنىدىغان بولغاچقا مەيلى ئەنگلىيە بولسۇن ياكى باشقا بىر جاھانگىر مەملىكەتلەر بولسۇن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەرقانداق باتۇر ئادەملىرىمىزنىڭ قىلچە كېرىكى يوق. پەقەتلا ئۇلارنىڭ قولىدىكى بايلىق كېرەك. شۇڭا ماجۇڭيىڭنىڭ لاداق يولىغا مېڭىشىنى ئۈمىت قىلغان ئەنگلىيە كونسۇللىرى پاي-پىتەك بولۇپ ھەتتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئىستىقبالىغا پەيزىۋاتقىچە بارغان ئىدى. ئەنگلىيە تەرەپ ئۇنداق قىلغان يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ھەرىكەت قىلماي شۈك ياتاتتىمۇ؟ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرەپ ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە كۆپ خىزمەت ئىشلىدى. قەشقەردىكى ماداۋتەي (ماشياۋۇ خۇيزۇ) بۇ ئوتتۇردا كۆپ خىزمەت قىلدى. نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالغىلى بارماقچى دىگەندەك مەجھۇل گەپ-سۆزلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىلغار ئىنقىلاۋىي غايىلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشقا ھەممە جەھەتتىن مەجبۇر بولغانلىقىدا بۇ مەسىلىگە دائىر خەلق ئىچىدە مۇنداق رىۋايەت بار.

① ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە بارغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئالماقچى بولۇپ نۇرغۇن پۇل مال ئوتكۈزۈپتۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ماقۇل كەلگەندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ نەچچە يۈز ئادەم بىلەن ئەركەشتامغا قورال ئالغىلى بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلار

نى قورالسىزلاندۇرۇپ، سەن ئۆتكۈزگەن پۇل مالغا بېرىدىغان قوراللارنى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بولدۇق، دەپتۇ. ئاندىن ماجۇڭيىڭنى موسكۋاغا ئېلىپ بېرىپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىۋىدە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپتۇ. بۇ راۋايەت يۇقىرىدا بايان قىلغان پاكىتلىرىمىزنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

② راۋايەتتە: ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن زاۋۇتلارنى، مەكتەپلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، كېيىن ئۆزى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپتۇ. سوۋېت گېرمان ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار كۆرسىتىپتۇ... بۇ خەلق ئاغزىدىكى راۋايەت. ئېھتىمال ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن تەربىيە كۆرۈپ ئوقۇپ ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىسى مەنسۇررۇزىيوپنىڭ: «ماجۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى كامال ئەپەندىنى ياپونىيە جاسۇسى، ماجۇڭيىڭنىمۇ ياپونىيە جاسۇسى» دەپ كۆرسىتىپ يازغان بىراشورىسىنى كۆرگەن كىشىلەر خېلى بار. يۇقۇرقى پاكىتلاردىن قارىغاندا ماجۇڭيىڭنى قانداقتۇر ئىلغار، ئىنقىلاۋىي غايىگە ئىگە دەپ كۆرسىتىش يالغان بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت.

ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن 36 - دىۋىزىيىگە سىجاڭ بولۇپ خوتەندە تۇردى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈپ پوسكام ناھىيىسىنى چېگرا قىلىپ پوسكامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ماخۇسەن، پوسكامنىڭ بۇ تەرىپىدە (قەشقەر تەرىپىدە) شىڭ شىسەي ۋە خوجانىيازھاجى قىسىملىرى تۇردى. گويا بىر مەزگىل يۇرت تىنچاقاپ قال-



غاندەك بولدى. بۇ پۇرسەتتە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى پىلانلىق يۇسۇندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ھەربىي قىسىملىرىنى بولۇپمۇ ساقچى قىسىملىرىنى تولۇقلاپ كەلگۈسى تازىلاش ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى:

شىڭ شىسەي ئالدى بىلەن ئاق ئورۇس گېنىراللىرىنى يوقۇتۇپ ئاق ئورۇس ئەسكەرلەرنى قۇرالسىزلاندۇردى؛ 2 - قەدەمدە قەشقەردىكى قىرغىز ئوسمان سىجاڭنى ۋە سېتىۋالدىجان قۇربېشىنىڭ قۇراللىق قىسىملىرىنى قۇرالسىزلاندۇردى ۋە تازىلىدى؛ 3 - قەدەمدە خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلارنى تازىلىماقچى بولغاندا مەھمۇت سىجاڭ ئۇنىڭ قاپقىنىغا چۈشمەي چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. خوجانىيازھاجى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. شىڭشىسەي پىلان بويىچە 4 - قەدەمدە ماخۇسەننى يوقاتماقچى ئىدى. بىراق مەھمۇت سىجاڭ چەتئەلگە كەتكەن ھامان، ئۇنىڭ قىسمەن ئەسكەرلىرى ئابدۇنىياز لىيەنجاڭ، (كېين سىجاڭ دەپ ئاتالدى) باشچىلىقىدا ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ئۇرۇش قەشقەر، كۇچارلاردا شىددەتلىك بولدى. ماخۇسەننىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى. تەلەپكە بىنائەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ ماخۇسەن قىسىملىرىنى تامامەن قۇرالسىزلاندۇردى. ماخۇسەن ئۆزى ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

ماخۇسەن 34 - يىلدىن 37 - يىلغىچە خوتەندە تۇردى. قىسقىغىنە 3 - 4 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان زۇلۇمى بەكمۇ دەھشەتلىك بولدى. زورلۇق - زوراۋانلىق ھەددىدىن ئاشتى.

ئالۋاڭ ياساق چېكىدىن ئاشتى. زۇلۇمغا چىدىماي قارشىلىق قىلغانلار ئۇنىڭ قىلىنچى ئاستىدا قانغا بويالدى. بەزەن ئىشلىرى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئەشەددىي ۋەھشىلىك دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: خوتەن تەۋەككۇلدا زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تۇتۇپ، تىرىك ئادەمنىڭ مورە ئومۇرتقىسىنى تېشىپ سىم هالقا ئۆتكۈزۈپ ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىلىكلەرنى قىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا مەيلى ماجۇڭيىڭ، مەيلى ماخۇسەن بولسۇن، شىنجاڭغا ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن چىققان. ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئەنە شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارغا قانداقتۇر ۋەتەنپەرۋەر ياكى ئىنقىلاۋىي غايىلىك دەپ تاج كەيدۈرۈش مۇتلەق توغرى ئەمەس.

قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان نىشانىسى ھەممىگە ئايان. ئەمما قوزغولاڭ ئۇلغىيىپ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ چىققاندىن كېيىن قانداق مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى، چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ قانداق قول سالغانلىقىنى، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قانداق ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تارىخقا باھا بەرگەندە تارىخى پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بولۇڭ-پۇشقاقتىن چىقىپلا ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاپ باھا بېرىشكە تارىخى پاكىتلار ھەرگىز يول قويمايدۇ.



# جاڭپېيۋەننىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى

ۋاڭ ئېنرۇڭ

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزئارا چىقىشالمايدىغان 3 خىل كۈچ - شىڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيۋەن باشچىلىقىدىكى ھەربى كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە: دۆڭبېي (شەرقى - شىمال) پىدائىي قوشۇنلىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن قىسىملار، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئوروس قىسىملىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق كۈچلىرىدىن ئىبارەت 3 خىل ھەربى كۈچ بار بولسىمۇ، يۇقۇرىدىكى 3 خىل كۈچ دائىرىسىدە ئىدى. قارانىيەتلىك شىڭ شىسەي قۇۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىپ تەدرىجى تۈردە باشقا كۈچلەرنى يوقۇتۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئون نەچچە يىل قانلىق تېررورلۇقىنى يۈرگۈزدى.

جاڭ پېيۋەن تېخى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئاۋالقى 3 يىلدا مەن ئۇنىڭ قول ئاستىدا خەرىتە سىزغۇچى، تېلېگىراممىا تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەن، ھەمدە قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، كاتىپ ۋە ھەربى مۇشاۋىر بولغان ئىدىم. شۇڭا جاڭپېيۋەن توغرىسىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم. ئارىلىقتا 30 نەچچە يىل ئۆتتى. شۇنىڭدەك كونا جەمىيەت تۈزۈمىدە باش-

ىقىلار بىلەن تۆۋەندىكى خادىملارنىڭ سوھبەتلىشىش پۇرسەتلىرى
ئاز بولاتتى. شۇڭا بۇ ئەسلىمىدە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن.
كىتاپخانلارنىڭ تۈزۈتۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

كېلىپ چىقىشى ۋە مىجەزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جاڭ پېيپېيۇەننىڭ ئىسمى زىخىڭ، گەنشۇي گۇيدې ناھىيىسىدىن، مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا گەنشۇي سىفەن مەكتىۋى ۋە ھەربى تەلىم - تەربىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن، كىچىكىدە يېتىم قېلىپ تۇل ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغان، شۇڭا ئانىسىغا ۋاپادار ئىدى. جاڭ پېيپېيۇەن ئوزىنى چوڭ كورسۈتەتتى. باشقىلار بولسا ئۇنى سالپاڭ قۇلاق دەيتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ بېشى يوغان، بويىنى قىسقا بولغانلىقتىن سالپاڭ قۇلاقلىرى مورىسىگە تىگىپ تۇرىدىغان غەلىتە ئادەم ئىدى. جاڭ زىخىڭنىڭ بېشى يوغان كوزى كىچىك، بەستلىك بولسىمۇ كوسا ئىدى. قولىغى چوڭ باي بولىدۇ دەپ تەمەننا قىلىسا كوسىلىغىدىن نوموس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ زەنجىۋىل سۈيىنى پەلتۇكۇشى بىلەن ئەتە-ئاخشاملىرى ئېڭەكلىرىگە ۋە ئېغىز چورىلىرىگە سۈرتۈپ ساقال ئۈندۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى لېكىن قانچە قىلسىمۇ ساقال چىقمايتى. زىخىڭ نەپسىگە ئامراق، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەن ئادەم ئىدى. مىزىلىك تاماقنى ۋە خېنىم قىزلارنى ياخشى كورەتتى. خاراكتېرى ئۈستۈن، مەنمەنلىكى كۈچلۈك، پۇلنى توپىدەك چېچىپ خەشلەيتى. ھوسنى خەت مەشىق قىلاتتى، ناخشىغا (ئېيرخاڭ) ئۇستا ئىدى. قازاقچە پۇشۇرۇلغان گوش ۋە قېمىزنى ياخشى كورەتتى. ھوسنى خەتنى ئىنتايىن چىرايلىق يازاتتى، قىمارۋاز ئىدى. ماجاڭ ئويىنىسا تاڭ



ئاتقۇزاتتى. باشقىلارغا، ياشلار ئەلۋەتتە 4 ئىشتا ماھىر بولۇشى كېرەك: 1 - خۇشى خەت يېزىشقا؛ 2 - ناخشا ئېيتىشقا 3 - ماجاڭ ئويناشقا 4 - كىيىم كىيىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك دەيتتى. يەنە، ياشلار يۇۋاش بولماسلىق كېرەك، يۇۋاش ئادەم ئىشقا يارىمايدۇ، شوخ - كەپسىز بولۇشى كېرەك، شوخ بولمىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ دەيتتى. بۇ سوزلەر گەرچە سەپسەتە - ئاساسسىزدەك بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىدىيالوگىيىسىنى ئىنتايىن ئوچۇق كورسۈتۈپ بېرىدۇ. زىخىڭ تۇنجى قېتىم لى پەمىلىلىك بىر ئايالنى ئالغان ئىدى. بۇ ئايال غۇلجىدا ئولدى. 2 - قېتىمدا تيەنجىنلىك شۈي جيەنجىڭنىڭ سىڭلىسىنى ئالدى. زىخىڭنىڭ ئاپىسى ئوتتۇرا ياشلارغا كەلگەندە ئەپيۇنكەش بولۇپ كېتىپ كېچە-كۈندۈز ئەپيۇن چېكىپ ياتتى. زىخىڭنىڭ ھەر ئىككى خوتۇنى تاڭ ئاتقىچە ئەپيۇنكەش ئانىسىنى كۈتەتتى. 3 - ئايالى خۇخانىم، ئۈرۈمچىلىك بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. ۋەسىيىتىنىڭ 3 - ماددىسىدا شىڭ شىسەينىڭ قاراپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلغان ئايال شۇ ئىدى. زىخىڭنىڭ ئالغان ئاياللىرى جىق بولسىمۇ رەسمى ئوي تۇتمىغان ئىدى. ئۇ يەنە لى ۋېنخۇەننىڭ قىزى چىرايلىق ھەم قابىلىيەتلىك دەپ ئاڭلاپ لى ۋېنخۇەننىڭ كونا ئويى قۇمۇلدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا بارغان زىخىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ خوتۇننى ئەمرىگە ئالدى ۋە توينى تولىمۇ چوڭ ھەشەمەتلىك قىلغاشقا قۇمۇل خەلقىمۇ ھەيران قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ، سالچىبۇنىڭ راۋاقلىرىدا تۇرۇپ قوشاق قېتىپ: «سەنبا مىلتىغى، تومۇر قاپقىسى بار، ئوغرىنى قوغلىماي، تەي-تەي ئالغۇسى بار، جاڭ-

جۇڭنىڭ كۆڭلىنى تاپماق تەس، ئۇرۇش ئۈستىدە خوتۇن ئالغىنى ئانچە خوپ ئەمەس» دېيىشكەن ئىدى. زىخىڭ بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قوياتتى. ئىلگىرىكى يىللاردا ھاۋايى ھەۋەسكە قاتچىلىك بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاخىرى ئۇ يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا ئىچىدە مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئىككىلا بالىسى بار ئىدى. بىرىنى تۇنجى ئايالى لى خانىم تۇققان. يەنە بىرسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ئۆلگەندە ئۇنىڭدىن قالغان بىر بالىنى بېقىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالا ھېساپلىنىدۇ. كېيىن ئالغان خوتۇنلىرى تۇغمىغان ئىدى. زىخىڭ 1934-يىلى 1-ئايدا بوربوسۇن مازاردا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلىۋالدى. زىخىڭ گۇاڭشۈينىڭ 20-جياۋۇ يىلى (1984) يىلى تۇغۇلغان. ئۆلگەندە ئاران 40 ياشتا ئىدى.

## بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى

جاڭ زىخىڭ گەنشۇي ھەربى تەلىم-تەربىيە مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن لەنجۇدا ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ كۆڭلىگە ياقماي ئاخىرى شىنجاڭغا چىقىدۇ. ئۇ چاغلاردا ياڭ زېڭشىن سىرىت بىلەن ئالاقە قىلماي، قاپقىنى چىڭ ئېتىپ ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىۋاتقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنى شىنجاڭ ھەربى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بولۇم ئەزاسى قىلىپ تەيىنلىدى. زىخىڭ بۇ جەرياندا تولاراق ئۈرۈمچىدىكى تىجارەتچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئاپاق-چاپاق ئۆتتۇدۇ. ئۈرۈمچىدىكى كاتتا سودىگەرلەر بويىروكرات ئەمەلدارلار بىلەن قويۇق تىل بىرىكتۈرۈپ قانچە پۇل سەرىپ بولۇشىغا قارىماي، ئىمكان تېپىلسىلا پارا بېرىپ يول تاپقانلار ئىدى. زىخىڭمۇ شۇ-



لارنىڭ ئارىسىدا ئەتىدىن-كەچكىچە ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپا سۈرۈپ قىمار ئويناپ چوتا ئېلىپ، كۆرەڭلىك بىلەن پاھىشىگە پۇل خەشلەپ، نوچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇ يەنە ساختىپەزلىك بىلەن پۇل تاپماقچى بولۇپ، قۇرۇق-قۇرۇق توپ مال سېتىش سارىيى ئاچتى. ئۈرۈمچى نەنگۇەن ئەتراپىدا بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، قوراسىدا نۇرغۇن ساندۇق ياسىتىپ، ساندۇقلارغا ماركا-نومۇر قويۇپ ئۇنىڭ ئېسىل تاۋار-دۇردۇن مەھسۇلاتلىرى قاچىلانغان دىگەن خەتلەرنى يازدۇرۇپ تىزىپ قويۇدۇ. ئاندىن خېرىدار ئىزدەپ X كۈنى مال يېتىپ كېلىدۇ، دەپ خېرىدارلاردىن پۇل ئېلىپ، خېلى جىق پۇل يىغىۋالغاندىن كېيىن قېچىپ كېتىدۇ. خېرىدارلار بەلگىلەنگەن كۈنى سارايغا كېلىپ مال ئالالمىزدىسە، زىخىڭ يوق، ئاندىن سارايۋەنگە ساندۇقلارنى ئاچتۇرۇپ كورسە ئۇنىڭ ئىچىدە پارچە خىش، كاھىشلار ۋە ئۇششاق تاش قاچىلانغان ئىكەن. بۇ ئىش ھۆكۈمەتكە مەلۇم بولۇپ ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، ئۇ ئاللىقاچاندىلا يىراق جايلارغا قېچىپ كېتىپ بولغان ئىدى. زىخىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئانچە ئۇزۇن تۇرمىغان بولسىمۇ ئەنە شۇنداق ئىزسىز يوقالغان ئىدى. ئۇ زادى قايسى يىلى كەلدى، قايسى كۈنى كەتتى، بۇ تەرەپلىرى ئېنىق ئەمەس.

## جىمونەي مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىدە لەنجاڭ بولۇشتىن ئىش باشلىشى

زىخىڭ يۇقۇرقى ئالدامچىلىق جىنايىتىنى ئۆتكۈزۈپ ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىپ پۇللىرىنى كەڭتاشا خەشلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ، گەنشۇيدە مەلۇم بىر ئەرباپ ئارقىلىق ياڭ-

زېمىنىغا، ئۆتكەن خاتالىقلىرىغا توۋا قىلىپ خىزمەت كۆرسۈتۈشى
توغرىسىدا خەت يېزىپ 2 - قېتىم يەنە شىنجاڭغا چىقتى. ياڭ-
زېڭشىن مەككارلىق قىلىپ ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلماي، زېخېڭنى
جىمونەي مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر لىيەنىگە لىيەنجاڭ قىلىپ تەيىن-
لىدى. بۇ ۋاقىت 1917 - يىلى سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ
ئارپىسى (مىنگونىڭ 6 - يىلى كۈز) ئىدى. چار روسىيە ئىمپېرىيىسى
چۈشكۈنلۈشۈپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەنلىكتە، جۇڭگو - روسىيە چېگرىسى-
سىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ چېگرا مۇ-
داپىئەسىگە تەييارلىق كۆرۈپ ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈ-
چەيتتى. زېخېڭ جىمونەيگە بارغان ۋاقتتا ھېچ ئىش يوق ئىدى.
سوۋېت ھاكىمىيىتى دەسلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن مەغلۇپ بولغان
ئاق گۋاردىيىچىلەر شىنجاڭغا قېچىپ كېلىشكە باشلاپ پەقەت جىمونەي-
گە قېچىپ ئۆتكەنلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. چېگرا رايوندا تو-
راقلاشقان ئاھالىلار قورقۇشقا باشلىدى. جاڭ زېخېڭنىڭ ئەمەلىي
كۈچى بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بولغاچقا ئاز سان بىلەن كۆپ
سانغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ باشقىچە ئۇسۇللار
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدە قول-
لانغان ئۇرۇش سەنئەتلىرى بويىچە ئوچاقلارنى كۆپەيتىش، ئا-
كوپلارغا تاشنى تىزىپ ھەربىي شەپكە كەيدۈرۈش ئۇسۇللىرى ئار-
قىلىق ئاقلارغا، جۇڭگونىڭ چېگرا مۇداپىئە كۈچى خېلى جىق
ئىكەن دەيدىغان چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇ يەنە يەرلىك
تىجارەتچى گويۇڭلوڭنى ئۈرۈمچى ۋالىسى گوي فاڭشىڭغا ئوخشۇ-
تۇپ ياساپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېۋەتكەن خارجى ئىشلار ئەل-
چىسى دەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ باشلىق-



لىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. (گويۇڭلوڭ تيەنجىن گورۇھىدى-
كى تېرە مال- سودىگەرلىرى ئىدى. جىمونەيدە تۇرۇپ بۆلتۈرۈك تې-
ۋىسى بۇغا مۈڭگۈزى، بوكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق قىممەتلىك يەر-
لىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ قىياپىتى گوي فاڭ-
شىڭغا ئوخشايدىغان، خاراكتېر جەھەتتىن ھوشيار ئادەم ئىدى. گو
بىلەن جاڭ ئادەتتە ياخشى ئۆتەتتى. شۇڭا تەۋەككۈل قىلىپ «چىن-
چەي داچېن» رولىنى ئويناپ چىقتى) گويۇڭلوڭ خارجى ۋەكىل سۈپە-
تىدە بېرىپ ئاقلارغا: سىلەر پۈتۈن قۇراللىڭلار بىلەن جۇڭگو تە-
ۋەسىگە ئۆتۈشۈڭلارغا خەلقارا قانۇن يول قويمايدۇ. بىراق سىلەر-
نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلاردىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەۋەردار بولغىنى
ئۈچۈن كەسكىن تەدبىر قوللانمايمىز، ئەگەر سىلەر جۇڭگو پۇخ-
رالىرىغا ھېچقانداق زىيان سالمىساڭلار ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مىتى ئاشلىق ۋە ئوت- چۆپ بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. ناۋادا ئىنتىزام-
سىزلىق قىلىپ ماجرا پەيدا قىلىدىغان بولساڭلار، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە
قىسىملىرى بىزنىڭ دۆلەت زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن سىلەرگە ھەرگىز يول قويمايدۇ
دېگەندە، ئاقلار جىمونەيدە كۈچلۈك تەييارلىق بار ئىكەن دەپ ئەسكەر-
لىرىنى ئېلىپ يىراق كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز ئاجىز-
لىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، ھەم ئۇرۇشۇپمۇ قالمايدۇ. بۇ ئۇسۇل ياڭ زېڭشىنغا
ياراپ قالغاچقا ئۇزۇن ئۆتمەي زېخېڭنى تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈردى.

لىيەنجاڭلىقتىن تۇەنجاڭلىققا ئۆسمەك ھەربىي تۈزۈمدە كام ئۇچرايدىغان ۋەقە.
ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى قوشۇنلار مەيلى شىتات تۈزۈلۈشى جەھەتتە بولسۇن
مەيلى قوراللىنىش، ئادەم، مەشىق قىلىش جەھەتلەردە بولسۇن قالاق ئىدى.
مۇستەقىل لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئەسلىدە يىڭجاڭ بىلەن باراۋەر. دېمەك
ئۇنىڭ تۇەنجاڭلىققا كۆتۈرۈلىشى ئىنىۋان جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

چاڭ زىدىڭ تۆەنجاڭ بولغاندىن كېيىن، ياڭ زىڭشىن ئۆلدى. ئۇ ئۆلمىگەن بولسا ئۇ،قەدەر چاپسان كوتۇرۇلالمىغان بولاتتى. 1928 - يىلى «7 - ئىيول سىياسى ئۆزگۆرۈشى» ئارقىلىق ياڭ زىڭشىن فەنياۋ نەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. زىدىڭمۇ لۇيجاڭلىققا كوتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ھەربى ئىشلار جۇسىنىڭ جۇجاڭلىغىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلى مۇداپىئە ئەلچىسى نيۇشى قاراشەھەرگە يوتكەلگەندە جىن شۇرېن جاڭزىدىڭنى ئىلى مۇداپىئە ئەلچىلىگىگە تەيىنلىدى. مۇداپىئە ئەلچىلىگىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىلىگىگە ئۆزگەرتتى. زىدىڭ ئىلىغا بېرىپ خىزمەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قۇراللىق كۈچلىرىنى دىۋىزىيە (شى)گە كېڭەيتىپ ئۆزى قوشۇمچە شىجاڭ بولدى. تاكى جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگيادىن خۇاڭمۇسۇڭ، لوۋېنگەن قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ نەنجىن ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگيانىڭ 8 - دىۋىزىيىسى دەپ رەسمى نام بەرگەنگە قەدەر، ئۆزىنى - ئۆزى شىجاڭ دەپ كەلگەن ئىدى. 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ چوڭ زالىدا زىدىڭ 8 - دىۋىزىيە شىجاڭلىغىنى رەسمى تاپشۇرۇۋالدى. خارجى ئىشلار بۇجاڭى قوشۇمچە قانۇن ئىشلار بۇجاڭى لوۋېنگەن، جۇڭگياغا ۋاكالىتەن قەسەم بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. شۇ ئايدىن كېيىن ئۇ مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 5 يىل ئىچىدە تۆەنجاڭلىقتىن - شىجاڭلىققا كوتۇرۇلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى نامى ئاستى-



دا پۈتۈن ئىلى رايونىنىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقنى ئىگەللىگەن، شۇنداقلا تېز كوتۇرۇلۇپ قاتتىق يىقىلغان ئىدى.

قارىماققا چاڭ زىدىڭ شىنجاڭدىكى جۇنفالارنىڭ ئوز - ئارا كورەشلىرى جەريانىدا كوتۇرۇلۇپ، يەنە كورەشلەر ئىچىدە موللاق ئاتتى. ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋىتى، ھەربى تەلىم كورگەنلىگى، پاراسەتلىكلىگى ۋە خۇشامەت قىلىشقا ماھىرلىغى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۇيەيلى لىيەنجاڭجاڭلىقتىن مۇستەقىل شىجاڭلىققىچە كوتۇرۇلگەن بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭدا يىراقنى كورەلمەيدىغان، ئالدىن سېزالمايدىغان چىرىكلەشكەن، تەلۋە مىجەز، قول ئاستىدا تۈزۈك ئادىمى يوق بولۇشتەك پايدىسىز ئەھۋاللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ جاھاننىڭ كارىدىن كەتتى. ئەمەلىيەتتە، زىدىڭنىڭ مەغلۇبىيىتى نەنجىن ھوكۇمىتىنىڭ سۈيىقەستى، ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىدىن بولغان. بىز بۇنى تۆۋەندىكى 3 نۇقتىدىن، يەنى ئۇنىڭ جىن شۇرېن، ما جۇڭيىڭ ۋە شىڭ شىسەيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن ئېنىق چۈشۈنالايمىز.

## چاڭپېيۇەن بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

1928 - يىلى (مىنگو 17 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (ھەپتىنىڭ 6 - كۈنى ) ئۇرۇمچىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇس تىلى سىياسى - قانۇن كورسىدا تۇنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ شىنجاڭ بۇيىچە تۇنجى قېتىم يوقۇرى مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولۇپ، تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭلىق بالىلار بولغاچقا،

ھەممە ئادەم تەڭ كۆڭۈل بولغان ئىدى، مۇراسىمغا ياڭ-
زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار-
لارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى ئايالى
بىلەن، نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن ئەۋەتكەن ۋەكىلى، چىيەن
×× مۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ئىدى. مۇراسىم ئېچىلىپ،
رەسىمگە چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپ زالىدا زىياپەت بولدى. بۇكورۇ-
سنى ياڭزېڭشىن تەشەببۇس قىلىپ ئاچقان، مائارىپ تىڭجاڭى لىيۇۋېنلۇڭ
باشقۇرغان بولسىمۇ، ھەرئىككىسى مەكتەپنىڭ شىياۋجاڭى ئەمەس ئىدى.
فەنياۋنەن بۇ مەكتەپكە مۇدىرلىكنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان ئىدى. شۇڭا
زىياپەتكە فەنياۋنەن ساھىپخانلىق قىلدى، ياڭزېڭشىن مېھمان سۈپىتىدە
قاتناشتى. قەدەھ كۆتۈرۈشكەن بىر ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز بىرسى كىرىپ
ياڭزېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇڭا بۇ كۈننى شىنجاڭلىقلار «7-ئىيۇل سىيا-
سى ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتىغان. ياڭزېڭشىنغا قىلىنغان سۇيىقەستنى
فەن ياۋنەن پىلانلىغان، بۇنىڭدا گۇمان يوق. فەنياۋنەن نىمە ئۈ-
چۈن ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈردى؟ بۇ سۇيىقەستچى گۇرۇھتا يەنە كىملەر
قاتناشتى، قۇراللىق ئارقا تىرەكى بارمۇ-يوق؟ فەنياۋنەن 3-زالنى
قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، دىمەك
سۇيىقەست تەييارلىغۇچىنىڭ بۇ ھەقتە ئېنىق ئىقرارى بولمىغاچقا كېيىن-
كى تۈرلۈك گۇمانى پەرەزلەردىن باشقا ھېچقانداق ئاساس يوق.
مەسىلەن: جىن شۇرېن زىياپەتتىن بۇرۇن مەھكىمىگە قايتىپ كەتكەن.
كېيىن يەنە فەنياۋنەننى ئېتىشقا قوماندانلىق قىلغان، ئەھۋالدىن قارىغاندا
جىن شۇرېن سۇيىقەستنى تەييارلاشتا فەنياۋنەن بىلەن بىرلىشىپ مەسلىھەت
قىلغان، فەنياۋنەندىن پايدىلىنىپ ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرگۈزۈپ بولغان-
دىن كېيىن ئاندىن ئۆزى فەنياۋنەننى ئۆلتۈرگەن. ياڭ بىلەن فەن ئىككىسى



ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن بىرىنچى نومۇرلۇق ئەرباب بولۇپ
جۇشىلىق ئورنىدا بىمالال ئۆزى قالدى. جىن شۇرېن مەمۇرى ئەمەل-
دار بولۇپ ھەربى ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئارقا تىرەك
بولۇپ ئىقبال كورسەتكۈچى، ھىمايە قىلىپ جۇشى قىلغان كىشى
جاڭپېيۋۇن ئىدى. جاڭپېيۋۇەننىڭ كورسەتكەن خىزمىتىنى مۇكاپات-
لاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەربى ئۇنۋانىنى لۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ
ئىلى ۋىلايىتىنى راھەت- ھالاۋەت كەيپ-ساپا سۈرۈشى ئۈچۈن
بېرىۋەتكەن ئىدى. جىن شۇرېن چىن كۆڭلىدىن شۇنداق قىلدىمۇ،
بۇمۇ گۇمانلىق. بىزنىڭ شۇچاغدا پەرەز قىلىشىمىزغا ۋە باشقىلارنىڭ
بايان قىلىشىغا قارىغاندا، جىن شۇرېننى ياڭزېڭشىن ئۆز قولى بىلەن
ئۆستۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن دەسلىۋىدە ياڭزېڭشىننى ئېلىپ تاشلاپ ئۆزى
چىقىۋېلىش خىيالىدا بولمىدى، كېيىن فەنياۋنەن ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈش
قەستىگە چۈشكەندە، ئۇنى ئۆز گۇرۇھى ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ
فەنياۋنەن بىلەن مەسلىھەت قىلىشقان بولۇشى كېرەك. (باشقا بىرسىنىڭ
ئېيتىشىغا قارىغاندا: جىن شۇرېن بىلەن فەنياۋنەننىڭ مەخپى پىلانى:
فەنياۋنەن رۇس تىلى مەكتىۋىدە ئوتكۈزۈلىدىغان زىياپەتتە قەدەھكە
تەكلىپ قىلىشنى ئاساسى بەلگە قىلىپ بەلگىلىگەن، جىن شۇرېننىڭ
زىياپەتتىن ئىلگىرى كېتىپ قېلىشى، ئەگەر بۇ سۇيى- قەست ئەمەلگە ئاش-
ماي، ياڭزېڭشىن 3-زالغا قېچىپ بېرىپ قارشىلىق كورسەتسە، بۇنىڭغا
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ياڭ چىڭنەننى 3- زالنىڭ ئوگزىسىگە
مۆكتۈرۈپ قويۇپ ياڭزېڭشىننى شۇ يەردە ئۆلتۈرمەكچى
بولغان،) دەل شۇ پەيتتە جىن شۇرېننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ
جاڭپېيۋەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ فەنياۋنەن 3-زالغا جىن شۇرېن بىلەن

سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتتا ئولتۇرۇۋەتمەكچى بولغان. جاڭ پېيىۋەن جىن شۇرېنغا سادىقەتلىك كۆرسىتىپ فەنياۋنەن بولىدىكەن ئورنىڭىز مۇستەھكەم بولمايدۇ. ئۇنى يوقاتساق جۇشىلىقتا خاتىرجەم بولالايسىز دېگەن. شۇڭا جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، جاڭ پېيىۋەنگە ياخشىلىق قىلىشى لازىم ئىدى. (فەنياۋنەن، ياڭ زېڭشىننى ئولتۇرگەن 7-ئىيۇل كۈنى، مەن مەكتەپتە ئىدىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەرخىل جىددى ئەھۋاللارنى كېيىنكى ئەسلىمىلەردە يازماقچىمەن)

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن قۇمۇل ۋەقەسى قوزغالدى. جىن شۇرېن، لۇشياۋزۇنى ئالدىنقى سەپتە باندىتلارنى يوقۇتۇش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. لۇسىلىك چىڭچىڭزىدا تۇرۇپ قوشۇنلىرىنى ئىككى يولغا ئايرىدى: 1-يولغا جولۇيجاڭ قوماندانلىق قىلىپ، بارىكۆلگە كىرمەكچى بولدى. ئوزۇق-تۈلۈك تەمىناتى ئۈلگۈرمىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولدى؛ 2-يولغا دۇگۇۋجى قوماندانلىق قىلىپ قۇمۇلغا ماڭدى. بۇلار لياۋدۇڭ دېگەن يەرگە بارغاندا تىرە-پىرەن بولدى. دۇگۇۋجى ئۇرۇشتا ئۆلدى. جىن شۇرېن ئالدىراشلىق بىلەن ئىلىدىكى ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ لۇشياۋزۇنى ئالماشتۇرۇپ جاڭ پېيىۋەننى شەرقى يولدا ئوغرىلارنى تازىلاش زۆڭسىلىكى شىڭشىسەيىنى سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلىدى. بۇلار ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر ھەممە ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىل قىلىنغان قىسىملار بولۇپ جەمى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرى كۈچنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. قوشۇننى 3 كە



بۆلدى: سول قاناتقا جىن شۇرېن، ئوڭ قاناتقا ئاشۇردىن، ئوتتۇرا يولغا ليۇشىڭسەن (لەقىمى ليۇكەنداۋ) قوماندان بولۇپ ھەيۋەتلىك ھالدا ئالغا ماڭدى. جۇرۇيشى قۇمۇل شەھىرىنى 6 ئاي ساقلىغاندىن كېيىن جاڭ پېيىۋەن قوشۇنلىرىنى قۇمۇلدا قارشى ئالدى. جاڭ پېيىۋەن قوشۇنلىرى بىلەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى دۇقۇرشۇپ ئۇرۇشقاندا ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش-يېڭىلىشلار بولۇپ تۇردى. ماجۇڭيىڭنىڭ تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي چىڭشەن تاغلىرى ئارقىلىق شەرققە چېكىندى. شۇ ۋاقىتتا جاڭ پېيىۋەن غەلىبىسىرى قوغلاپ ماجۇڭيىڭنىڭ ئاساسى كۈچلىرىنى يوق قىلىۋېتىشقا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى نەزەردە تۇتۇپ قوغلىمىدى. جىن شۇرېنمۇ سەزگۈر ئىدى، جاڭ پېيىۋەنگە ئىشەنچ قىلالماي ئۇنى ئىلىغا قايتۇرۇپ، چوچەك دۇتۇڭى (ۋالىسى) لى خېيۈنى شەرقى يولغا زۆڭسىلىك قىلدى. لېكىن بۇ، جىن شۇرېننىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى.

جاڭ پېيىۋەن ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، جەڭگە جىددى تەييارلىق كۆرۈپ بىر مەزگىل دەۋر سۈردى. لى خېيۈ ئۇرۇش ئۈستىدە ماجۇڭيىڭغا تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭ قەدەممۇ-قەدەم قىستاشقا باشلىدى. ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى «12-ئاپرېل» دا ئۆرۈمچى مەھكىمىسىنى قورشاپ، جىن شۇرېننى قوغلىدى. شىڭشىسەي ئۆزىنى دۇبەن دەپ ئېلان قىلدى. (جەريان تولا، سۆزلەپ كەلسەك بەك ئۇزۇن، شۇڭا ئارتۇقچە توختالماقچى ئەمەسمەن.) جىن شۇرېن ئۆرۈمچىدىن قېچىپ ماناسقا كەلگەندە ئىلىغا بېرىشقا رۇخسەت سوراپ جاڭ پېيىۋەنگە تېلېگرامما يوللىدى. ئۇ ئىلىغا بېرىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ قايتا باش كۆتەرمەكچى بولغان ئىدى. تېلېگراممىدا يەنە شىڭ

شىسەينى يوقۇتۇش ئىشى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن جاڭپېيۇەننى شىنجاڭغا خوجا قىلىش قاتارلىق چۈشەنچىلەرمۇ يېزىلغان ئىدى. جاڭپېيۇەن رەت قىلىپ: جىن شۇرېننى ئالدى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ ۋاقىتلىق دەم ئېلىپ تۇرسىڭىز، مەن توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن سىزنى تەكلىپ قىلىمەن دەپ تېلېگرام ئەۋەتتى ۋە جىن شۇرېنغا 2 مىليون ئالتۇن سوم يوللۇق تۇتتى. شىنجاڭدا تۇرغىدەك يېرى قالمىغانلىقىنى بىلگەن جىن شۇرېن ماناستىن چوچەككە كەلدى چوچەكنىڭ ۋالىسى لۇشياۋزۇ جىن شۇرېننىڭ يېقىن ئادىمى ئىدى، شۇڭا ئۇنى كورۇپلا بورىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىدىڭ دەپ قاتتىق كايىدى. (شىڭ شىسەينى ئەسلىدە ليۇشياۋزۇ نەنجىڭدىن ئالاپ چىققان ئىدى.) جىن شۇرېن چوچەكتىن سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە قايتتى. كېيىن نەنجىڭدە قاماققا ئېلىنىپ شۇ پېتى تۈگەشتى.

1928- يىلى جاڭزىخىڭ، جىن شۇرېننى ھىمايە قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سەممىي سادىق ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆز ئورنىنى تۇستۇرۇشكە ئۇرۇناتتى. 1933- يىلى جاڭزىخىڭ جىن شۇرېننى تەختىن چۈشۈشكە نەسىھەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزى ھەممە توسقۇنلۇقلارنى تازىلىۋاتماقچى بولغان ئىدى. 2 مىليون ئالتۇن سوم خەلقنىڭ قان-تەرى ئىدى بۇنى يىغىۋېلىش ئاسان چۈشمىدى. بۇ پۇلنى، كەمبىغەللەرگە بەرگەن بولسا ماھىيەتتە ئۆزىگە ماڭغىدەك يول قالدۇرغان بولاتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كورىدىغان جاڭزىخىڭ جىن شۇرېننى ماڭدۇرىۋاتقاندىن كېيىن، ئۆزى ماڭغىدەك يول تاپالماي ئۆزىنى ئولتۇرىۋالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى مۇتلەق ئويلىمىغان ئىدى.



## جاڭپېيۇەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىققاندا قارا نىيىتى ھەددىدىن ئاشقان 23 ياشلىق يىگىت ئىدى. 2- قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا جياڭجېشى يېقىندىن ئۆزگەرتىپ تۈزگەن 36- دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىغا بەلگىلىدى. كىشىلەر ئۇنى گاسىلىڭ (بالا سىلىڭ) دەپمۇ ئاتايتتى. ياش شىجاڭنىڭ ئادەملىرى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۆز ئالدىغا مەخسەتلىرى بولغان خۇيزۇ ئاخۇنلىرى، ياپون جاسۇسلىرى، ھەرخىل سىياسىي يانچۇقچىلار بار ئىدى. ماجۇڭيىڭ قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرى خوجانىيازھاجى، يولۋاسلارنىڭ تەكلىۋى بويىچە شىنجاڭغا چىققان ئىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىش جەھەتتە ماجۇڭيىڭ بىلەن يولۋاسلارنىڭ بىرلىكى بار بولسىمۇ، زىددىيەتلىك تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ماجۇڭيىڭدا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھورمەت قىلمايدىغان قارا نىيەت بار ئىدى. يولۋاس قاتارلىقلار خەنزۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشىنى ياقتۇرمىغاندەك خۇيزۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشىنىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆشتۆمنۆت بولۇنۇش، تۇرۇپلا بىرلىشىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇراتتى. ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. جىن شۇرېن جاڭپېيۇەننى يوتكەپ، شەرقىي يولغا زۇڭسىلىڭ قىلىپ 20 مىڭدەك ئەسكىرى كۈچ بىلەن قۇمۇلغا قاراپ ھەيۋەتلىك ئىلگىرىلىگەن ۋاقىتتا، ماجۇڭيىڭ ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى پايقاپ خېمىشى كارىدورىغا چېكىندى. بۇ ۋاقىتتا جاڭ بىلەن ما ئىككىسى بىر-بىرىگە قارشى باشلىقلار

ئىدى. ئۇلاردا ھېچقانداق ئورتاق نىشان يوق بولغاچقا ئۆز-ئارا چىقىشالمايتتى. جىن شۇرېن شىنجاڭدىن كېتىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوشتۇمتۇت بىرلىشىپ ئىككىسى ئاكا-ئۇكىدەك ئىناق بولۇشۇپ كەتتى، بۇ زادى قانداق ئىش؟

12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئاق ئورۇس قىسىملىرى جىن شۇرېننى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشتى. ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ساۋۇت داموللا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتالغان قورچاق ھاكىمىيەت قۇردى. ماجۇڭيىڭ قورال كۈچى بىلەن شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، مابۇفاڭغا ئوخشاش بىر بۆلەك رايونغا خوجا بولماقچى ئىدى، شېڭ شىسەي ئۆزىنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگۈچى دەپ ھېسابلايتتى، جىن شۇرېن يىقىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۇ ۋارىسلىق قىلدى. ئۈرۈمچىدىكى بىيروكراتلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جۇڭياڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىنى خالايتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايىتىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مەخسەتلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلار ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى خۇاڭ مۇسۇڭنى تەشۋىق-تەسەللىي بېرىشكە ئەۋەتتى. ئەمما شېڭ شىسەي، تاۋ مىڭيۇ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭ قاتارلىق 3 ئادەمنى ئۇشتۇمتۇت ئۆلتۈرۈپ، جۇڭياڭغا ۋاستىلىق قارشىلىق كۆرسەتتى. خۇاڭ مۇسۇڭ نائىلاج نەنجىڭگە قايتتى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لوۋېنگەننى لىيۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ جۇشى ۋە دوبەنلىك ۋەزىپىلىرىنى قەسەم بېرىپ تاپشۇرۇپ ئېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاندىن ئىلىغا بېرىپ جاڭ پېيۈەننىڭ 8-دىۋىزىيىسىگە سىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى قەسەم بېرىپ تاپشۇرۇۋېلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لوۋېنگەن بۇ سەپەردە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكالەتەن ۋەز نەسىھەت قىلغىلى كەلگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىيكە قارىغۇدەك ھالى يوق بولغاچقا ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەننى بىرلەشتۈرۈپ شېڭ شىسەيگە قارشى قويۇش پىلانىنى ئويلايتتى. ما بىلەن جاڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشقانلار بولغاچقا، ئۇلارنى نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش تەس ئىدى. بۇلارنىڭ مۇجادىلىسىگە قولۇلىلەر چىشلەشسە بېلىقچىغا پايدا دېگەن تەمسىل دەل كېلەتتى. خارجىي ئىشلار بۇجاڭى لوۋېنگەننىڭ بۇ رولنى ئېلىشى مۇۋاپىق ئىدى. جاڭ زىخىڭ بولسا بىر «تومتۇۋاق» ئەسكەر بولۇپ جۇڭياڭدا ھېچقانداق يىلتىزى بولمىسىمۇ جۇڭياڭ يەنىلا كۆچەپ ئۆزىگە تارتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا لوۋېنگەن ئىلىدىن قايتقاندا جاڭ زىخىڭ ئۇنىڭغا بىر قانچە مىليون يۈەن قىممىتىدە بولغان مۈڭگۈزى، بۇلغۇن تېرىسى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق قىممەت باھا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوغا قىلغان. لوۋېنگەن جاڭ زىخىڭغا بىر مۇنچە يوللارنى كۆرسەتتى: 1 - ماجۇڭيىڭ بىلەن ياخشىلىشىش؛ (لوۋېنگەن ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان) 2 - ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كۆپىنچە ئىلىدا بولغاچقا، ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بېرىش ئارقىلىق ئاق ئورۇسلارغا خەت يازدۇرۇپ، جاڭ زىخىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇندۇرۇش، يەنە ئايرىم ئادەم ئەۋەتىپ ئاق ئورۇسلار بىلەن ئالاقە باغلاش؛ 3 - چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قاۋۇل ئادەملەرنى قولغا كەلتۈرۈش، شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا يارامىلىق ئا-

دەملەر تولا دىدى؛ 4 - جۇڭگولۇق ئەلۋەتتە ۋەتەننى سۆيۈشى كېرەك، شىنجاڭ سوۋېت بىلەن چېگرىداش، ئەلۋەتتە دولەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش لازىم ۋە باشقىلار. جاڭ زىخىڭ قوپال - قارام شۇڭا ئۇ نەنجىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئەۋلىياغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ، ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشلەپ، شىڭ شىسەيگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى ساقلاش ئىدىيىسىگە ماقۇل كەلگەن ئىدى.

## جاڭ پېيۈەن بىلەن شىڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى

جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى دۈشمەنلىكتىن - دوستلۇققا، شىڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دوستلۇقتىن - دۈشمەنلىشىشكە قاراپ رىۋاجلاندى. جاڭزىخىڭ شەرقىي يولدا زۇڭسىلىڭ بولغاندا شىڭشىسەي ئۇنىڭغا زۇڭسەنمۇ بولۇپ مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن يېقىن ئىدى. شۇنىڭدەك جاڭ زىخىڭ شىنجاڭغا كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان، ياشى جەھەتتىمۇ ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ قېرىنداش قىسىملار ئىدى. شىڭشىسەي، جاڭزىخىڭغا خېلى ھۆرمەت قىلاتتى. بىراق كېيىنچە شىڭشىسەي جاڭ زىخىڭنى كوزىگە ئىلماي ھەر تەرەپتىن ئېھتىيات قىلدى. 1 - جاڭزىخىڭ، جىن شۇرېننىڭ ئىلىغا بېرىش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىغا قاراپ، شىڭ شىسەي جاڭ زىخىڭ بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان تالىشى بار، جاڭ زىخىڭدا شىنجاڭغا نىسبەتەن قارا نىيەت بار دەپ ئىسپاتلىدى؛ 2 - جۇڭگياڭ جاڭ زىخىڭنى ئۇشتۇمتۇتلا جۇڭگياڭغا قاراشلىق 8 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىن قىلغىنىغا قاراپ، جاڭ زىخىڭ نەنجىڭ بىلەن تىل



بىرىكتۈردى دەپ قارىدى؛ 3 - جاڭ بىلەن ما نىڭ بىردىنلا ياخشىلاشقانلىقى، بىرلىشىپ شىڭ غا قارشى چىقماقچى؛ 4 - ئاق ئورۇس قىسىملىرىنى ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ 5 - جاڭ زىخىڭ ئىدىيە جەھەتتە سوۋېتكە ۋە كوممۇنىزىمغا قارشى، شۇڭا سوۋېتلىكلەر قارشى ئالمايدۇ؛ 6 - جاڭ زىخىڭ نەپسىگە، ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلگەن، ھېچقانداق قابىلىيىتى يوق، شۇڭا چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ دەپ ھېساپلايتتى. دىمەك ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا بۇ ئىككىسىنىڭ يوشۇرۇن كۆرەشلىرى ئەنە شۇنداق كەسكىن ئىدى.

## جاڭ پېيۈەن مەغلۇبىيىتىنىڭ ئوتمۇشى

ئۇ ۋىنگەن 1933 - يىلى 10 - ئايدا ئىلىدىن كەتكەندىن كېيىن، جاڭزىخىڭ جىددى ھەركەتكە كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ فۇگۇەنجاڭى شۈيخۇەنجاڭنى ھەركەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، بۇنى سەزگەن شىڭشىسەي شۈيخۇەنجاڭنى قولغا ئالدى. شىڭشىسەي يەنە ئاق ئورۇس قىسىملىرىغا نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر بىز بىلەن بىرلىكتە ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار، ماجۇڭيىڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، ھازىر جاڭپېيۈەن ئوغرىنى ئاتا تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، سىلەرنى دۈشمەنگە سوغا قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالدا سىلەرنىڭ يەنە قانداق ھايات يولۇڭلار بولسۇن؟ جاڭپېيۈەنگە سادىق بولغىنىڭلار ياخشىمۇ؟ ياكى مېنىڭ قوماندانلىقىمنى ئاڭلىغىنىڭلار ياخشىمۇ؟» ئاق ئورۇس قىسىملىرى دوبەنگە سادىق بولىمىز، دوبەننىڭ سوزىنى ئاڭلايمىز، جاڭزىخىڭغا تەسلىم بولمايمىز دەپ قەسەم قىلىشتى.

18 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، دۇڭبېيدىكى سۇبىڭۋىن قاتارلىقلارنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدىن بىر قىسمى سوۋېت زېمىنى ئارە

قىلىش شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆل-
كىلەرگە قايتىپ بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماقچى ئىدى.
شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى جۇڭگىياڭغا تېلېگرام يوللاپ بۇ قى-
سىملارنى شىنجاڭدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى ماقۇل بولدى. شىنجاڭدا قالدۇرغان دۆڭبېي پىدائىي قوشۇن-
لىرىنىڭ ھەربىي تەشكىلى بار بولسىمۇ، قۇرالى يوق ئىدى. (بۇلار
سوۋېت يېرىدىن ئۆتكەندە قۇراللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاپشۇ-
رىۋالغان) شىن جەنچىڭ شىجاڭ، 25 - لۇيىنىڭ لۇيجاڭى ۋاڭ شياۋزى،
26 - لۇيىنىڭ لۇيجاڭى يۈي دېيى، سەنمۇجاڭ خۇسۇگتاۋلار بىلەن
نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەلگەن ئىدى. شىجاڭ بىلەن 25 -
لۇي ئىلىدا قالدى، قالغانلىرى ئۈرۈمچىگە كەلدى. جاڭ زىخىڭ
بىلەن شىن جەنچىڭنىڭ دوستلۇقى بەك ياخشى ئىدى. شىن جەنچىڭ كې-
يىنرەك ئۈرۈمچىگە كېلىپ شى شىجاڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچى - ئىلى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى سۈلھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىغا
كەتتى. بۇلار ماناسقا كەلگەندە ياڭ جىڭجۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-
دى. دېمەك جاڭ پېيىۋەن دۆڭبېي ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئورنى-
غا ئۇلارنى شىڭ شىسەيگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى.

جاڭ زىخىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم
قىلىشقا توختام قىلىشقان بولسىمۇ، قارا نىيەتلىك جاڭ زىخىڭنىڭ
كاللىسى ئايلىنىپ ۋەزىيەتنى بەكمۇ ئاددىي مۆلچەرلىگەن ئىدى،
ئۇنىڭ خىيالىچە ما جۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۇرۇشسا ئۆزى
چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرمەكچى بولدى. شىڭ مەغلۇپ بولغان
تەقدىردە ما جۇڭيىڭمۇ ھېرىپ كاردىن چىقىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ
قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ ما جۇڭيىڭنى باستۇرۇۋەتمەكچى بولدى.



ئەگەر ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولسا شىڭ شىسەينى يوقىتىپ، ئۆزىلا
غالىبىيەتكە ئېرىشمەكچى بولدى. شىڭ شىسەي جاڭ بىلەن مانىڭ
ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقاتتى ۋە بۇ
ئىككى كۈچنى يوق قىلىپ تاشلىيالىسام ئەڭ ئاخىرقى غالىبىيەت مې-
نىڭ بولاتتى، دەپ خامچوت سوقاتتى. ما جۇڭيىڭ كۈچلۈك بولۇپ
داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ ياۋماۋشەن تاغلىرىنى ئىگەللەپ، ئۈرۈمچىگە بېسىپ
كىرىش خەۋپىنى تۇغدۇرىۋاتقان ئىدى. لېكىن شۇ چاغقىچە جاڭ زىخىڭ-
نىڭ قوشۇنلىرى كۆرۈنمىگەنلىكتىن ما جۇڭيىڭ ئۇنى ۋەدىسىگە تۇرمىغان
سالپاڭ قۇلاق دەپ قاتتىق تىللىدى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسلى
كۈچى خېلى كۈچىيىپ ئۈرۈمچىنى قامال قىلىۋالغان ئىدى. شىڭ
شىسەي خارجى ئەرباپ چېڭ دېلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپا -
قىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىم
تۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولۇپ
ئالدى بىلەن جاڭ زىخىڭنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا
جاڭ زىخىڭ قوشۇنلىرى ھەيۋەت بىلەن شەرققە قاراپ ماڭغان ئىدى.
ياڭ جىڭجۇڭ قوماندانلىق قىلغان ئالدىنقى قىسىم شىخونى
ئىشغال قىلىپ ماناسقا قىستاپ كەلدى. جاڭ زىخىڭ ئۆز قوراللىرىنىڭ
ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەخسەتلىك ئارقىغا سورەپ، ما جۇڭ-
يىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۇرۇشۇپ ھالسىزلانسا ئاندىن ھۇجۇم قىلماقچى
بولدى. جاڭ زىخىڭ ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، ھەممە قىسىملىرىنى
ماناس ئەتراپىغا توپلىغان پەيتتە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قور-
غاس ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ ئازغىنا كۈچ بىلەن ئىلىنى ئىشغال
قىلدى، جاڭ زىخىڭ ئۆزى كۈرەدىن قوزغالمىغان ئىدى. سوۋېت ئايروپى
لانلىرى كېلىپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. سوۋېت قوراللىق

ئارمىيىسى كۆرەنلىك شىمالى دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. جاڭ زىخنىڭ ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى بىلىپ، دۈگىبى ئارمىيىسى ۋاڭ شياۋچىننى شەھەر مۇداپىيەسىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى ماشىنىدا ئائىلە تەۋەلىرى ۋە يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ موزات تەرەپكە قاچتى. موزات يولى شىمالى شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان ئەڭ يېقىن يول، جاڭ زىخنىڭ ئىلاجىسىز جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان ئىدى. چۈنكى ئىلى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ھەممىلا يەرنى دۈشمەن قاپلىغان ئىلگىرلەش چېكىنىشنىڭ ھەممىسىدە ئۆگىشىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ئارمىيىسى قوغلاپ زەربە بەرمەكتە، قارشى تۇرغىدەك دەرمان يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ جاڭ زىخىڭنىڭ شىرىن چۈشلىرى ئۇزۇل-كېسىل بەرپات بولدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، ئالدى-ئارقىدىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەردىن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ سوربوسۇن مازارىغا يەتكەندە، ئادەملىرىگە كىگىز ئۆي تىكتىشكە بۇيرىدى. كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ ۋەسىيەتنامە يازدى. ۋەسىيەتتە: مېنىڭ سەۋەنلىكلىرىمدىن شىنجاڭ خەلقىنى جەبرى-جاپالارغا گىرىپتار قىلدىم. ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يۈزۈمنى كوتۈرۈپ يۈرگىدەك يېرىم قالمىدى. دەپ يازدى. ۋەسىيەتنىڭ ئاخىرىدا تورت نۇقتىنى قوشۇمچە قىلىپ ئۇنىڭ 3-سىدە «3-خوتۇنى خۇ خانىمنى شىڭ شىسەيىنىڭ قاراپ قويۇشىغا، ئەمەلدارلىق شەنسىنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىغا تاپشۇرغانلىقى ئىسىمدە تۇرۇپتۇ. دېمەك ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئايالىنى دۈشمەنگە تاپشۇردى. جاڭ زىخنىڭ ۋەسىيەتنى يېزىپ بولۇپ، يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ئادەملىرىنى كىگىز ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلىۋالدى. سوۋېت تەرەپ جاڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كەتتى.



ياڭ جىڭجۇڭ سوۋېت ئارمىيىسى سۈيدۈڭنى ئېلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىلىغا قايتىدۇ. ياڭ ئەسلىدە جىن شۇرېننىڭ كونا ئادىمى بولۇپ خەلققە نىسبەتەن ۋەھشى-قارام ئىدى. جاڭ زىخىڭنىڭ ئىلىدا تۇرۇشىنى ياقلاپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئارمىيىسى 2-قېتىم شىنجاڭغا كىرگەندە، ئۇمۇ جاڭ زىخنىڭ ماڭغان يولىغا چۈشۈپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭدى.

جاڭ زىخىڭنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى، سوۋېتكە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغدىماقچى بولغانلىقى لوۋېنگەن ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن مۇقىملاشقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا جاڭ زىخىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن پەن تۇڭ، ئەن شىچاۋ، دېي لىنشيەن، ما جۇڭلۇ، تاڭلۇ قاتارلىقلار ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىشنىڭ پايدىسى يوق، ياخشىسى جىن شۇرېننى ئىلىغا ئېلىپ كېلەيلى، جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 20 مىڭ قورال سېتىۋالسا بىر تەرەپتىن جىن شۇرېن چاقىرىقنامە ئېلان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇپ بىرلىكتە شىڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلساق، چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا جاڭ زىخنىڭ قۇلاق سالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىشەنگەن ئادىمى لىيۇ جىنۋېن (خۇنەنلىك) ئىنتايىن مەككار قۇۋ ئادەم بولۇپ، لىيۇ شەيتان دەيدىغان لەقىمى بار ئىدى. جاڭ زىخنىڭ ئۇنىڭ كورسەتكەن پىلانلىرىدىن چىقمايتتى. لىيۇ جىنۋېن پۇرسەتپەرەس سىياسەتچى ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن جاڭ زىخىڭغا ياخشىچاق بولوپ، جاڭ زىخىڭنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيىنى ئاغدۇرۇشىغا يول قويماتتى، ئىش ئەمەلگە ئاشسا خىزمەت كورسەتكەن

بولدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا
قۇيرۇقنى تىكىۋېتەمەكچى ئىدى. ئەسكەرلەر شەرققە ماڭغاندا ليۇ-
جىڭۋېن تۇققان يوقلاش بانىسى بىلەن ئۆيىگە كېتىپ قىيىن كۈن-
لەرنى كۆرمىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا جاڭ زىجۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە
ياڭ چىڭجۇڭ قىسىمىدا سەنرۇ ئىدىم. ياڭ ئارقىغا يانغاندا يول
ئۈستىدە قول ئاستىدىكى باشلىق ۋە ئەسكەرلەردىن خېنەن ۋە سەن-
دۇڭلۇقلەرنىڭ بىردىنى قالدۇرماي ئېتىپ تاشلىدى.

قولۇمدا پايدىلانغىدەك ماتىرىيال بولمىغىنى ئۈچۈن، قەلىمىمگە
ئىشىنىپ بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. خاتا بولغان، قەپقالغان يەر-
لىرى بولىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن
باشقا ئاغىنىلەرنىڭ تولۇقلاپ تۈزۈتىشنى ئۈمۈت قىلىمەن.



# شىنجاڭنى تىنچ ئازات قىلىش يولىغا باشلاش

تاۋسىيۇي

## 1

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق يۈزمىڭغا يېقىن ھەربىي قىسىملىرى، شىنجاڭدىكى گارنى-
زۇن شتاۋىنىڭ پىلانلىق يېتەكلىشى ئاستىدا گۋاڭجۇ گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ،
خەلق دېموكراتىيە سېپىگە ئۆتۈپ، تېلېگرامما ئارقىلىق ھەققەتكە
قايتتى. ئارقىدىنلا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارمى-
غىدىكى ئورگانلار، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى؛ باش كاتىپ
ليۇمىڭچۈن، ھەيئەت چۈيۋۇ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى
قوبۇل قىلىپ، تېلېگرامما يوللىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات
بولدى.

شۇ ۋاقىتتا ھەققەتكە قايتقان قىسىملار، شىنجاڭ گارنىزۇن
باش شتاۋى تەرتىپكە سېلىپ قايتا رەتلىگەن 42 - دىۋىزىيىگە قا-
راشلىق 128 - 65 - ئاتلىق 8 - 9 - ئاتلىق قاتارلىق 4 بىرىگادا (لۇي)،
قايتا تەرتىپكە سېلىنغان 718 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق 176 - 178 -

179 - قاتارلىق 3 بىرىگادا، قايتا رەتلەنگەن ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق 1 - 2 - ئىككى بىرىگادا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بىرلەشمە تەمىنات باش شتاۋى سىستېمىسىدىكى ماددىي تەمىنات باشقارمىسى ۋە ھاۋا ئارمىيە خىزمەتچى خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ماۋجۇشى، جۇزۇگىسىلىڭ، مۇئاۋىن زۇگىسىلىڭ پىڭدېخۇەيگە ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا: «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوپېتسېر ۋە جەڭچىلەر 3، 4 يىلدىن بېرى، گېنېرال جاڭ ۋېنبەينىڭ (ۋېنبەي جاڭ جىجۇڭنىڭ كىچىك ئىسمى - ت) چوڭقۇر رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچ بولۇش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، دۆلەتنى قوغداش، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش خەلقنى ئاسراش ۋەزىپىمىزنى باشتىن — ئاياقىچە بىردەك ئىجرا قىلىپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمالدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولدى، شىنجاڭ ئۆلكىسى گەرچە يىراق چېگرىدا بولسىمۇ ھەر مىللەت خەلقى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ بىر يۈرۈش سىياسىي تەشەببۇسلىرىغا سەممىي ئارزۇ - ئۈمىتلەر ئىچىدە ئىتائەت قىلىپ، شۇ يەرنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ چېگرا رايونلارغا بولغان ئىنقىلاۋى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، پۈتۈن ئارمىيىدىكى جەڭچى - ئوپېتسېرلارغا تېزلىكتە خەلق دېموكراتىك سېپىگە ئۆتۈپ، دۆلەتكە خىزمەت كۆرسىتىشكە نەسىھەت قىلىپ تۇردى. تاۋ - سىيۇي باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق تەرەپنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئار - نومۇس، شان -



شۆھرەتلەرنى ئالدىقاچان بىر چەتكە قايرىپ تاشلىدى. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىنتىزار بولغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان، يېڭى جۇڭگو تىنچ قۇرۇلۇش پارلاق يولىغا قەدەم قويىغان بىر پەيت. شىنجاڭ بولسا جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەت چېگراسىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن، ئاۋات ۋە قۇدرەتلىك بولۇشتەك پارلاق ئىستىقبالىغا نىسبەتەن قىزغىن ئارزۇ - ئۈمىتلەرگە تولۇپ - تاشقان. خەلق ئىنقىلاۋى ئىشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنلاشقا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە چوڭقۇر تىلەكداش. تاۋشىيۇي قاتارلىقلار پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوپېتسېر - جەڭچىلەرنى باشلاپ، تەنتەنىلىك بىلەن شۇنى ئېلان قىلىمىزكى: بۈگۈندىن ئېتىۋارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، چىن قەلبىمىزدىن ماۋجۇشىنىڭ 8 تۈرلۈك تىنچلىق باياناتى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق توختام نامىسىنى قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن ئارمىيە ئۆز ئورنىمىزدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ يەرلىك تەرتىپ - ئىنتىزامنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلاۋى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيە باش شتاۋىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشقا تەييارمىز. تېلېگراممىنى قوبۇل قىلغايسىزلەر. ئېھتىرام بىلەن يولىيورۇق كۈتىمىز.»

ماۋجۇشى جۇدې زۇگىسىلىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ئوپېتسېر - جەڭچىلەرگە 28 - سېنتەبىردە يوللىغان تېلېگراممىسىدا: «سىلەرنىڭ 25 - سېنتەبىر كۈنى يوللىغان تېلېگراممىلارنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە: سىلەرنىڭ مەيدانىڭلار توغرا. سىلەر گۇاڭجۇ

ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، خەلق دېموكراتىك سېپىگە قايتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلاۋى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈۋاتقانلىقىغا توغرۇلۇق بايانات ئېلان قىلدىڭلار. بۇخىل پوزىتسىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. بۇنىڭدىن بىز ئىنتايىن خوشالمىز. سىلەرنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە يەرلىك تەرتىپ-ئىنتىزامنى ساقلىشىڭلارنى، شۇنىڭدەك ئىچكىرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ كونا تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كورەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.» دېگەن.

مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇۋەينىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسىدا: «گېنېرال باشچىلىقىدا ھەربىي قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ، ئەكسىيەتچى لاگېردىن ئايرىلغانلىقى خوشاللىنارلىق بىر ئىش. ئىلغارلىقتا چىڭ تۇرۇپ، قىسىملارنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كورەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىلگەن.

ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىلغان كورەشلەر ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ماۋجۇشى، جۇزۇڭلىلارنىڭ جاۋاپ تېلېگراممىسى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز ھاياجانلاندى.



## 2

شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى ئىنتايىن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىردىنلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئالدى-كەينىدە سەۋەپلەر نۇرغۇن.

1943-يىللاردىلا شىڭشىسەينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي تەۋەككۈلچىلىكى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن؛ گومىنداڭنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا سىڭىپ كىردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن 1944-يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتە مىللىي خەلق قوراللىق ئىنقىلاۋى قوزغۇلۇپ، 1945-يىلى 9-ئايدا ماناس دەرياسىنىڭ قىرغىقىچە قىستاپ كەلگەن جىددىي ۋەزىيەت پەيدا بولدى. شۇچاغدا گېنېرال جاڭجىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى پەقەت تىنچلىق يولى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، تىرىشچانلىق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 1946-يىلى يازدا ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق بىتىم ئىمزالىدى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا ھەرمىللەت ئەرباپلىرى قاتناشقان دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. «تىنچلىق بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق»دىن ئىبارەت سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق دېپلوماتىيە سىياسىتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شىتاۋى قۇرۇلۇپ، مەن كېلىپ بىر مەزگىل بۇ ئىشنى باشقۇردۇم.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن سۇلغىشلىيەن تەيىنلەندى. يۇقۇرقى تەدبىرلەردىن
كېيىن، ئىچكى جەھەتتە ئۇرۇش توختاپ، تاشقى جەھەتتە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە تىنچ ھالەت
بارلىققا كەلدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى تىنچلىق بىلەن ئازات
بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كورسەتتى.

1947 - يىلى يازلىقى، بىرمۇنچە ئىشلار دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇ-
مەتنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئىلى چوچەك، ئالتاي 3 ۋىلا-
يەت ئەرباپلىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ
ۋەزىيىتىدە بىر مەزگىل قاتمال ھالەت پەيدا بولدى. گېنېرال
جاڭجىجۇڭ: بۇنداق كېتىۋەرسە، شىنجاڭدا قان توكۇلۇش خەۋپى
بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شىنجاڭ ھەربى ۋە مەمۇرى مەسئول
لىرىنى تەگىشەشتىن كورە، ئالدى بىلەن ھەربى ئىشلار مەسئوللىرىنى
تەگىشەپ بېكىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا مەن
1948- يىلى كۈزدە غەربى شىمال مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ۋەزىپىسىگە قوشۇمچە قىلىپ، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باشقوماندانلىق
ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. مەن خىزمەت تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن
شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا جاڭجىجۇڭ لەنجۇدىكى ئۆز مېھمانخانىسى-
دا ماڭا دولەت ئىچىدە تىنچلىقنى يولغا قويۇش توغرىسىدا جاڭ-
جېشىغا نەچچە قېتىم يازغان تەكلىپ خاتىرىلىرىنى كورسەتتى،
شۇنىڭدەك بۇندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشلار توغرىسىدا سوزلۇشۇپ
شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چىقىش يولى مەسىلىسى توغرۇلۇق كوڭۇلدە
بىلىشىپ بىر تۈختامغا كېلىشىۋالدۇق.

1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شەرقى - شىمالدىكى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرى تامامەن يوقۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئار-



قىدىنلا تيەنجىن ئازات بولدى. بېيپىڭ تىنچ بىر تەرەپ بولۇشى
مۇزاكىرىسى باشلاندى. دولەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت تىز تەرەققى
قىلدى. گېنېرال جاڭجىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى موھاكىمە قىلىپ
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، تىنچ ھالەتنى ساقلاپ، دېموكرا-
تىك ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئامال قىلىپ ئىلى، چوچەك،
ئالتاي 3 ۋىلايەت بىلەن بىرلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ «تىنچ تاپ-
شۇرۇپ بېرىش» تەييارلىقىغا ئۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

1948 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن پىلان
بويىچە شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنى ئوزگەرتىپ تەشكىللىدى.

شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى- پانتۈركىست مەسئۇ-
تنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدىنى رەئىسلىككە تەيىنلەپ، 3 ۋىلايەت
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ ھالىتىنى
ساقلاپ قېلىشنىڭ كاپالىتى قىلدى.

شىنجاڭدىكى سىياسى مۇناسىۋەت ئەندى تەگىشلىۋاتقان پەيت
تە، ھەربى بېسىم يەنىلا ئارقا - ئارقىدىن تەھدىت سالدى. ئىچكى
ئولكىلەردىكى جاھىللار شىنجاڭدىكى بىر نەچچە تۈمەن ھەربىگە
شۇلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېتىپ، زەمبىرەك يېمى
قىلىشنى كوزلەيتتى.

1949 - يىلى 2- ئايدا لىزۇڭرېندىن شىنجاڭنى قوغداش
ۋەزىپىسىگە بىر - بىرىگەدىنى قالدۇرۇپ قالغان قىسىملارنى ئىچكىرى-
گە يوتكەپ، ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرامما
كەلدى. مابۇفاڭ ئاتلىق 1-دىۋىزىيەنى چىڭخەيگە يوتكىمەكچى
بولدى. سوڭشىلىيەنمۇ ئوفىتسېر تەربىيىلەش كورسىنىڭ ھەممىسىنى
ۋە بارلىق قورال - ياراقلارنى ئىچكىرىگە يوتكىمەكچى بولدى. بۇ

قىسىملارنىڭ سوستاۋى مورەككەپ بولۇپ، زادى يوتكىلىشنى ئاڭلامدۇ؟ ئاڭلىمامدۇ بۇ پەقەتلا مېنىڭ پىكرىمگە باغلىق ئىدى. كوز قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قايتا رەتلەنگەن قىسىملارنىڭ نامى بىلەن، دېۋىزىيە بىردىگادا باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى. نەتىجىدە پىكىردە ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ، پەقەت بىرلىككە كېلەلمەي، كونكرېت قارار ماقۇللىنالمىدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا بېقىپ، ئاخىرى ئۆزەم ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ئارقىغا سۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قاتناش-ترانسپورتىنىڭ قىيىنلىغى، سەپەر پىلانىنى چوڭراق مەلۇم قىلىپ يول راسخوتىنى كوپرەك ئېلىشنى تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر تەدبىرى دەپ ھېس قىلدىم. مەن بولسام كوپرەك بانا سەۋەپ تېپىپ، نەنجىڭ، گۇاڭجۇغا بارماسلىقتا چىڭ تۇردۇم. قىسىملارنىڭ يوتكىلىشىنى رەت قىلىش، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. ئارقىغا تارتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزى چىقىش يولى بولدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن پەقەت مۇشۇ چارىلا ئۈنۈملۈك بولدى.

يۇقۇرقىدەك بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئارقىغا سۈرۈش مۇمكىن، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا قىسىملارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىش بۇ پەقەت پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە باغلىق ئىدى.

## 3

شىئەننىڭ ئازات قىلىنىشى، غەربى شىمالنىڭ ۋەزىيىتىدە ئوزگىرىش پەيدا قىلدى. ۋاقىت كۈندىن-كۈنگە قىستىغلى تۇردى.



1949-يىلى 7-8-ئايلاردا ھەقىقەتكە قايتىش ئوغۇرىسىدا غۇلغۇلا بولۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ليۇ مىڭچۈن (غەربى شىمال مەھكىمىسىنىڭ مىشۇجاڭى قوشۇمچە ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مىشۇجاڭى) تاۋجىنچۇ (گارنىزون شتاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى) چىۋىۋۇ (ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئىتى قوشۇمچە ئورۇمچى شەھەر باشلىغى) ليۇزېرۇڭ (شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددا دىپلوماتىك خادىم) لياڭ كېشۈن (گارنىزون شتاۋىنىڭ سىياسى باشقارما باشلىغى) قاتارلىقلار ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەھلىل ۋە ئىنكاس قىلدى. پۇرسەت تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەچكە ھەر قانداق كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ مەن ھېچقانداق پوزىتسىيە ۋە ھېسسىيات بىلدۈرمىدىم. ئەمما گارنىزون شتاپ رەھبەرلىگىنىڭ پىكرى قەتئىي تۇردە بىردەك بولۇشى، جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ ھەركىتى چوقۇم بىردەك بولۇشىنى كوزدە تۇتۇپ مەن 25-ئاۋغۇست ئەتراپىدا، ماددى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىغى خې جياجۇڭ، سىياسى باشقارما باشلىغى لياڭ كېشۈنلار بىلەن بىرگە قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ-تەمىنات خىزمىتىنى تەكشۈرۈش نامى بىلەن، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق فۇ سىلىڭى قوشۇمچە قايتا تەشكىللەنگەن 42-دېۋىزىيىنىڭ قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ بىلەن قاراشەھەردە ئۇچراشتىم. شۇ ۋاقىتتىكى مەخپى سوھبەتكە باشقا كىشى قاتناشمىدى. جياۋ ئەسلىدە قىسىمنىڭ ئىچكىرىگە يوتكىلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى، ھەقىقەتكە قايتىشقا ئىنتايىن قوشۇلىدىغانلىغىنى، جەنۇبقا ئوزى مەسئۇل بولىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. شەرقى شىنجاڭ يەنى جيۇچۈەن

بولسا بىر دەرۋازا، خېشى گاردورى نەق لەنجۇنىڭ چېكىنىش يولى. پېڭ لودىڭ (غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى) زىڭ جىڭۋۇ (بابوجى رايونىنىڭ سىلىڭى) ئىككىسى لەنجۇدا يۇشۇرۇن كېلىشىپ شىنجاڭغا ئوز ئارا ھەمنەپەس بولۇپلا قالماستىن بەلكى جيۇچۇەننىڭ تېچ ئازات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۈيمىن نېفىتلىگىنىڭ ئامانلىغىنى قوغداشتا ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كورسەتتى. ئۇ چاغدا ما بۇفاڭ غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ جاڭگۇەنى ئىدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىچىدە ئۇنىڭ يولىيورىغىنى ئەڭ ئاڭلايدىغىنى ئاتلىق بىرىنچى دىۋىزىيەنىڭ باشلىغى ما چىڭشياڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلەن: قايتا رەتلەنگەن 78 - دىۋىزىيە باشلىغى يې چىڭ، بىۋاستە قاراشلىق 179 - بىرگادىنىڭ باشلىغى لۇشۇرېن گەرچە خۇزۇڭنەن سېستېمىدا بولسىمۇ لو بىلەن ما بىلەك يېقىن دوست ئىدى. يې بولسا ئارىلىقتا تۇراتتى. كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىدىيىسى ئىدى. لەنجۇ ئۇرۇشى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى قىسىملارنى ئىچكىرىگە يوتكەش مەسىلىسى يەنە باش كوتۈرۈپ قالدى. ما چىڭشياڭنى مەركەز قىلغان ھالدا لۇشۇرېن ئەملىي پىلان تۈزۈپ، ئىچكىرىگە يوتكەشنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى پەقەتلا قوللىمايتتى. قوماندانلارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق مۇرەككەپ، ئەگەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بولىدىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. يې چىڭ، ما چىڭشياڭ ۋە لوشۇرېنلار بىلەن ئىچكىرىگە يوتكۆلۈشنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ، سوھبەت ئېلىپ باردىم. ئال-



دى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئوز ئالاھىدىلىگى بويىچە، شۇ ۋاقىتتىكى مەملىكەت ۋەزىيىتىگە ئاساسەن شىنجاڭدا قانداق قىلىش كېرەك؛ دەپ سوھبەت باشلىدۇق. بۇ توغرۇلۇق كېچە - كۈندۈز سوزلەشتۇق. سوھبەت دائىرىسى كەڭ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچكىرىگە يوتكۆلۈش خىيالىدىن ۋاز كېچىشىنى، ھەقىقەتكە قايتىشقا ئائىت ھەر قايسى ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا توسقۇنلۇق قىلماسلىغىنى ئۈمىت قىلدىم. زورۇر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ شەخسەن ماددى ئىززۇامىنى قاندۇرۇش ئامالىنى كورمەكچى بولدۇم، بۇ كىشىلەرنى سىياسى جەھەتتىن بىردىنلا 180 گىرادۇس بۇرۇلۇش قىلدۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. كوپرەك پايدا - زىيان تەرەپتىن ئۇلارنى تەدرىجى قايىل قىلىش مۇمكىن بولاتتى. لەنجۇ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئازات بولۇشقا يۈزلىنىپ، پۇرسەت ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەندە پوزىتسىيەمنى ۋە كوڭلۈمدىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرى كەلدى:

«ھەر كىمنىڭ ئوز ئالدىغا كوز قارىشى بولىدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئەركىنلىگىگە ئارىلاشماسلىغى كېرەك. ئەمما پايدا - زىياننى، ھەق - ناھەقنى چوقۇم ئېنىق تونۇش، ئوز خاھىشى بىلەن ئىش قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر بەزىلەر ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللىمىسا، يەنى تېچلىقنى كېرەك قىلمىسا، ئۇنداقتا، تېچلىقنىڭ ئەكسى ئۇرۇش بولىدۇ. ئۇرۇشتىن سوزلىسەك، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئارقا سەپ تەمىنات ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇرۇش قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى قىسىملىرىمىز گەرچە ئون تۈمەن دېيىلسىمۇ، لېكىن تازا كۈچەپ ئىشلەتكەندە، ئوز - ئارا ھەمكارلىشالمايدۇ. ھەربىي ئىشلاردىن

بولسا بىمۇ
يول...

...نىڭلار ئارقىمۇ - ئارقا قولدىن كېتىدۇ. تاش-
...ر. چېكىنىشكە يول يوق، ترانسپورت قىيىن،
...ئاستىدا، بىز ئۇرۇش ئېلىپ بارالايمىزمۇ - يوق؟
...ئېيتقاندا، شىنجاڭ مەسىلىسىدە جۇغراپىيە شا-
...ر... مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت. بۇنى ھەرگىز نوقۇل
ھەربى مەسىلە دەپ قارىماسلىق كېرەك. شۇڭا بىزنىڭ ئاساسى
سىياسىتىمىزدە، پۈتۈنلەي تىچلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىش شۇنداقلا
سىياسى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، دو-
لەتكە، خەلققە ھەم ئۆزىمىزگە زىيان بولسا بولىدىكى
قىلچە پايدا يوق، ئەگەر بىز ئۆزلىگىمىزدىن تەشەببۇسكارلىق
قىلىپ، تىچلىق بىلەن ئازات بولۇشنى قولغا كەلتۈرمىسەك، ئۇ ھالدا
ئون تۈمەن ئۇيپىتسىر - جەڭچىلەر قارغۇلارچە ھالاك بولىدۇ. يەر-
لىك تەرتىپ قالايمىقانلىشىدۇ، خەلق سەرگەردان ھەم سەرسان بو-
لىدۇ، مىللى ئۆچ ئېلىش قىرغىنچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى مۇقەررەر ئاقىۋەت. مۇبادا ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،
تىچلىقتىن ۋاز كەچمىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۇرۇشمۇ قىلالمايدىغان،
كېلىشىممۇ تۈزەلمەيدىغان باسقۇچقا يۈزلىنىپ، يا ئالدىغا باسالمايدى-
غان، يا كەينىگە قايتالمايدىغان قىيىنچىلىققا دۇچار بولىمىز. بۇنداق
قىلىپ نىمە جاپا؟ مەن ئۆزەمنىڭ شەرەپ - نامۇس، ھايات - ماماتى
ئۈستىدە توختالسام بۇنى ئاللاقاچان بىر ياققا قايرىپ قويدۇم.
كويچىلىك ئۆزەڭلار تاللاڭلار! » دېدىم. بۇ سوزگە يې، ما، لۇ قاتارلىقلارمۇ
قارشىلىق بىلدۈرمىدى. لۇ شۇرېننىڭ كوز يېشىدىن قارىغاندا، گويا ئۇ
تەسىرلەنگەندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھىسياتلىرى، يەنى
ىلالىڭگىز تاق - تاق بولۇپ، قالايمىقان، زىددىيەت ئىچىدە قالغان ئىدى.



ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى دولقۇنسىمان بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان
سەممى سوھبەتلەردىن كېيىن، بىر كۈنى يىپرىم كېچىدە (مەن ئاللا-
قاچانلا ئۇخلاپ قالغان ئىدىم) يېڭى چىڭ ئالدىراش كېلىپ ئېشىگىم-
نى چەكتى ۋە مۇنداق دېدى: « لۇ شۇرېن ما چىڭشياڭلار يېقىندىن
بۇيان سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگۈرۈپ قالدى دەپ، قورشاۋغا
ئېلىپ « خانلىقنى تازىلاش» ئۈچۈن بۇگۈن كېچە ھەقىقەتكە قاي-
تىشنى قوللاۋاتقان لۇ مىڭچۈن، تاۋ جىنچۇ، چۈي ۋۇلارنى تۇتماقچى
بولدى. مەن سىزگە ئالدىن خەۋەر قىلىشنى ئورتىغا قويسام، ئۇلار
قوشۇلدى. شۇڭا مەن خەۋەر قىلغىلى كەلدىم، ئۇلار مېنىڭ يېرىم
سائەت ئىچىدە، قايتىپ كېلىشىمنى كۈتمەكچى.» دېدى. مەن يېڭى-
چېڭنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشىگە قاراپ ئۇنىڭدا بىر ئاز ھېسداشلىقنىڭ
رول ئويناۋاتقانلىغىنى چۈشەندىم. شۇئانلا يېڭى چېڭنى ماڭدۇرماي،
تېلىفۇندا لۇ بىلەن مانىڭ كېلىپ سوھبەتلىشىشىنى ئۇقتۇردۇم. سوز
ئىنتايىن سەممى ئىدى. ئۇلار ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشتى. كورۇشۇپلا
« سىلەر ئادەم تۇتۇپ، كېيىنكى قەدەمىڭلاردا قانداق قىلماقچى؟
شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، ئەگەردە بىر پاي ئوق ئاۋازى چىق-
سا، يەرلىكنىڭ قالايمىقانلاشماسلىغىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولامدۇ؟
بۇنىڭ سىلەرگە قانچىلىك پايدىسى بار؟ »- دېدىم. بۇ چاغدا ئۇلار
بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۈن چىقارمىدى. پەقەت لۇ شۇرېننىڭ كو-
زىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىغىنى كوردۇم. كېيىن، تىلىنى چايناپ تۇرۇپ:
« بىزنىڭ كوڭلىمىزدە غەم بار. سىز گويا قىلچە تەسىرلەنمىگەندەك
تۇرۇسىز. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ھەرقانداق ۋاقىتتا سىزگە ئى-
تائەت قىلىمىز...» دېدى. لۇ نىڭ سوزىدىن ئۇلارنىڭ زىددىيەت
ئىچىدە بېشى قاتقانلىغىنى كورۇۋېلىشقا بولاتتى. ئۇلار تولاراق ئوز

پايدا ئېلىشنى مەخسەت قىلاتتى.
ئادەم شەخسى ھېسياتى بىلەن ئىش
- ناھەقنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، بۇ
ـەر مېنىڭ يەنىلا باشى قۇماندان
، ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ، سىلەر ئۇ-
بىساڭلار، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولاتتى.
ھچېكىشنىڭ ھەتتاكى كوز يېشى
قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ھازىرقى ئۇمۇمى ۋەزىيەتنى سىلەر ئوبدان
چۈشۈنىسىلەر، قىسمىنىڭ ئىچكىرىدىگە يوتكۇلىشىدەك ھېچنىمىگە پايدى-
سى يوق باشى قاتۇرىدىغان مەسىلىنى قايتا ئويلىماسلىق كېرەك.
سىلەر قىسمنى باشلاپ ماڭساڭلارمۇ مەيلى، ئۆزەڭلەر كەتسەڭلەرمۇ
مەيلى، چوڭقۇر ئويلاپ كورىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. مەن ئۆزەم-
نىڭ يۈرۈگۈمنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويۇپ شۇنى ئېيتىمەنكى:
مەن شىنجاڭدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلمايمەن. پۈتۈن ئولكىدىكى پۇخرا-
لار ۋە پۈتۈن ئارمىيىدىكى قۇماندان-جەڭچىلەر شۇنىڭدەك ئائىلە
تەۋەلەر بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولىمەن. مەندە شۇنداق
مەسئولىيەت بار، بۇ مەسئولىيەتنى ئادا قىلىش يولىدىن ئولسەممۇ
قايتمايمەن.» گەپ ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. ئىچ-قارنىم خېلى
بوشىدى. ئۇلارمۇ تېچلاندى، بىر مەيدان بوران-چاپقۇن شۇنداق
قىلىپ تېنىچ ئوتۇپ كەتتى. تاڭ ئاقىرىشقا باشلىدى ھەرقايسىسى
ئويلىرىگە قايتىشتى.

مۇشۇنداق خەۋپلىك باسقۇچتا، بەختكە يارىشا ئارمىيىدىكى
پەردە يىرتىلماي تۇرغىنى چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئوڭۇشلۇق
بولاتتى.



ئىككىنچى كۈنى، ئۆزەم تەنھا ئاتقا مىنىپ ئىلى مەنچىڭغا
ئاتلىق بىرىنچى دىۋىزىيە شتابىغا باستۇرۇپ كىرسەم، ئۇلار يىغىن
ئېچىۋاتقان ئىكەن. مېنىڭ تويۇقسىز كەلگىنىمنى كورۇپ، كەيپىيات-
لىرى بىر ئاز ئۆچتى، ئەمما بىرەر ئادەممۇ ئەگەشتۇرۇپ كەلمى-
گەنلىگىم، ئۇلارغا ئىشەنگەنلىگىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلار بۇنى
چۈشەندى. مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن
ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئاخشامقىدىن چوڭقۇرراق سوزلىدىم. ئۇلار ھەت-
تا مېنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قانداق ھەركەت قىلىشىمنى قىياس
قىلالىسا چۈشىنالايدىغان قىلىپ سوزلىدىم. ئەمما ئۇلار مېنىڭ كوڭ-
لۈمدىكىنى مولچەرلەشتە خاتالاشسا، بۇ خاتالىقىنى ئوز مەنپەئىتىنى
نەزەردە تۇتقانلىغىدىن كېلىپ چىققان. مەيدان ئوخشاش بولمىسا،
مەسىلىگە كوز قاراشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەجەپلىنەرلىك ئىشى
ئەمەس. بۇ قېتىمقى ئۇزۇن نۇتقىم دەل ۋاقتىدا بولغان ئىكەن.
ئۇلار ئاخىرى چىرايىنى ئېچىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ، مېنىڭ پىك-
رىمگە ماقۇل كەلگەندەك بولدى. كېيىن، ھەر تەرەپلىمە تۇرغۇن
كونكىرىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا، ئىمكان قەدەر
ئۇلارنىڭ ماددى تەلىۋى قاندۇرۇلدى. لىيۇ خەندۇڭ (ئۇرۇمچى
ساقچى ئىدارە باشلىغى، لۇ شۇرېن بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن) نىڭ
نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئەھۋال ياخشىلىققا قاراپ يۈزلەندى، ئەڭ
مۇھىمى ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ يەر ۋە ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈ-
رىدىغان شىددەتلىك ھەركىتى ئارقىلىق شىنىڭ بىلەن لەنجۇ ئارقا-
ئارقىدىن ئازات بولدى. ما بۇفاڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇۋىسى بىت-چىت
بولۇپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەندى تارتىشىشقا ئىمكانىيىتى قالمىدى.
ئۇنىڭ جىڭخەيدىكى ئائىلىسى سالامەت گۇاڭجۇغا قېچىپ كەتكەن-

بولسا بىز ... ياقتىن، ما بۇفاڭ ئەك ئاخىرى
يول ... بىرىنچى دىۋىزىيە ئىلىشقا تى-
... ( چىڭگىخەيدىن ئاجرىتىپ بەر-
... سىياك ئىنتايىن نارازى بو-
... مىدى. دوستلۇق دىگەن
... بۇ چاغدا ئىچكى - تاشقى
... ، يىپچىك قاتارلىقلار
... پىيادە كورسەتتى. رەسمىيەت
قىل ... . جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا
... ت قىلىندى. يەر ۋە ئاسماننى قاپلىغان ئىس- تۈ-
... ـەر شۇنىڭدىن باشلاپ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. چوڭ ۋەزىيەتمۇ
شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاقىتلىق مۇقىملىشىپ، باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا يول ئېچىلدى. ئەمما بەزى كىشىلەر بۇ ئىشلاردىن كايىپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك ئىدى» دېيىشتى. توغرا، مەلۇم مەنا جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇشۇنداق مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئەمەلىي ئىشلارغا كەلگەندە، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن يوقالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار دائىم ئىپك ئاخىرقى جان تالىشىشنى ئويلايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. چاڭ جىيېشى، خۇ زۇڭنەنلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، تېلېگىراممىا ئارقىلىق «كوممۇنىست باندىتلىرىغا تەسلىم بولدۇڭ.» دەپ مېنى تىللىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىرتتىن قىسىم ئىچىدىكى باشلىقلار بىلەن ئايرىم ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ، مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇشتى. جىياڭ، خۇ ئېقىمىدىكىلەر بۇ خىل لۈكچەكلەرچە ئۇسۇللارغا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ خىراجەت راسخوتىنى 6 - ئايدىن باشلاپ



بىر تىيىنمۇ بەرمىدى. بەلكى راسخوت ئاجرىتىش نامى بىلەن بىر مىليون يۈەن پىرەۋوت قىلىپ بەردى (بۇ پۇل لەنجۇدىن ئۆتكەندە مابۇفاڭ 20 تۈمەن يۈەننى تۇتۇۋالدى. قالغىنى ئاران 3 ئايلىق تۇرمۇشقا يەتتى،) بۇنداق قەبىھ، نومۇسسىزلىقتا ھەر قانداق كىشى چىداپ تۇرالمايدۇ. يىپچىك، لوشۇرىن، ماچىڭشياڭلار رەتلەپ قاچىلاپ تارقىتاي دەپ تۇرغان پەيتتە (23 - سىنتەبىر) خۇزۇڭنەن يەنە يىپ، لو، مالارغا تېلېگىراممىا يوللاپ، ئۇلارنى قىسىملارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ، ھاۋادىن قۇتقۇزۇش ئىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار بۇنى كوللىكتىۋ مۇھاكىمە قىلىپ جان ھەلقومغا كېلىپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى قارارنى بۇزىۋاتالمىدى. بۇنى يىپچىك يۈزۈمگىلا شۇنداق دىگەن ئىدى.

يۇقارقى پاكىتلارغا قارىغاندا ھەربىي قىسىملارنىڭ ھەركىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، لوشۇرىن قاتارلىقلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى قولىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇلارنى مۇۋاپىق يولغا باشلىمايدىغان بولساق، چاتاق چىقىرىپ، ئىشنىڭ بىر تەرەپ بولۇشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. ماچىڭشياڭ، لوشۇرىن، يىپچىك قاتارلىقلارنىڭ ئائىلىسى بىرلىكتە 24 - سىنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ جەنۇپقا ماڭدى. 25 - چىسلادا شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگىراممىسى يوللاندى. ئۇلار ئاقسۇدىن ئۆتكەندە بەزى كىشىلەر يىپچىكنى ئۈرۈمچىگە قايتىشقا مەجبۇرلىغان بەختكە يارىشا ئۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشى ئىشى ئەمەلگە ئاشتى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1- قېتىملىق يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىۋاتقان، يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، شىنجاڭنى تىنچلىقتا باشلاش مەسىلىسى ھەر تەرەپنىڭ - بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي ئارزۇسى ئىدى. گېنېرال جاڭجىجۇڭ ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن 10- سېنتەبىر كۈنى بېيجىڭدىن تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىدا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش، قىسىملارنىڭ كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا يولىيورۇق كورسۇتۇپ ئىزچىللىق بىلەن ياخشى تەييارلىق كۆرۈشنى تاپىلىغان. بىز 16- چىسلا تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى خوشال بولدۇق. بۇ تېلېگراممىنىڭ ئىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولىنى ھەرگىز مۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز.

بىر يىلدىن بېرى شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇۋاتقان پەيتلىرىدە ھەربىي، سىياسىي، دىپلوماتىيە تەرەپتىكى ھەر قايسى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار پىلان تۈزۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىدا، ليۇمىڭچۈن، تاۋجىنچۇ، چۈيۋۇ، ليۇزېرۇڭ قاتارلىق نۇرغۇن يولداشلار مىڭلىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ زور تۆھپە قوشتى.

# 4

شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغاندىن كېيىن، يېڭىچە تەرتىپ تىكلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. بۇ چوڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا ئىنتايىن ئاز رايونلاردا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغاندىن تاشقىرى، ئومۇمەن پۈتۈن شىنجاڭ تىنچ نورمال بولدى. بىز پەقەت بۇنىدىن



كېيىن قانداق قىلىپ يەرلىك تەرتىپ ۋە تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش، قىسىملارنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشنى ئويلايتتۇق. بارلىقىمىز پارتىيىنىڭ سوزىنى ئاڭلاشتىن باشقا ھېچقانداق تەلۋەممىز يوق ئىدى. ئالدى بىلەن ئىچكىرىدىن چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ پاتىراق شىنجاڭغا كىرىشىنى ئۈمىت قىلاتتۇق. شۇڭلاشقا، مەن خې جياجۇن بىلەن 6- ئۆكتەبىر كۈنى جيۇچۈەنگە باردۇق. زېڭ جىڭۋۇ پېڭ مىڭدىڭلار ئۇ يەردە ئىدى، بىز پېڭ دېخۇەي زۇڭسىلىڭ ۋە بىرىنچى بىڭتۇەن سىلىڭى گېنېرال ۋاڭجېن، سىياسىي كومىسسار گېنېرال ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق نۇرغۇن يۇقۇرى دەرىجىلىك باشلىقلار بىلەن كورۇشتۇق. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ۋە ئەمەلىي ئەھۋال توغرىسىدا تەپسىلىي دوكلات بېرىپ، سەممىي يولىيورۇقلار ئالدۇق. گېنېرال ۋاڭجېننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. لايىھەدە ھازىرقى ئادەم سانى ۋە قورالنىڭ ئەمەلىي سانىغا ئاساسەن، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بىر تۇتاش شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغان، ئازاتلىق ئارمىيىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان قىلىش بەلگىلەندى.

1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يۇقۇرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئازاتلىق ئارمىيە قېرىنداش قىسىملارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش تاماملاندى. شوندىن باشلاپ خەلق ئارمىيە سېپىدە كونا تۈزۈملەر بىكار قىلىنىپ، يېڭى تۈزۈم ئورنىتىلىپ، يېڭىچە ھايات باشلاندى. ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ جيۇچۈەندىن غەرپكە

يۈرۈش قىلىشتىكى قاتناش مەسىلىسى توغرۇلۇق، گېنېرال ۋاڭ-جېنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارقا سەپ تەمىنات ئىدارىسى، قىسىملارنى بارلىق ماشىنا بېنزىن، ئۇسكۈنە قاتارلىقلار بىلەن ئىمكان قەدەر تەمىنلەپ، ئارمىيىنىڭ قاتنىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تېزدىن يېتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بەردى.

بۇ شىنجاڭ كېيىنكى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئازادلىق ئارمىيە ئالدىنقى قىسىم 5 - بىرونىۋىك پولكى 10 - ئاي ئىچىدە شىنجاڭنىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلدى، قالغان قىسىملارمۇ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا ۋە كوئىنلۇن باغىرلىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئاجايىپ داغ - دۇغا بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ؛ «ياشىسۇن كومپارتىيە! ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپ تۇۋلىغان ئاۋازلارنىڭ ساداسى ئاسمان - پەلەككە ياڭرىدى. بۇ ئارلىق ئۇلارنىڭ تەقەززالىقىنىڭ نەقەدەر سەمىمى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئازادلىق ئارمىيە تېز يېتىپ كەلگەنلىكتىن، ئىنقىلاۋى تەرتىپ تىكلەندى. شۇنىڭدەك يېڭى دەۋرنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ باشلاندى.

(بۇ ماقالە ئەسلىدە مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش «تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 23 - سانىغا بېسىلغان).



# 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ۋاقتىدا كۆرگەنلىرىم

ليۇشىلۇڭ

1949 - يىلى 25 - سېنتەبىر، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى، بۇ ئۇلۇق داھىيمىز ماۋجۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ غەلىبىسى، قەدىردان جۇزۇڭلىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كەڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىدۇر.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ «25 - سېنتەبىر» قوزغىلىڭى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىت ھەرىكەتلەندۈرۈشى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تېز يۈرۈش قىلىشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقتى. ھەر مىللەت كەڭ خەلقلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى «قوزغىلاڭچىلار» نىڭ كەسكىن ۋە مۇرەككەپ كۆرەش قىلىشى ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ باسقۇچلۇق تارىخىنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئەھۋاللارغا ئۆزەم بىۋاستە ئىشتىراك قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەلى ئىشلارنى خاتىرەمدە قېلىشچە يېزىپ چىقتىم. ئەمما 30 يىل ئىلگىرى بولغان ئىشلارنىڭ بەزەنلىرى يېزىل-

ماي قىلىشى مۇمكىن، ئەھۋال بىلەن تونۇشلىغى بولغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ، تۈزۈتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ ئازات قىلىشتىكى ھەرىكىتى ۋە تەسىرى.

ئۇلۇغ داھىمىز ۋە ئۇستازىمىز ماۋجۇشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن قېتىم تەپسىلى تەھلىل قىلغان ئىدى. 1940-يىلى 11-مارتتا: «گومىنداڭ — تەركىۋى مۇرەككەپ پارتىيە، بۇنىڭدا جاھىللارمۇ، ئارىلىقتىكىلەرمۇ، تەرەققىپەرۋەرلەرمۇ بار. پۈتۈن گومىنداڭ جاھىللاردىنلا تەركىپ تاپقان ئەمەس (نۇرغۇن ئەزالىرى نامدىلا ئەزا) گومىنداڭنىڭ كوپچىلىك ئەزالىرىنىڭ جاھىللاردىن بولۇشى ناتايىن. بۇ نۇقتىسىنى چوقۇم ئېنىق چۈشىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلانغىلى، ئۇلارغا پەرىقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى قوللانغىلى بولىدۇ.» دەپ كورسەتكەن ئىدى. 1945-يىلىدىكى «بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە»دىگەن ئەسىرىدىمۇ شۇنداق تەھلىل يۈرگۈزگەن. بۇ ھوكۇمگە ئاساسەن ئىلگىركى بەزى گومىنداڭ قوماندانلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ۋە بىيپىڭنىڭ ئازات بولۇشتىكى كونكىرىت ئەمىلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، 7-نوۋەتلىك 2-ئومۇمى يىغىندا: «بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىر مىليونىدىن كوپرەك كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تيەنجىڭ بىيپىڭ، سۈيۈەن ئۇسۇلىدىن باشقىچە بولمايدۇ.» دەپ كور-



سەتكەن ئىدى. پارتىيە شىنجاڭنى ئازات قىلىشتا مۇشۇ يىتەكچى ئىدىيە بويىچە ئىش كورۈپ، غەلىبە قازاندى.

پارتىيىنىڭ شىنجاڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈش خىزمىتى، شىنجاڭنى تىنچ ئازات قىلىشنىڭ ئاساسى. ئالدى بىلەن بۇنى ئوچۇق تونۇۋېلىش لازىم. 1949-يىلى مايدا جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باشلىقلىرىدىن تاۋسىيۈي، جاۋشىگۇاڭلارغا تەۋسىيە قىلىپ يوللىغان تېلېگىراممىسى، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئىرادىسىنى ئىلگىرلەتكەن ھالقا بولدى. بۇ تېلېگىراممىنى جۇزۇڭلىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە ئەۋەتكەن.

جاڭ جىجۇڭ باۋدىڭ ئوپىتسىرلار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن جاڭ جېشىنىڭ ساۋاقدىشى ۋە دوستى. 1924-يىلى جۇزۇڭلى گۇاڭدۇڭ خۇاڭپۇ ئوپىتسىرلار مەكتىۋىدە سىياسى باشقارمىنىڭ مۇدىرلىغىنى ئوتەۋاتقان ۋاقىتدا، ئۇ مەزكور مەكتەپنىڭ «ئادىيوبىتانتلار باشلىغى» ئىدى. زۇڭلىغا ئىنتايىن قايىل بولاتتى ۋە ئىدىيە جەھەتتىن مەلۇم تەسىر ئالغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا گومىنداڭ-گوڭچەنداڭ سوھبەتلىرىدە، جاڭجىجۇڭ نۇرغۇن قېتىم گومىنداڭ ۋەكىللەر ئومىگىنىڭ ئومەك باشلىغى بولۇپ بېرىپ، ئىنكار قىلغۇسىز ھەقىقەتلەرنى كورگەنلىگى ئۈچۈن، ئىدىيىدە خېلى تەسىر ئالغان ئىدى. ئۇ يەنئەندە: «مېنىڭ 5 قېتىم يەنئەنگە كەلگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماڭلار»دىگەن. (مەن بۇنى ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئاڭلىغان) 1947-يىلى ئۇ ئەنخۇي ئولكىسىدىكى چاۋ ناھىيىسىگە تۇققان يوقلاپ بارغاندا، خېنەننىڭ شەرقى قىسمىدىن ئوتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇرۇشتىن ۋەيران بولغان يېزىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى كورۈپ: «ئىچكى ئۇرۇش! ئىچكى ئۇرۇش! يەنە ئۇرۇشساق پۇقرالار قانداق

ياشايدۇ» دېگەن ئىدى. گومىنداڭ ئىچىدە ئۇ «تەرەققىيپەرۋەر» ھېساپلىناتتى. بەزىلەر:
«دېموكراتىك گېنېرال» دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ گومىنداڭ ئىچىدىكى «دېموكرات»لارغا ياتاتتى.

1946 - يىلى باھاردا، جاڭجيېشى ئۇنى «غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى»نىڭ مۇدىرلىقىغا، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئەڭ ئاخىرقى گومىنداڭ - گوڭچەنداڭ سۆھبىتىدە، ئۇ گومىنداڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيپىڭغا بارغاندا، جۇزۇڭلىنىڭ نەسىھىتى بىلەن بېيپىڭدا قالدى. 1949 - يىلى مايدا، ماۋجۇشى ۋە جۇزۇڭلىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، تاۋسىيۈي، جياۋشىگۇاڭ، ليۇمىڭچۇنلارغا شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتىشقا نەسىھەت قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى. ئىككىلىنىپ تۇرغان تاۋسىيۈي قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھەقىقەتكە قايتىش يولىنى تاللاپ ئالدى.

قورچاق شىنجاڭ گارنىزون شىتاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى تاۋجىنچۇ بولسا تاۋسىيۈينىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ ياپونىيىدە ھەربىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ 1948 - يىلى كۈزدە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتكە تەيىنلەنگەن. ئۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، چۇڭچىڭدا چياۋگۇەنخۇا بىلەن تونۇشقان، جەۋۇڭلى چۇڭچىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان چياۋگۇەنخۇاغا تاۋجىنچۇنىڭ ئىچىدىن قوزغۇلىشىغا ئۈندەش خىزمىتى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. تاۋجىنچۇ شىنجاڭغا كېلىش ۋاقتىدا چياۋگۇەنخۇا ئۇنىڭغا شىنجاڭغا پۇرسەت تېپىپ ھەقىقەتكە قايتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىشقا نەسىھەت قىلغان (بۇ ئەھۋالنى تاۋجىنچۇ 1949 - يىلى باھاردا ماڭا



سۆزلەپ بەرگەن. شىنجاڭغا كېلىشتىن ئەۋۋەل ئۇ چياۋگۇەنخۇا بىلەن شياڭگاڭدا كۆرۈشتۈم دېدىمۇ، خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ) دېمەك جۇزۇڭلى تاۋ بىلەن چياۋنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا قارىتا ئۆز ئىچىدىن قوزغۇلىشقا ئۈندەش خىزمىتى ئىشلەپ بارغان.

1938 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېنتيەنچيۇ ۋە ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىپ، ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. مەسىلەن: قوزغىلاڭدىن بۇرۇن شىنجاڭدا قۇرۇلغان «كورەش جەمئىيىتى» قاتارلىق گومىنداڭغا قارشى بىرقانچە تەشكىلاتلار شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان. دېمەك شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىنى مەلۇم بىر ئادەم، تەسادىپىي ياكى بىر خىل ئامىل بەلگىلىگەن بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ تەپسىلىي خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

## 2 - قوزغىلاڭ ئالدىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جاڭجيېشى قاراقچىلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەرقىي شىمال ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى. گەنسۇنىڭ غەربىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىشقا جاڭجىجۇڭنى ئەۋەتتى. جاڭ ھەربىي ئىشلاردا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي شىمالنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن غەربىي شىمالغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا سىياسىي ئۇسۇلدىن پايدىلانماقچى بولدى.

1946 - يىلى باھاردا شىنجاڭغا كەلگەندە، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەتنى گومىنداڭ ئاللىقاچان قولدىن كەتكۈزۈپ مىللىي ئارمىيە بىلەن ماناس دەرياسى بويىدا تىركىشىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە ئىسلاھاتچىلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلماقچى بولدى-دە ئالدى بىلەن مىللىي ئارمىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبەت ئېلىپ باردى. سىنتەبىرنىڭ بېشىدا سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار قاتناشقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازىرى قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەندى، ئەمما 3 ۋىلايەت يەنىلا مىللىي ئارمىيىنىڭ كونتروللىقىدا بولۇپ، (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خامى - ئاتسا (قوۋۇل - ئالماتا لىنىيەسىدە پاساجىر ئايروپىلان قاتناپ تۇراتتى) ئۆز - ئارا بېرىش - كېلىش قىلىنمايتتى.

جاڭجىجوڭنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى:

گارنىزون باش قوماندانلىقىغا تاۋسىيۇي،

مۇئاۋىن قوماندان جاۋشىگۇاڭ (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ بات كاتىۋى قوشۇمچە قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىۋى لىيۇمىڭچۈن. بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭجىجوڭنىڭ سىياسەتلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلار ئىدى. شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن چۈيۋۇداڭ بىگاڭلارنىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلە ئۇچرىشىشى ئارقىلىق شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋاقىتلىق تىنچلاندى.



1947 - يىلىنىڭ بېشىدا، جاڭجىجوڭنىڭ يەنئەنگە بېرىپ سۆھبەتكە قاتنىشىشى سەۋەبىدىن، جاڭ جىيىشى سۇڭشىلىيەننى تاۋسىيۇينىڭ ئورنىغا باش قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن جاڭجىجوڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسەتلىرىدە بىرئاز ئۆزگىرىشلەر بولدى. 5 - ئايدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ كوتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇشقا قەدەم قويدى. جاڭجىجوڭ ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، تاۋسىيۇينى يەنىلا قورچاق باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. ئەمما مىللىي ئارمىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يېرىم ھالەتتە بۇزۇلغان ئىدى. جاڭجىجوڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئەسكىرى كۈچلەرنى قايتا رەتلەپ ئورۇنلاشتۇردى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: (1949 - يىلى ھەقىقەتكە قايتقان چاغدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى).

| تۇرۇشلۇق ئورۇن | تۇرى، | ئوپېتسېرلار، | ئىسىم فامىلىسى |
| --- | --- | --- | --- |
| ئۈرۈمچى | شىنجاڭ گارنىزون شتاۋى | باش قوماندان | تاۋسىيۇي |
| | رەتلەپ تۈزۈلگەن ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە | دىۋىزىيە باشلىقى | ماچىڭشياڭ (ئاتلىق 5 - دىۋىزىيە) |
| | ئاتلىق 1 - بىرىگادا | بىرىگادا باشلىقى | خەن دۇڭفۇ |
| | 179 - بىرىگادا | » » | لۇشۇرېن |
| | دىۋىزىيە قارمىقىدىكى ئاتلىق پولك | پولك كوماندىرى | لى چۇڭجىك |
| | گارنىزون باتالىيون | باتكوم | ئوۋياڭ يۈيشەن |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل | 178 - بىرىگادا | بىرىگادا باشلىقى مۇئېرۇ |
| تۇرپان | 231 - بىرىگادا | » » تيەنزىمى |
| قۇتۇبى | يېڭى 2 - دىۋىزىيە (ئارمىيە) | دىۋىزىيە باشلىقى يې چېڭ |
| ماناس | 227 - بىرىگادا | بىرىگادا باشلىقى جۇ-مىڭگاڭ |
| گۇچۇڭ | ئاتلىق 2 - بىرىگادا | » » خەن-يوۋېن |
| قەشقەر | جەنۇبى شىنجاڭ گارنىزون قۇماندانلىق شىتاۋى | قۇماندان جاۋشىڭۋاڭ (قوشۇمچە) |
| | رەتلەپ تۈزۈلگەن 42 - دىۋىزىيە (ئارمىيە) قۇماندانلىق شىتاۋى | جاۋشىڭۋاڭ |
| | دىۋىزىيە باشلىقى | (قوشۇمچە) |
| | ئاتلىق 9 - بىرىگادا | بىرىگادا باشلىقى ماپىڭلىن |
| يەركەن | ئاتلىق 4 - بىرىگادا | » » تاڭ-جىڭرەن |
| ئاقسۇ | 235 - بىرىگا | » » لىزۇتاڭ |
| يەنجى | 128 - بىرىگادا | » » چۇڭزۇيىڭ |

شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئاتاقتا يۈزمىڭ دېيىلسىمۇ، ئوپېتسېرلار قورۇق نامىنى خىيانەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئەمەلىي سان تولۇق ئەمەس ئىدى. ماجۇڭيىڭ-



نىڭ ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىسىدىن باشقىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاجىز ئىدى.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە، چەتتىكى ئادەم چۈشەنمەيدىغان بىر ئەھۋال بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ: ماجۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق 5 - دىۋىزىيىسىنى مابۇفاڭ بىۋاستە كونترول قىلغاندىن باشقا، خۇزۇڭنەن بىرىگادا، پولك ئىككى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كادىرلار ھوقۇقى بىلەن ھەربىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىپ، ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. تاۋسيۇي گەرچە باش قوماندان بولسىمۇ پەقەتلا قورچاق باش شىتاپتىكى ئوپېتسېرلارنى تەيىنلەشكىلا كۈچى يېتەتتى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى «مەسلىھەتچى» دەپمۇ ئاتايتتى. چۈنكى خۇزۇڭنەن جياڭ باندىتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقتىن «غەربىي شىمالنىڭ پادىشاسى» ئىدى. تاۋسيۇي بولسا ئۇششاق گورۇھلاردىن بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇقى ئانچە يوق ئىدى. جياۋشىڭۋاڭمۇ ئۇششاق گورۇھلاردىن بولۇپ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق «قوماندان ئىدى» جاڭ جىجۇڭدا مۇھاپىزەت پولكىدىن باشقا ئەسكىرى قىسمى يوق ئىدى. خۇزۇڭنەننىڭ شىنجاڭدىكى كونتروللىقى 1949 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن بىر ئاز بوشاشتى. جاڭ ۋە تاۋلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پولك كوماندىرلىرىدىن 3نى ئورۇنلاشتۇردى.

شىنجاڭ ئەسلىدە «يەرلىك پادىشا» شىڭ شىسەينىڭ زېمىنى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى گوروھ

كۈچلىرى كەينى - كەينىدىن قول تىقىپ، ھوقۇق تالاشتى. ئەمەلى كۈچكە ئىگە بولغان گۇرۇھلار ئاساسەن خۇزۇڭنەن گۇرۇھى، جاڭ جىڭجۇڭ ۋە ما چىڭشياڭ گۇرۇھلىرى ئىدى. خۇزۇڭنەن گۇرۇھى كوپۇنچە دېۋىزىيە، پولكتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئەمەلى ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ جاڭ گۇرۇھىدىكىلەر كوپرەك سىياسى جەھەتتىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ۋە ئاز ساندىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوپېتسېرلاردىن ئىبارەت. ما گۇرۇھى بولسا ھەممىسى دېگۈدەك «ما ئائىلىسىنىڭ قىسمى» ئىدى. تاۋسىيۇي، جاۋشىگۇاڭلار ئەسلىدە خۇزۇڭنەن ئوز تەسىرىنى كېڭەيتكەندە تاللاپ كەلگەن «ئىناۋەتلىك» سالاھىيىتى ئۇزۇن، يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلار ئىدى.

جاڭ جىڭجۇڭ غەربى شىمالغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار جاڭ جىڭجۇڭغا يېقىندىن ئەگەشتى. خۇزۇڭنەننىڭ كۈچى، شىئەن ئازات بولغاندىن كېيىن تايانچىدىن ئايرىلىپ قالدى.

سۇڭ شىلىيەننىڭمۇ شىنجاڭدا ئايرىم شەنتۇسى بار ئىدى. كېيىن ئۇ يوتكەلگەندە ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ خۇنەنگە بىللە كەتتى.

بۇ گۇرۇھلار 1949 يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە ئوبىكتىپ ۋەزىيەت ئوزگەرگەنلىكتىن، ھەقىقەتكە قايتىش گۇرۇھى، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى گۇرۇھ ۋە ئارىلىقتا قالغانلاردىن ئىبارەت گۇرۇھلارغا ئوزگەردى.

جاڭ جىڭجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گېزىتىگە ئازاتلىق ئۇرۇشى خەۋەرلىرىنى بېسىشقا رۇخسەت قىلمىدى. ئۇ چاغدا رادىيو ئاز، ئۇنىڭ ئۇستىگە يوللار توسالغان بولغاچقا ئادەتتىكى كىشىلەر ئىچكىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمما



يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلار ئازاتلىق ئۇرۇشى خەۋەرلىرىنى بېرىدىغان «قىسقا خەۋەرلەر» گېزىتىدىن ئىچكىرىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار ئىدى. 1948 - يىلى غەربى شىمال بويىچە زور غەلىبە قازىنىپ، 22 - ئاپرېل كۈنى يەنئەننى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، كوپ ساندىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە زىلزىلە پەيدا بولدى. كالىلىسى سەگەكرەك بىر قىسىم كىشىلەر گومىنداڭنىڭ «ئىستىقبالى چاتاق» دەپ ھېس قىلدى. شۇ چاغدا مەن قورچاق مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى كاتىۋى تەن ۋېيشۇي، قورچاق «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باشلىقى ۋاڭ سىچېڭلار بىلەن يوشۇرۇن تۇردە ۋەزىيەت توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىشىپ گومىنداڭنى «مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن تونۇشقا كەلدۇق.

لىياۋ شىن جەنىيسى (ئۇرۇشى) دىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر: «گومىنداڭ ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان خىللانغان ئەسكىرى كۈچىنى ئىشقا سېلىپمۇ كوممۇنىستلاردىن يېڭىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ مەغلۇبىيەت تەغدىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسى يوق.» دېگەن تونۇشقا كەلدى. 1949 - يىلى يانۋاردا خۇەيخې جەنىيسى ئاياقلاشتى، بۇ چاغدا گومىنداڭ ھەممە كۈچىنى ئىشلىتىپمۇ مەغلۇپ بولدى، بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت گومىنداڭنىڭ ھالاكىتىنى ئېنىق كورسەتتى. بەزى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئوز ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسى ئۇستىدە غۇلغۇلا قىلاتتى. بەزىلەر قېچىشنى پىلانلىدى. بەزىلەر «تەغدىرگە تەن بەرمەكچى» بولۇشۇپ، ئىدىيىدە ئىنتايىن قالايمىقانلاشقان ئىدى. بېيپىڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە تۇرتكۇلۇك رول ئوينىدى. ئەمما

ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىشىنى دىگەندەك چۈشۈنۈپ كېتەلمەيتتى.

شىنجاڭدا 1947 - يىلى 5 - ئايدا سۈگشلەن «تۇرپان قوزغىلىڭى» نى باستۇرغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق تىنچلىق ۋەزىيەت ئاساسى جەھەتتىن بۇزۇلغان ئىدى. جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، گەرچە مۇناسىۋەتنى تۈزەشتۈرۈش جەھەتلەردە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە يەنىلا قارىمۇ-قارشى ھالەتتە تۇرۇپ، ھەربى جەھەتتە يەنىلا تىركىشىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى كۈتەتتى.

### 3 - شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ پايدىلىق شەرتلىرى ۋە پايدىسىز ئامىللىرى

شىنجاڭ ئەينى ۋاقىتتا سىياسى، ھەربى، جۇغراپىيە خەلقارا جەھەتلەردە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ھەقىقەتكە قايتىش جەھەتتە نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلار بار ئىدى شۇنىڭدەك بىر قەدەر چوڭراق پايدىسىز ئامىللارمۇ بار ئىدى.

#### A. پايدىلىق شەرت - شارائىتلار:

1 - گومىنداڭ سىياسى تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ھوكۇمرانلىق كۈچى يەنىلا ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىغى ھەممە يەرگە ئوخشاشلا «جاڭجېشى ھوكۇمرانلىق



قىلغان رايونلاردا خىيانەتچىلىك يامراپ كەتكەن، ئىشپىيونلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان، ئالۋاڭ - ياساق ئېغىر، مال باھاسى كۆتۈرۈلگەن، ئىختىسات ۋەيران بولغان، ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ بازىرى كاساتلاشقان، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئاشلىق يىغىپ، ھەممە يەردە نارازىلىق قوزغىۋەتكەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپ ساندىكى خەلق بالايى ئاپەت ئىچىدە قالغان ئىدى» شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسى گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن تەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى پارتىيە تەشكىللىرى بۇ يەردە ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى تېرىپ، خەلق ئارىسىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ بەزى زىيالى ئۇنسۇرلار ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ ھەممىسى «يەنئەن يولى» نى تاللاپ ئالغانلىقتىن كۆپ ساندىكى خەلق (بىر قىسىم گومىنداڭ كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇرۇشتا ۋەيران بولۇپ قان ئاققۇزۇشنى خالىمايتتى. ھەقىقەتكە قايتىپ شىنجاڭنى تېچ يول بىلەن ئازات قىلىش كىشىلەرنىڭ تەلەۋىگە ئۇيغۇن ئىدى.

2 - شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ئاتاققا يۈز مىڭ دىيىلسىمۇ ئەمما سانى توشمايتتى. تولۇقلاش قىيىن، ئورۇنلاشقان جايلىرى تارقاق بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇرۇشقا سالغىلى بولمايتتى ۋە تارقاق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغاندا ئۆز - ئارا ماسلىشالماسلىق ئىشلىرى ئۇرۇشپەرەست جاھىللارغا نىسبەتەن قىيىن مەسىلە ئىدى. شۇنىڭدەك ئەگەر خېشى كاردورى ئازات بولۇپ، ئازاتلىق ئارمىيە غەربكە ئىلگىرلەپ كەلسە، ماناس دەر-

ياسى بويىدىكى مىللى ئارمىيە شەرقتىن قاراپ ئىلگىرلىسە، ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدىغان بولسا، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ شىمالى شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرۇشى قىيىن بولاتتى. بۇنداق شارائىتتا جەنۇبى شىنجاڭغا چېكىنىپ ئۆزىنى قوغداشقا توغرى كېلەتتى. بۇ خىل پايدىسىز ۋەزىيەتنى ھەل قىلىشقا جاھىل ئۇررىشپەرەستلەر ئامالسىز قالدى.

شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى كەڭ، گومىنداڭنىڭ ئارمىيىسى تارقاق - يەككە - يەككە پونكىتلاردا بولۇپ پەقەت ئۇرۇمچى، قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدا ھەقىقەتكە قايتىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، باشقا نۇقتىلاردىكى قىسىملار ئامالسىز قالاتتى. شۇڭا ئىككى نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىنسا، ھەقىقەتكە قايتىشقا پايدىلىق بولاتتى.

ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار شىنجاڭنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئىگىلىگەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئاستىدا ئارقا سەپ تەمىناتى غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى ئىدى.

3 - شىنجاڭدىكى ئاساسي يوقۇرى قاتلام ھەربى - مەمۇرى خادىملارنىڭ كوپۇنچىسى گومىنداڭنىڭ ئوز گوروھىغا قاراشلىق ئەمەس ئىدى.

پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولۇپمۇ بېيپىڭنىڭ تىنچ ئازات قىلىنىشى، گاڭگىراپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن پارلاق يول كورسۈتۈپ بەردى.

شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ خەلقارالىق شارائىتىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ تىنچ ئازاتلىققا ئېرىشىش يولىنى تاللىۋېلىشقا ئۈندەيتتى.



جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ لەنجو، چىڭخەيلەرنى تېز ئازات قىلغانلىقىمۇ، ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت ھازىرلىدى.

B . پايدىسىز ئامىللار:

1 - شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئاساسى جەھەتتىن خۇزۇڭنەن قولغا كىرگۈزۈۋالغان. تاۋسىيۈي، جىياۋشىگۇاڭلار گەرچە قوماندان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىرىدگادا، پولكتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدىكىلەرنىڭ ئەمەلى ئەسكەر تۇتۇش ھوقۇقىنى ئىگەللىيەلمەيدىغان ئۇششاق گۇرۇھتىكى كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن جاڭجېشىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيتتى.

شۇ چاغدا غەربى شىمالدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە «بازىرى ئىتتىكلەر» خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، قۇرۇقلۇق داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، جېجاڭلىق، كونا بىرىنچى دىۋىزىيە كادىرى بولۇشى شەرت ئىدى. ھېچبولمىغاندا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى - ئۈچ شەرتكە ئىگە بولغاندا، ئاندىن «قىزىل ئادەم» بولالايتتى. تاۋ، جىياۋ ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ شەرتلەر يوق. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەمەلى ھوقۇقىمۇ يوق بولغانلىقتىن جاھىل ئۇنسۇر يې چىڭ قاتارلىقلار شىمالى شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. شۇڭا تاۋنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلىشى تەس ئىدى.

2 - يېچىڭ بولسا جىياڭجېشىنىڭ يۇرتدىشى، ئوقۇغۇچىسى ۋېيۋەنجاڭنى قوغداش بولۇمىدە ئىشلىگەن. خىيانەت ۋە ھاياكەشلىك قىلغان، مال-مۈلكى تولا ئىدى. ماچىڭشياڭ مابۇفاڭنىڭ

تۇتقۇنى ھەم داڭقى چىققان مۇتەئەسسىپ جاھىل ئىدى. لۇشۇرىن ۋە يەنە بىر قانچە پولك باشلىقلىرىمۇ 1947 - يىلى «مەركىزى ئوپېراتسىيىلەر مەكتىۋى قورۇلغانلىقىنىڭ 23 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى»دا كوممۇنىزىمغا قارشى مەيداننى ئىپادىلىگەن. بۇ ئەكسىيەتچى كاتىۋاشلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇمچى ئەتراپىغا توپلانغانلىقتىن، ئۇرۇمچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش، ئەسكىرى كۈچ جەھەتتىن ئېيتقاندا پايدىسىز ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتقا ئاساسەن ھەقىقەتكە قايتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بېرىش سەل - پەللا ئاشكارىلىنىپ قالسا، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغىدەك ئەھۋال پەيدا بولىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات يۈرگۈزگەنلىكتىن گۇڭچەنداڭغا نىسبەتەن قىلىچە چۈشەنچە يوق بەلكى قورقۇنۇچ ۋە ئەندىشە بولغاچقا، بىزنىڭ ئاشكارا تەشۋىق قىلالمايلىغىمىز ۋە چۈشەنچە بېرەلمىگەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىمۇ پايدىسىز شارائىت ئىدى.

## 4 - ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىدىن قارار قىلىنغانغا قەدەر

1948 - يىلى كۈز تاۋسىيۇي 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ قورچاق گارنىزون قوماندانى بولغاندا، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك بەدىنىسىنى رەتكە سالدى. «8 چوڭ باشقارما» باشلىقلىرى مەسىلىسىدە 2 - باشقارما» (ئاخبارات)، سىياسى باشقارما خادىملىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەشكە ھوقوقسىز بولغاندىن باشقا، قالغان ھەممە باشقارمىلارغا بىر قەدەر ياشىراق بولغان يېڭى ئادەملەرنى ئالماشتۇردى. بۇرۇن مەن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بولغاچقا، مېنى



قورچاق مەمۇرى مەھكىمە ئىشخانىسىدىن يوتكەپ ھەربى قانۇن باشقارمىسىغا باشلىق قىلدى. ھەر كۈنى چۈشتىن ئاۋال ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەيتتۇق. مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولدى. ماڭا ئىشىنەتتى. تاۋجىنچۇمۇ بۇ چاغدا قورچاق باش شتاپنىڭ سەنمۇجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. خىزمەتتە كوپ ئۇچرۇشۇپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ چوڭچىڭدىكى چاغدا «ئىدىيىسى سولغا مايىل» بولغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى مەن بىلەتتىم. شۇڭا ئۇ جاڭ جيېشىنى تىلغا ئالغاندا توغرىدىن - توغرى بۇ ئىستىبداتنى ئەيىبلەپ: «جاڭ جېشى زالىم بولىۋالدى» دەيتتى. بۇ سوزدىن مەن ئۇنىڭ جاڭ جيېشىگە بولغان نارازىلىقىنى بىلىۋالدىم. بىر قانچە قېتىملىق ئۇچرۇشۇشلاردىن كېيىن مەن ئۇنىڭدا چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ بارلىقىنى ھەققانىيەتچى ئىكەنلىگىنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئەمما مىجەزى ئىتتىك، ئاسانلا كوز قارىشىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ، كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەستىن، قاراشەھەر ئاتلىق پولكىنىڭ باشلىقى ۋېن شىڭچياۋنى يوتكەپ كېلىپ 3 - باشقارما (سەنمۇ) باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ۋېن بىلەن ئۇ خۇنەن شاڭتەن رايونىدىن بولۇپ يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بىز ئۈچىمىز دايىم بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ پىكىرلىشەتتۇق.

بىر كۈنى تاۋجىنچۇ مەندىن «ئاڭلىشىمچە جۇنجې (پارتىيە ئەزاسى بولۇپ شۇچاغدا قورچاق باش شتاپتا شياڭشياۋ دىرىجىلىك ئادىيۇتانت بولۇپ ئىشلەيتتى) يەنئەندىن كەلگەن ئىكەن، سەن بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. «مەنمۇ ئاڭلىغان» دېدىم.

(1947 - يىلى قورچاق شىتاپتىكى «يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى» چېن باۋ ماگا: لى جۇنجي ياڭ خۇچىڭ قوشۇندىكى ئادەم، كاگدادا تەربىيلەنگەن دېگەن سوزنى قىلغان ئىدى.) بىزمۇ مۇشۇ بىر ئېغىز سوزنىلا قىلىشتۇق، ئارتۇق سوز بولۇنمىدى. بۇنداق سوزلۇشۇش شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال بويىچە بىزنىڭ ۋەزىپىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەلۋەتتە تىگىدە مەنىسى بار ئىدى. ئەمما بىردىنلا بۇ سوزنى داۋاملاشتۇرمىغىنىغا قاراپ ئۇ مېنى سىناۋاتىدۇ دەپ ئويلۇدۇم ئارىدىن نەچچە كۈن ئوتكەندە ئۇ: «سەن چياۋگۇەنخۇانى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «بىلمەن» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ ئاندىن: «ياپۇنغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەن چۇڭچىڭدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان، شىنجاڭغا كېلىدىغان ۋاقتىمدا ماگا پۇرسەت تېپىپ تاۋ ئەپەندىگە خىزمەت ئوتۇشۇمنى تاپشۇرغان» دېگەن سوزنى قىلدى. كېيىن چياۋگۇەنخۇا ئۇنىڭغا ئىككى پارچە خەت يازغانلىقىنى بىلدىم.

ھەربى ھوقۇقنى تۇتۇش ئۇچۇن ئۇ يەنە ۋېن شىڭجياۋنى قورچاق ھەربى مەكتەپ 9 - شوبە مەكتىۋىنىڭ مائارىپ باشلىغى قىلىپ يوتكىدى بىز ئۇچىمىز مەكتەپ ھويلىسىدا ئولتۇراتتۇق. پۇرسەت تاپساقلا ئىستىقبال، چىقىش يول توغرۇۇلۇق پىكىر ئالماشتۇراتتۇق. تاۋ جىنجۇ، تاۋسيۇينىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بىۋاستىلا ھەققەتكە قايتىش يولىدا مېڭىشنى تەۋسىيە قىلالاتتى. ئەمما تاۋ ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۇرمەيتتى. يولداش جىنجۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئىستىپا بېرىپ خۇەنگە كېتىشنى تەلەپ قىلىپ ناھايىتى قەتئى تۇراتتى. بىر كۈنى تاۋ ئەپەندى تاۋ جىن-



چۇ بىر - خوتۇن ئىككىسىنى ئويگە تاماققا تەكلىپ قىلدى. مەن بىلەن ۋېن شىڭچياۋ، دۇلىسەن، جۇيۇەنكەيلەرنى قوشۇپ ئېيتقان ئىدى.

تاماق ئۇستىدە تاۋ ئەپەندى رومكىنى قولىغا ئېلىپ: «سىلەرنىڭ سەنمۇجاڭ ئىستىپا بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنى توساپ قالالمايۋاتىمەن. بۇگۇن ھەر قايسىڭلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. ئەگەر سىلەرمۇ توختۇتۇپ قالالمىساڭلار، مۇشۇ پەيتتە سىلەرگە ئېيتىدىغان سەنمۇجاڭىم يوق. ...» دېدى. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىدىيە ۋە مەخسىدىنى بىلگەچكە: بىز ئەڭ قىيىنچىلىق باسقۇچتا تۇرماقتىمىز. خۇەيخەي جەنىيىسى ئەندىلا ئاخىرلىشىپ بىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى بىللە كورىدىغان ۋاختىمىز كەلدى. سەنمۇجاڭ ئەلۋەتتە بىز بىلەن ئېغىر كۇنلەردە بىللە بولۇشى لازىم ....» دېدىم. باشقىلارمۇ ماگا ئوخشاش سوزلەرنى قىلدى. يولداش جىنچۇ بۇ سوزلىرىمىزنى ئاگلاپ «كېتمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەققەتكە قايتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەشكە باشلىدى.

1949 - يىلى 3 - ئايدا شىندالو (يېڭى غەربى زال)دا مەخسۇس دوكلات يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، مەن سىناپ كورۇش ئۇچۇن تاۋسيۇيدىن: «كوپچۇلۇك سىزدىن شىڭ شىسەينىڭ ئۇسۇلىنى قوللۇنۇشىڭىزنى ئۇمىت قىلىۋاتماقتا.» دېدىم. ئۇ «قانداق ئۇسۇل؟» دەپ سورىدى. («شىڭ شىسەينى توساش» شىنجاڭنى ئالدى بىلەن گومىنداڭدىن ئايرىپ، مۇستەقىل بولۇش مەنىسىدە) دېدىم. ئۇ ئۇزاق ھەم چوڭقۇر ئويلاندى - يۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. ئارقىدىنلا قورچاق گارنىزون شتاۋى قورچاق بىرىگادا

باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا كەلگەن ھەر قايسى قورچاق دېۋىزىيە، بىرىگادا باشلىقلىرى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئىدېيىۋى ئەھۋاللىرىدىن دوكلات بەردى. بۇ ۋاقىتتا جاڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلى پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى نەچچە كۈن كېچىكىپ تارقىتىلسا، بەرگەن پۇل كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالاتتى. بەزى ئەسكەرلەر ئەندىلا تارقاتقان پۇللارنى ئاشكارا ھالدا ئوتقا تاشلايتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، ئۇلارنى بىر يەرگە ئۇيۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تاۋسيۇي، قورچاق سىياسىي باشقارما باشلىقى لياڭ كېشۇنغا، جاڭجېجۇڭنىڭ بېيپىڭدىن ئېلىپ كەلگەن ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 3 چوڭ دېموكراتىيە ماتېرىيالىنى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىشنى تاپشۇردى. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئوڭشاشنى مەقسەت قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۈنۈم بېرەلمەيتتى.

مەن ئۇ ۋاقىتتا «بىر ئارمىيە بىر مەركىزى ئىدىيە ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىنسا، ئاندىن ئۇلارنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ قانداق قىلىپ كورەش قىلىش مەسىلىسىنى كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ كورسۇن» دېگەن ئىدىم. بۇ مەسىلىگە تەرەپ - تەرەپتىن پىكىرلەر چۈشتى.

يېچېڭ: «بىز ئەلۋەتتە ۋېيپۇەنجاڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. لى زوتاڭ، تاڭ جىڭوەنلەر ۋاقىراپ: «دۆلەت ئۈچۈن، پىرقە ئۈچۈن كورەش قىلىمىز»، «پىرقە، دۆلەتكە سادىق بولىمىز» دېيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى ئاشكارىلىدى. تاۋسيۇي ئەڭ ئاخىرى قەغەزگە: «دۆلەتنى قوغداپ، چېگرىنى



تىنچلاندۇرايلى» دېگەن خەتنى يازدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنادا يىراقنى ئويلاپ، ئېھتىيات بىلەن يازغان خېتى ھەقىقەتكە قايتىش يولىدىن بىشارەت ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى تەھلىلگە ئاساسەن، پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا «دۆلەتنى قوغداپ، چېگرىنى تىنچلاندۇرغىلى» بولاتتى.

بۇ چاغدا خۇزۇڭنەن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار 3 پولكوۋنىكنى ئورۇنلاشتۇردى. بىرسى: كىچىكىدىن تاۋسيۇيگە ئەگىشىپ خىزمەت قىلغان، شۇ ۋاقىتتا قورچاق باش قىسىم كادىرلار بۆلۈم باشلىقى ماۋشيرۇيىنى شىنجاڭنىڭ شەرقى چوڭ دەرۋازىسى ئەنشى يۈيمىن ئەترابلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى، جاڭجېجۇڭنىڭ كىچىك زۇرتىدىشى - ۋاڭچۇەنزېنى باردىكولگە، لى زوڭچىڭنى ئاتلىق پولك بىلەن ئۈرۈمچى شۆيمۆگۇغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ بىر قىسىم ھەربى كۈچنى قولغا ئالدى.

بىز بىر - بىرىمىزنى ئىزدىشىپ تۇرۇش بانىسى بىلەن تاۋجىنچۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەپتىدە بىر ئايلىنىدىغان مېھماندارچىلىق ئولتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق خىزمەتداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ، تەدرىجى يوسۇندا «ھەقىقەتكە ئوتكۇچىلەر» قوشۇنىنى شەكىللەندۈردۇق. كونا جەمىيەتتە شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا دوستانە مۇھەببىتى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، سىياسى مۇناسىۋەتكە تەسىر كورسەتكىلى بولاتتى.

5 - ئايدا جاڭجىجوڭ ئەپەندى ئازات بولغان بېيپىڭدىن تېلېگرامما ئەۋەتتى. بۇ تېلېگراممىدا قەدىردان جۇزۇڭلىنىڭ ئۆزۈن

مۇددەت جاڭجىجۇڭغا ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەقىقەتكە قايتىش تەۋسىيە قىلىنغان بۇ تېلېگراممىنى تاۋسىيۇي تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن جياۋشىگۇاڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، قاراشەھەر قورچاق 128-بىرىگادا ئىشتاۋىدا ئۇچراشماقچى بولۇشتى. ئىككىسى مەخسۇس بىر ئۆيدە ئىنتايىن مەخپىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتىش پىرىنسىپلىرىنى بېكىتتى. چۈنكى شۇچاغدا جياۋ قورچاق مۇئاۋىن باش قوماندان قوشۇمچە شىنجاڭنىڭ ھەربى باشلىقى بولۇپ، قەشقەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قوشۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاللىقاچان خانىۋەيران بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان، ھەرقانداق ئېقىل ئىگىسى بۇ يولنى تاللىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما جياۋشىگۇاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۇتۇشتىكى ئىچكى سەۋەپلىرىنى سەل قاراشقا بولمايتتى. ئۇ يۇننەنلىك بولۇپ، يۇننەن جاڭ ۋۇتاڭ ھەربى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. مىلىتارىستلار قىسمىدا كوپ يىل ئىشلىگەن، جياڭجيېشىنىڭ نەزىرىدە «ئۇششاق گورۇھلار» بولۇپ، تولۇق ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئوبيېكت ئىدى. «جاڭجيېشى پۈشتى»دىن بولغانلارمۇ ئۇنى كوزگە ئىلماي چەتكە قاقاتتى. شۇڭا گومىنداڭغا قاتناشقاندىن بۇيان، خىزمىتى بار، ھوقوقى يوق بولۇپ كەلگەن ئىدى. گومىنداڭ ئىشپىيونى بىر قېتىم جاڭجيېشىغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى مەخپىي شىكايەت قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ: «پېقىرنىڭ ئورنىنى كولىماقچى!» دېگەن ئىدى. ئومۇمەن ئۇ جاڭجيېشىغا نارازى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سولچى زاتلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان: ئۇنىڭ يو-



قۇرى دەرىجىلىك سەنئۇسى لۇي گۇگۇپى خېلى خىزمەت ئىشلىگەن ئىدى. ئەسلىدە لۇي نىڭ خوتۇنى شېي زۇلىڭ، غەربى شىمال بىرلەشمە داشۆبىسىدە ئوقۇغان، مەن بىلەن ساۋاقداش بولۇپ «مىللىي ئازاتلىق ئاۋانگارت» ئەترىتىگە قاتناشقان، ئىدىيىسى ئىلغار ئىدى. لۇي گۇگۇپى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قىسمەن سولچى زاتلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلاتتى. 1949-يىلى 20-مارت ئەتراپلىرىدا لۇي گۇگۇپى ئەر-خوتۇن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاندا بىر ئاغىنىسىنىڭ يەر ئاستى پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم دېگەن سوزنى قىلدى. مەن دەل شۇچاغدا يەرئاستى پارتىيىسىنى ئىزدەشنى ئويلاۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچى شەھەرلىك نەنلياڭ تاشيول ئىدارىسىگە بېرىپ ياتاقتىن ئىنژىنېرلى شاگجىژىنى تېپىپ، شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىنى بىللە مۇزاكىرە قىلدۇق، ئاخىرىدا ئۇ مېنىڭ تاۋسىيۇي، لىيۇمىڭچۈنلەرگە خىزمەت ئىشلىشىمنى لىيۇگۇنىڭ جاۋشىگۇاڭغا خىزمەت ئىشلىشىنى تەكلىپ قىلدى. (ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ شۇچاغدا «كورەش جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، 3 قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە پارتىيىگە كىرگەنلىكىنى بىلدىم) لۇي گۇگۇپى قايتقاندىن كېيىن جاۋشىگۇاڭغا خىزمەت ئىشلىگەن ئىدى.

## 5 — ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار ۋە قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشى، بىر مەھەل تېپىچسىز ئۇرۇشلارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئىچكى ئەھۋالنى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بىلەتتى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا تاۋ بىلەن جاۋ قاراشەھەردە ئۇچرۇشۇپ ھەقىقەتكە قايتىشنى مۇزاكىرىلىشىپ قارار قىلغانلىقىنى تاۋجىنچۇ ماڭا ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. چۈنكى بىز شۇچاغدا شەھەر سىرتىدىكى بىر ھويلىدا بىللە تۇراتتۇق، ئەتراپىمىزدا ئادەم يوق، پاراڭلىشىشقا قولايلىق ئىدى. بۇ جەرياندا بىز «تىپچىلىق يولىغا ماڭساق توسالغۇ چوڭ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى كۈچلەر ئىنتايىن كۈچلۈك، مۇبادا دىققەت قىلىنمىسا، ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئىچىدە ئۇرۇش باشلىنىدۇ.» دەپ ھېس قىلاتتۇق.

«ئەگەر قالايمىقانچىلىق تۇغۇلسا، مىللىي ئارمىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىپ، مالىماتاڭ ئۇرۇش پەيدا قىلىدۇ. مىللىي قىرغىنچىلىق، ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.» دەپ قارايتتۇق.

ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئويلىغاندا، تاۋسىيۇي باشقۇرالايدىغان قىسىم ئۇرۇمچىدە: جاڭجىرجۇڭنىڭ جىيەنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان مۇھاپىزەت پولكى، ئۇ ياڭيۈيسەننىڭ مۇھاپىزەت باتالىيونى، ۋېنشىڭچياۋنىڭ 9 - شوبە مەكتىۋى، يەنە لىچۈڭجىڭنىڭ ئاتلىق پولكى، يۈيمىن ئەنشىلەردە تۇرۇشلۇق ماۋشىرۇي پولكى، بارىكولدە تۇرۇشلۇق ۋاڭ چىۋەنزې پولكى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق يۈەنفىڭئىن پولكى، ماپىڭلىن بىرىگادىسى، ما بىلەن جاۋشىڭۋاڭنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇپ جاۋبىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى مۇمكىن، شۇڭا قەشقەردە مەسىلە چوڭ ئەمەس ئىدى.

ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارنىڭ كۈچى ئۇرۇش قىسىملىرى ئىچىدە ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئەمما ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرى ئىشەنچلىك ئىدى ھەربىي تەمىنات ئىدارە باشلىقى خې جياجۇن جاڭ،تاۋلارنىڭ باۋدىڭ ھەربىي مەكتىۋىدىكى ساۋاقدىشى، جاڭ پىلەن بىر



يۇرتلۇق بولۇپ مۇناسىۋەتتە بەك ياخشى ئىدى. 1947 - يىلى سۇڭ شىلىيەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جۇيجاڭلىق خىزمىتى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. 1948 يىلى تاۋسىيۇي ئىككىنچى قېتىم قوماندان بولۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى. شۇڭا ئۇ «جياڭجيېشىنىڭ پۇشتىلىرى»غا قارشى ئىدى. ئۇ ئاساسى جەھەتتىن 2 ئاپتوموبىل پولكى، بىر مۇستەقىل ئاپتوموبىل باتالىيونى، شۇنىڭدەك ھارۋا پولكى (ۋەن ماتۇەن) ۋە باشقا قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىگەللەپ تۇراتتى. بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىمىزغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. كېيىن ئۇزىنىڭ مۇھىم رولىنى ھەقىقەتەن جارى قىلدۇردى.

گومىنداڭ ئارمىيىسى غەربىي شىمال ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ 8 - تەمىنات رايون سىلىڭى زىڭ جىڭۋۇ خۇنەنلىك بولۇپ، خۇنەن جياڭۋۇتاڭ مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. تاۋسىيۇينىڭ قولىدا كۆپ ئىشلىگەن. قۇرچاق مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى پىڭ مىڭدىمۇ خۇنەنلىك، بۇ ئىككىسىلا تاۋسىيۇي ۋە تاۋجىنچۇلارنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. ئەمما لەنجۇدا تۇراتتى. قورچاق خېشى باش شتاپ سەنمۇجاڭى تاڭ زۇتەن ئىككى تاۋنىڭ خۇنەنلىكى، ئەمما ھەممىسىلا «ئۇششاق گۇرۇھلار»دىن بولۇپ، قولىدا ھەربىي ھوقۇقى يوق بولغاچقا تاۋسىيۇي بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى مۇمكىن ئىدى. قورچاق غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرى باش كاتىپ لىيۇ مىڭچۇننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، جاڭ جىرجۇڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلاتتى. قورچاق گارنىزون 2 - باشقارما (ئاخبارات باشقارمىسى)دىن باشلىقىرى پۇتۇلنەي تاۋسىيۇنى ھىمايە قىلاتتى.

يۇقۇرىدىكى بىر نەچچە تۈركۈم كىشىلەر، ھەقىقەتكە ئوتەلەيدىغان كۈچلەرگە كىرەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ گەرچە تەسىرى بولسىمۇ، ھەربىي كۈچى يوق بولغاچقا ھەقىقەتەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا چوڭ رول ئوينىيالمايتتى.

قاچان ھەقىقەتكە ئوتۇش كېرەك؟ بۇ تېچ بولۇشنىڭ ھالقىلىق مەسىلىسى. ئەگەر لەنجۇ ئازات بولماستىنلا ھەقىقەتكە ئوتسەك، ئىشتىراكچىلارنىڭ سانى ئاز بولىدۇ. ئازاتلىق ئارمىيە ۋاقتىدا شىنجاڭغا كىرەلمەي ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى پەيدا بولۇپ، شىنجاڭ داۋاملىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايتتى. شۇڭا چوڭ ئارمىيە چېگرىدىغا قەدەم باسسا مۇتلەق كوپ ساندىكى كىشىلەر نەگە بېرىشنى تاپالماي قالغان پەيتتە، ھەقىقەتكە قايتىش مۇۋاپىق ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ - يەركەندە ۋەقە تۇغۇلۇپ ھەقىقەتكە ئوتۇشكە پايدىلىق تەسىر كورسەتتى. گومىنداڭنىڭ يەركەن ئەتراپىدا تۇرىۋاتقان قورچاق ئاتلىق 4 - پىرىگادا باشلىقى تاڭجىڭرەن، سىياسىي جەھەتتە جاھىللاردىن ئىدى. ئېھتىمال خوتۇنى ئىشپىيون بولسا كېرەك. بۇ ئىككىسىلا پۇل - مالنى جاندىن ئارتۇق كورىدىغان ئاچكوزلەردىن بولغاچقا، ھەربىيلەرنىڭ مۇئاشىنى بېسىۋېلىپ، ئوزئالدىغا ھايانكەشلىك قىلغانلىقتىن، ئاممىنىڭ غەزىۋى قايناپ تاشقان ئىدى. قەغەز پۇل پاخاللىشىپ مال باھالىرى ئۆچقاندەك ئورلەپ كېتىۋاتقان پەيتتە، ئۇلار يەنىلا ھەربىيلەرنىڭ مۇئاشى پۇلىنى تۇتىۋېلىپ، ئاخىرى «ۋەقە» نى پەيدا قىلدى. يېڭىسارىدا تۇرۇشلۇق خوڭ يادۇڭ پولكى يەركەنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇچاغدا تاڭ جىڭرەن بىلەن خوتۇنى قورقۇپ قىممەتلىك



بايلىقلىرى قاچىلانغان چامادانلىرىنى قۇچاقلاپ بىر ئوڭكۇرگە كىرىۋېلىپ ژىغلاشقان ئىدى. جاۋشىڭۋاڭ، ئوزى يەركەنگە كېلىپ، خوڭ يادۇڭنى قورشاۋنى تارقىتىشقا قايىل قىلدى. خوڭ يادۇڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇ «توپولاڭ» ھەركىتىنى تاۋسىيۇي كوپ سۇرۇشتۇرمىدى.

بۇ ئىشلاردىن قارىغاندا، جاھىللار گۇرۇھى كىشىلەرنىڭ كوڭلىگە ھېچقانچە ياقمايتتى. گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئوپىتسېرلىرى ئېسىيان كوتۇرۇشكە جۇرئەت قىلالاتتى. بىزمۇ جاۋشىڭۋاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىختىدارىنىڭ بارلىغىنى ھېس قىلالاتتۇق.

ئازاتلىق ئارمىيە لەنجۇغا كىرىش ئالدىدا تۇرغاندا، چىڭخەينىڭ يەرلىك پادىشاسى باندىت مابۇفاڭ غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىغىنى بازارغا سالدى.

جاڭ جىڭ جۇڭ تەنپەنگە بېرىپ قايتمىغانلىقتىن، جاڭ جىڭشى ئۇنى «دۇشمەنگە تەسلىم بولۇپ، دولەتكە ئاسىيلىق قىلدى.» دىگەن جىنايەتلەر بىلەن خىزمەتلىرىدىن بوشاتقانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مابۇفاڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ غەربىي شىمال مەھكىمىسىگە باش قوماندان بولدى، شۇئانىلا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى شەرققە يوتكىلىپ لەنجۇغا ياردەم بېرىشكە، بولۇپمۇ ماچىڭشياڭنىڭ قىسىملىرىنى دەرھال شەرققە يوتكەپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىپ ئوزىنىڭ كونا ئۇۋىسى چىڭخەينى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى.

ماچىڭشياڭ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، تاۋسىيۇي بىلەن كورۇشۇپ قىسىملارنى يوتكەشكە ئاپتوموبىل بېرىش، لەنجۇغا تەمىنات ياردەم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى ئوتۈندى.

تاۋسىيۇي تەمنات ئىدارىسىغا ئاپتوموبىل ئاچىرىتىپ بېرىشكە خەت يازماي مۇمكىن بولمىدى. بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقۇچىلاردىن لياڭكېشۇخىي جىياجۇنگە كېلىپ: ماشىنا ئاچىرىتىش بۇيرۇقى، تاۋ ئەپەندىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان بۇيرۇق ئەمەس، ئىجرا قىلىشقا ئانچە ئالدىرىماڭلار» دەپ ئېيتىپ قويدى. خې جىياجۇنمۇ دەرھال: «ئاپتوموبىللار سىرتقا تارقىلىپ كەتسە ۋاقتى كەلگەندە يىغىپ ئالالماي قالساق قانداق قىلىمىز.» دەپ غۇڭشۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزۇپ، لەنجۇ ئازات بولسا ئۇلار ماڭمىز دەپمۇ ماڭالمايدىغان ھالەتكىچە كېچىكتۈردۇق.

بۇ ۋاقىتتا يېچىڭمۇ قىسمىنى يۆتكەپ، لەنجۇغا ياردەم بېرىشنى ئويلاپ، لى جۇڭجېڭنىڭ مۇستەقىل ئاتلىق پولكىنى شەرققە يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. لى جۇڭجېڭ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: «قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىدى. شۇڭا ئۇنى باشلاپ تاۋجىنچۇنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەتكۈزدۇم. تاۋجىنچۇ ئۇنىڭغا: «سەن باش ئىشتاپقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىم پەقەت مېنىڭلا بۇيرۇقۇمنى ئاڭلىشىڭ لازىم، ھازىر سەن ئۆز ئورنىڭنى قوغدىشىڭ كېرەك، مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز، ھېچكىم ساڭا قوماندانلىق قىلالمايدۇ،» دېدى. يېچىڭ شەرققە ئەسكەر يۆتكەش سۈيقەستىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

بىز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسمىنىڭ شەرققە يۆتكۈلۈشكە نېمە ئۈچۈن يول قويمايمىز؟ بولۇپمۇ ماجۇڭشياڭنىڭ مۇنتىزىم ئاتلىق 1-دىۋىزىيىسىدىكى ئىككى بىرىگادا توغرىسىدا مەن بىلەن يولداش تاۋجىنچۇ ئىككىمىز مۇزاكىرىلىشىپ: ما جەمەتىنىڭ



ئەسكەرلىرىنى شەرققە يۆتكىسەك، مابۇفاڭنىڭ لەنجۇ، چىڭخەيلەرنى ساقلاپ قېلىشىغا كۈچ قوشۇلۇپ، لەنجۇ، شىنىڭلەرنىڭ تېز ئازات بولۇشىغا توسالغۇ كۆپىيىدۇ. مابۇفاڭنىڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرى ئەدىۋىنى يېگەندىن كېيىن، ماڭىدىغان ئىككىلا يولى قالىدۇ. بىرىسى شەرقىي شىنجاڭغا چېكىنىش، يەنە بىرسى چىلەنشەن تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆزىنىڭ كونا ئۇۋىسى چىڭخەيگە قايتىش. بىراق ئاتلىق ئەسكەر بولغانلىقتىن، چىلەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈشى قىيىن، شۇڭا خېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىش ئېھتىمالى چوڭ، بۇنداقتا، خېشى، جۇچۈەن ئەترابلىرىدا ياكى شەرقىي شىنجاڭدا غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئازادلىق ئارمىيىسى توساپ تۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى باندىت مابۇفاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخى ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى ياكى تەسلىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا بۇنداق ئەھۋال پەيدا بولىدىغان بولسا، ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ قىسىمنى ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ چىقىرىۋەتسەك، ئۈرۈمچىدىكى جاھىللار گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ ھەقىقەتكە قايتىشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۈرۈمچى، گۈچۈڭلاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتسە، مىللىي ئارمىيە بۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ گۈچۈڭنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچىنى قورشاپ ئالارمۇ؟ بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن ئىدى، پايدا-زىياننى دەڭسەپ باقساق يەنىلا كەتمىگىنى ياخشىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئارقا سەپنى كونترول قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ما جەمەتىنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇختۇتۇپ قويدۇق.

لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش شارائىتى بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدى. تاۋسىيۈي ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق جاھىللارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن يىپ چىڭ، ماچىڭشىياڭ، لۇشۇرىن قاتارلىقلارنى قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئوتەشكە باشلىدى. تاۋ ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپ يېتەكلىگەن بولسىمۇ قىلچىلىك نەتىجە بەرمىدى. تاۋسىيۈي بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ھېچكىمنى قاتناشتۇرماي مەخپىي سوھبەتلەشمەكتە ئىدى ھەتتاكى تاۋجىنچۇنىمۇ قاتناشتۇرمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك، ھەقىقەتكە قايتىش پوزىتسىيىسى ئېنىق بولغاچقا، ئىشنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويسا، يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولماسلىقىدىن قورقاتتى. تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، لىسياڭ كېيىشۇن ئۆيۈمگە كېلىپ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى، سوھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرۇشنى بىز بىرقانچە باشقارما باشلىقلىرىنىڭمۇ مەجلىسكە قاتنىشىپ، ئۇلار بىلەن سوھبەتلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. تاۋجىنچۇ بىزنىڭ پىكىرىمىزنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ يەنىلا بىزنى قاتناشتۇرمىدى. بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتا پىكرىمىز بار ئىدى. كېيىنچە بىلدۇقكى، تاۋسىيۈينىڭ ئېھتىياتچانلىق تەدبىرىنىڭ داۋلىسى بار ئىكەن.

تاۋسىيۈي بۇ جاھىل كاتتىۋاشلار بىلەن ھېرىپ-ئېچىپ تەنپەن قىلىۋاتقان، تىركىشىش پەسەيمىگەن بىر پەيتتە، يىپ چېڭ ماچىڭشىياڭ، لۇشۇرىنلار ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق دىشتاۋى لومەنچىڭدا مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ، تاۋجىنچۇ، لىيۇمىڭچۈن باشچىلىقىدىكى ھەقىقەتكە قايتىشنى قوللىغۇچى غوللۇق ئۇنسۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، تاۋسىيۈينى تۇتۇپ، ئۇنىڭ نامىنى سويى ئىستېمال قىلىپ، بويرۇق چىقىرىپ شىمالىي شىنجاڭنى



تاشلاپ قاراشەھەرگە چېكىنىپ قوغدۇنۇش بىلەن ئارغى بۇلاقتىن ئىبارەت تەبىئىي توساقنى ئالدىنقى مۇداپىئە سېپى قىلىپ، قارشى تۇرماقچى بولۇپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى.

بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتكە قارىتا، بەزىلەر دەرھال ئەپلەپ-سەپلەپ، يۈزئۆرۈشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدەك يېقىندىكى سەنمۇ خۇڭتاۋغا كانىۋايلارنى تەشكىللەپ، تاۋسىيۈينىڭ دۈگمىنىنىڭ سىرتىدىكى تۇرار جايى (مەخپىي سوھبەتلەرمۇ شۇ يەردە ئېلىپ بېرىلاتتى. يىغىندىلا قول سالماقچى بولۇپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق) قاتتىق ساقلاشقا بۇيرۇق بەردى. بىزمۇ دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ مۇداپىئەتنى كۈچەيتىپ، كېچىسى كىيىم بىلەنلا يېتىپ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگۈرۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. ئۇلارنىڭ پىلانى ئىنتايىن قەبىھ، بۇزغۇنچىلىق، دائىرىسى ناھايىتى زور، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ئىدى.

بىر نەچچە ئەكسىيەتچىل كاتتىۋاشلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يىپ چېڭنىڭ ئىدىيىسى جاھىل، باندىت جاڭجىيشىڭگە سادىق بولسىمۇ ئەمما كۈچلۈك لاياقەت ئىگىسى ئەمەس ئىدى. پۇل-مالنى جېنىدىن ئارتۇق سۆيىدىغان نەپسانىيەتچى ئىدى. ھەربى تەمىناتنى قىسىپ بۇ پۇل بىلەن ھايانكەشلىك قىلىپ، ئالتۇن توپلايتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى خاڭجۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىدە «مەكتەپ گۈلى» دەپ ئاتالغان ئىدى. يىپ چېڭ ئۇنى باشقىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئىدى. ماچىڭشىياڭنىڭ بايلىقى تېخىمۇ كۆپ، يېڭى ئالغان خوتۇنى ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى بويىچە ئەڭ چىرايلىق ئوقۇغۇچى ئىدى. لەنجۇ ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئالدىقاچان ئاساسى بايلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چەتئەلگە كەتتى. كونا ئۇۋىسى چىڭخەي قولدىن كەت

كەندىن كېيىن شىنجاڭدا تۇرغۇسى كەلمىدى. لوشۇردىن بىر تويلى-غىنىمىزدىن باشقىچە جاھىل ئۇنسۇر ئىدى. باشتا بىز ئۇنىڭ ھەربىي سوستاۋدىكى ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى بايقىماپتىمىز. كېيىنچەرەك ئۇنىڭ جاھىللارغا پىلان تۈزۈپ يول كورسىتىدىغانلىقىنى، يىپ، مالارنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتىش ئەڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر ھەربىي سوستاۋدىكى ئىشپىيونلار باشلىقى، قورچاق ئۈرۈمچى ساقچى ئىدارە باشلىقى ليۇخەندۇڭ بار ئىدى. ئەمما ھەربىي كۈچى يوق ئىدى. شۇڭا بىز يىپچىڭ، ماچىڭشىياڭلارنى ئاجىز ھەم تەۋرىنىپ تۇرىدىغانلار دەپ تونىدۇق.

يىپچىڭنىڭ مۇئاۋىنى (فۇجۇنجاڭ) قوشۇمچە ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانى-چېن دىفا بولسا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى قارارىنى پۈتتۈرگەن. جېجياڭلىق، بۇرۇن جاڭ جيېشىنىڭ مۇھاپىزەت ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. يىپچىڭ بىلەن ساۋاقداشى، يۇرتداشى، خىزمەتداشى. ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك شەخسىي مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېيىلمەيدىغان سوزلەر بولمايتتى. ئەمما ئۇ «جياڭ جيېشى پوشتىلىرى» ئىچىدە «قىزىل كىشى» ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ شارائىتىدىن قارىغاندا، ئوز ۋاختىدا پەقەتلا مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقلا بولالىغان «ئىخلاسى قايتقان» ئەسكەر دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى. ئۇ جاڭ جىزجۇڭ، تاۋسىيۇيلەرنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. مۇناسىۋەتتىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارغا مايىل بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوڭشاپ پارچىلىنىش پەيدا قىلماسلىقتا كوڭۇلدىكىدەك كىشى ئىدى. يىپ، مالۇلار ھەقىقەتكە قايتمايتتى. ئۇلارنى ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا كوندۇرۇپ، شىنجاڭدىن كەتكۈزگەندىلا، ئاندىن شىنجاڭنى تېچ ئازات قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولاتتى. چېن دىفا بۇچاغدا ئوتتۇرىغا چىقىپ: «نەسىھەتچى» بولىدۇ. شەخسىي پايدا-زىيان مۇناسىۋەتلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ «تەڭلا ھالاك بولۇش»نىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، يىپچىڭنىڭ «ئوزىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش»كە ھەر ئىككىسى تەرەپ زىيانغا ئۇچرايدىغان يولغا ماڭماسلىقتا ئۈندىدى. بۇ تاكتىكىنىڭ دەرۋەقە نەتىجىسى كورۇلۇپ، يىپچىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىشقا ماقۇل بولدى، ماچىڭشىياڭمۇ، يىپچىڭ بىلەن بىللە ھەركەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لوشۇرىن گەرچە ئەڭ جاھىل بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇمۇ غۇلاپ چۈشتى. ئۇلار شەرت قويدى؛ دولەتتىن چىقىش پاسپورتى بېرىش، قوشۇن ئاجرىتىپ دولەت چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇش، ھايات ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەمدە يول راسخوتى بېرىش، ئېلىپ كېتەلمىگەن مال-مۈلۈكلەرنى ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇپ ئالتۇن بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاۋسىيۇي بۇ ۋابائىلاھىنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولدى. مالىيە ئىنىستايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارغا 300 سەر ئالتۇن بەردى، 50 نەپەر ئەسكەر ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ھىندىستانغا بارىدىغان چېگرىغىچە ئۇزۇتۇپ قويدى.

شىنجاڭنىڭ تېچ ئازات بولۇش مەسىلىسى ئاخىرى ھەل قىلىندى. 24-سىنتەبىر تاۋسىيۇي سىرتلاردا تۇرۇشلۇق قورچاق بىرىگادا باشلىقلىرىنى چاقىرتىۋېلىپ يىغىن ئاچتى. ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ داۋلىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. ھەمدە ھەقىقەتكە

قايتىش تېلېگراممىسىنىڭ لايىھەسىنى كورسۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمزا قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ھەممىسى قول قويدى. 25-سېنتەبىر شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولغانلىقىنى جاكالاندى.

### 6 — ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدى كەينىدىكى بەزىبىر مۇھىم ئىشلار

ھەقىقەتكە ئايتىشتىن ئىلگىرى قورچاق 8-تەمىنات باشقۇمانىدانى زېڭ جىڭۋۇ شىنجاڭغا كېلىپ، تاۋسىيۇيدىن؛ ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ غەربى-شىنجاڭغا ئارمىيە كىرگۈزۈش مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرۇلۇق يولىيورۇق سورىدى. تاۋسىيۇي ئۇنىڭغا «شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئوتۇشنى قارار ئىلدى. سابىق قورچاق مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى پېڭ مىڭدىڭ ۋە ھەقىقەتكە ئوتۇشنى خالايدىغان ئوپىتسىرلەر بىلەن بىرگە، خېشى باش شىتاپ سەنمۇجاڭى تاڭ زوتەن بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتكە ئوتىسەڭلەر بولىدۇ» دېدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جاڭ، تاۋلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر ۋە ئاغىينىلىرى ئىدى.

شۇڭا، ناھايىتى ئوڭايلا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن جىيۇچۇەن ھەقىقەتكە قايتتى.

ئازاتلىق ھارپىسىدا پارتىيە مەركىزى كومىتېتى يولداش دېڭلىچۈننى ئەۋەتتى. دېڭلىچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق مەخپى كېلىپ ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

لىيەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىر تۈركۈم



ئىشپىيونى ۋە جاھىل ئۇنسۇرلىرى مەخپى ھالدا شىنجاڭغا قېچىپ كېلىشتى، قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن كوپىنچىسى تۇرۇپ، قارا شەھەر ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ، بىر قىسىملىرى يېچېڭلار بىلەن بىرلىشىپ چەتكە چىقىپ كەتتى، بىر قىسىملىرى ئوز ئالدىغا قاچتى. ئۇلار يول بويى ئىشپىيونلار ئەكسىيەتچىل ئوفىتسىرلارنى ئاسلىق قىلىشقا قۇتۇراتتى. شۇڭا، ئالدى بىلەن قومۇلدا خائىن ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى پەيدا بولدى. ئەسلىدە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ نەچچە ئايلىق مۇئاشلىرى تارقىتىلمىغان ئىدى. نۇرغۇن سۇزلۇشۇشلەر ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتىش ۋاقتىدا، قۇمۇلغا بىر قېتىم ئالتۇن يوتكەپ كېلىپ قورچاق مەركىزى بانكىدا ساقلىنىۋاتقان ئىدى.

بۇ ئالتۇننى تۇپۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتتى. بۇ ۋەقە يالغۇزلا ئىقتىسادى خاراكتېرلىق بولماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرىدا ئىدى.

بۇ ۋەقىدە تۇپىلاڭ گەرچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تۇخسۇن، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۇرسۇتۇپ ئۇيەردە بۇلاڭ-تالاڭ ئىشلىرى پەيدا بولدى. ھەتتاكى ئۇرۇمچىدىمۇ قالايمىقانچىلىقلار يۈزبەردى. شىنجاڭنىڭ مەركىزىگە بولغان كونتروللۇقنى كۇچەيتىش ئۇچۇن، ۋېي شىڭچىياۋنى شەھەر مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. كېچىلىرى بىزمۇ پوستقا چىقىپ، چوڭ ۋەقە تۇغدۇرمىدۇق. 27-سېنتەبىر تاڭ سەھەر، قورچاق 128-بىرىگادا مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ئات-ئۇلاق ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېڭ جۇن تۇيۇقسىز مىنى ئىزدەپ كېلىپتۇ. ئۇنىڭ كەيپى جىددىيلەشكەن ئىدى. كېلىپلا: «چوڭ زۇيىڭ قاچتى!» دېدى.

ئەسلىدە جۇڭ، 24-سىنتەبىر كۈندىكى يىغىندا ھەقىقەتكە ئۇتتۇشنى
قولىلغان، ھەمدە تېلگىراممىغا قول قويغان ئىدى. يىغىندىن كېيىن
تاۋسىيۇي قاراشەھەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ، قاراشەھەر دەريا-
سىدىكى كوۋرۇكنىڭ ئۈزۈن يىللاردىن بۇيان رەمونتسىز قالغانلىق-
ىنى، بۇنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ يۈرۈش قىلىشىغا تەسىر-
يەتكۈزىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆۋرۈكنى رەمونت قىلىشقا 3-
مىڭسەر كۈمۈش بەردى. ئۇ قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى
ۋە نەق پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ، جىپ ماشىنا بىلەن يې، ما، لولارنى
قوغلاپ يېتىپ، بىر لىكتە چەتكە چىقىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى چىڭجۇن
قارا ماشىندا كېچىچە مېڭىپ، دوكلات قىلغىلى كەلگەن ئىكەن.
مەن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال تاۋجىنچۇنى ئۈيگە
تۇپ مەلۇم قىلدىم. ئۇ چىڭ جۇنگە يولىيورۇق بېرىپ: «سەن 138-
بىرىگادىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى سۈپىتىدە دەرھال قاراشەھەرگە قاي-
تىپ ئامانلىقنى ساقلاپ، ھەرقانداق قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق-
قا كاپالەتلىك قىلىڭلار!» دەپ ھەتتا تاماق يەۋېلىشىقىمۇ توختات-
ماي قاراشەھەرگە ماڭدۇرۇۋەتتى. بىز تاۋسىيۇنىڭ ئۈيىگە بېرىپ
بۇ ۋەقەنى دوكلات قىلدۇق. ھەمدە: «جۇڭ زۈيىڭ ئۆز ئالدىغا 3 مىڭ-
سەر كۈمۈشنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنى يې، چېڭلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن سې-
لىشتۇرغىلى بولمايدۇ. قەشقەرگە تېلگىرامما ئېۋەتىپ، تۇتۇشقا رۇخسەت
قىلىسىڭىز» دەپ سورىدۇق. تاۋسىيۇي ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:
«ھاجەت ئەمەس،» دېدى. مەن شۇۋاقىتتا ئۇنى جوڭ زۈيىڭنى ئاياۋا-
تىدو دەپ تونۇغان ئىدىم. كېيىنچە قارىسام ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى توغرا
ئىكەن. چۈنكى ئۇنى تۇتۇۋالساق يې، ما، لولارنىڭ قارشىلىقىنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىپ چوڭ مەسىلە تۇغۇلاكەندۇق.



شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغاندىن كېيىن، ليۇ جىنشى قوماندان
ۋاڭ جېڭنىڭ شىنجاڭغا ئالدىن ئەۋەتكەن كىشىسى بولۇپ كېلىپ
ئالاقە ئورناتتى. بۇ كىشى خۇنەنلىك، تاۋجىنچۇ بىلەن قويۇق مۇنا-
سىۋىتى بار بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، تاۋنىڭ ئۆيىدە
تۇردى. شۇچاغدىكى مۇزاكىرىنىڭ مۇھىم نۇختىسى ئازاتلىق ئارمىيىسى-
نىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش مەسىلىسى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن
كېيىن مەن بىلەن ليۇجىنشى ئىككىمىز بىللە بولدۇق. مەن ئۇنىڭ-
غا شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۇتتۇشى بولۇپمۇ تاۋنىڭ بىر قىسىم
ئەكسىيەتچى ئوپىتسىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللىيەلمەيدىغانلىقىنى
ئېيتىپ ئەڭ ئاخىرىدا: «شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۇتتۇشىنى، ناھا-
يىتى ئاز ساندىكى يۇقۇرى قاتلام ئەرباپلار قوزغىدى. تۆۋەندىن-
كىلەر ئالدىن بىلمىگەچكە ئاساسىمىز يوق ئىدى. بىر كېچىدە بولغان
ئۆيۈقسىز ئۆزگۈرۈشتىن بەزى كىشىلەر گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بەزى ئوپىتسىرلار تاۋئەپەندىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، بۇخىل ئەھۋالنى
يۇقىرى بىلەمدۇ؟» دېدىم ليۇ: «ئېھتىمال بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ
بەردى. مەن داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇخىل ئەھۋال ئاستىدا، ئەلۋەتتە
ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېز شىنجاڭغا كىرىشىنى، يولبۇيى ئوبدان دىق-
قەت قىلىشى كېرەك. سىز تېلگىراممىدا يوللىۋەتسىڭىز.» دېدىم دە-
دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن جىيۇ-
چۈەننى چاقىردىم. ئۇ مەن سۆزلىگەن نۇختىلار بويىچە بىرىنچى بىڭ-
تۈەن باشلىقىغا دوكلات قىلدى. تېلېفون ئالغۇچى ۋاڭ جېڭمۇ ياكى-
جاڭشىچىن سەنمۇجاڭمۇ؟ ئېسىمدە قالماپتۇ 24-سىنتەبىر يىغىندا
قاتناشقان قورچاق بىرىگادا باشلىقلىرىدىن بەزىلىرى ھەقىقەتكە قا-
تنىشىنى چىن كوڭلىدىن خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا يې، ما، لو،

قاتارلىق ئاساسىي ئەكسىيەتچى كاتتىۋاشلار ئەسكىرى ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ چەتكە قاچتى. بىز ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىۋالدۇق. شۇڭا ئۇلار يىغىنىدا ئەلۋەتتە قارشىلىق قىلالمايتتى. ھەرقايسى بىرىگادىلار يەككە-يېگانە بوستانلىقلاردا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسلانغاندا يەنىلا ھېچنېمە قىلالمايتتى. لېكىن جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ مەيدانىنى ئۆزگەرتىش تەس ئىدى. لى زوتاڭ، تاڭ جىگرون تىيەنزىمىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا باستۇرۇپ تاشلاندى.

ھەقىقەتكە قايتىش جاكالانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇپۇلاڭ چىقىرىپ، ھەقىقەتكە قايتىش مېۋىلىرىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئامانلىق قوغدالغاندىن تاشقىرى، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزكېلىپ ھەرقايسى نۇختىلارغا ئورۇنلۇشۇشىنى ئۈمىت قىلاتتۇق. شۇڭا قوشۇنلارنى يۆتكەپ تەمىنات غەملىۋېلىش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. يەن شىگىن قاتارلىق يوللاشلار ئالدىن شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. تاۋسىيۇي قورچاق باش شىتابىنىڭ باشقارما باشلىقلىرىدىن خۇاڭ جۇنلۇن، دۇلىنسەن قاتارلىقلارنى چىقىرىپ ئايرۇپىلان، ئاۋتوموبىللارنى تەشكىللەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قوشۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋالدى، ئەمما قاتناش قوراللىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن نۇرغۇن يولداشلار ھېرىپ-ئېچىشقا قارىماي پىيادە مېڭىپ جاپا چەكتى. پولكوۋنىك خۇجيەننىڭ بىرونىۋىك ئەسكەرلەر پولكى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ ئورۇنلۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى ئەمەلىلەشتى.

书号：M11098·82
定价： 0.53 元
（内部发行）